

AltunOq







# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
پەسىللىك ژۇرنىلى

9-يىل نەشرى

ئومۇمىي 23-سان

1988

Altunoq

# بۇلاق

1988-يىل 2-سان

## بۇ سانىدا

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

لەيلى ۋە مەجنۇن (داۋامى)........................................ موللا پازىل 5
دىۋانى ناقىس (داۋامى) ........................... موللا سابىر بىننى ئابدۇلقادىر 49
نەشرگە تەييارلىغۇچى: توختى تۇراخۇن
مېۋىلەر ۋەسفى..........................................ئەخمەتشا قارىقاشى 129
نەشرگە تەييارلىغۇچى: غۇجەخمەت يۇنۇس

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

ھاپىز خارەزمى دىۋانىدىن ..................................... ئابدۇرېھىم ھاپىز 135
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: توختىنىياز قۇربان، ئابدۇللا مەھەممەتئىمىن

### مەشھۇر كلاسسىكلار

شائىر ئەخمەتشا قارىقاشى.................................................. 161
ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر نىزامى گەنجەۋىي ........... ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 163

### مەشھۇر ئەسەرلەر

ھاپىز خارەزمى ۋە ئۇنىڭ دىۋانى توغرىسىدا ................................ 169

### ئەدەبىي مۇھاكىمە

مۇھەممەت سادىق قەشقەرىينىڭ ئەخلاقىي - دىداكتىك مىراسى...... ئى. سەيدۇللايىۋ 172
تەييارلىغۇچى: رازىيە ئىمىن

## ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن ............ 176
تۈپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇللا مەجنۇن
لەتىپىلەر ............ 180
نەشىرگە تەييارلىغۇچى: ئوسمان ھەسەن
رىۋايەتلەر ............ 184
تۈپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇكېرىم راخمان
چاغاتايچە لۇغەت ............ 191
تۈزگۈچى: غەنىزات غەيۇرانى، ئىسمايىل قادىرى


رەسسام: مەھەممەت ئايۇپ، ئابلىمىت ئابلىز.
نەققاش ۋە خەتتات: نىياز كېرىم، تۇردى قادىر نازىرى.
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ليۇپېيچىڭ.

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: «مەشرەب شېئىرىيىتىدىن» ناملىق كىتابچىغا بېرىلگەن قىستۇرما سۈرەت.
رەسسام: پ. ۋورونكىن.
1979 - يىلى تاشكەنتتە نەشىر قىلىنغان يۇقىرىقى كىتابچىدىن ئېلىندى.
2-بېتىدە: ئالتۇن ھەل بېرىلگەن تورسىمان تۆمۈر تاج، قىلىچ (XV—XVII ئەسىر). قىممەتباھالىق مەرۋايىتلار بىلەن زىننەتلەنگەن خەنجەرلەر، قاشتېشى ۋە خرۇستالدىن ياسالغان دەستىلەر (مەركىزىي ھىندىستان XVIII ئەسىر).
3 - بېتىدە: كىتاب مۇقاۋىسى. (رەڭلىك سىزما نەقىش). (XVII—XVIII ئەسىرلەرگە ئائىت). يۇقىرىقىلار «ھىندىستان بەدىئىي سەنئەت يادىكارلىقلىرى» ناملىق توپلامدىن ئېلىندى.
4 - بېتىدە: ئوردىدىكى بەزمە.
1979 - يىلى ئىستانبولدا نەشىر قىلىنغان «ئىسلام رەسىملىرىدىن پارچىلار» ناملىق توپلامدىن ئېلىندى.


باش مۇھەررىر: ئابدۇۋېلى خەلپەت.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن.
مۇھەررىرلەر: نىجات مۇخلىس، مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن.



موللا پازىل

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

**خۇشتانج قېرى بارىپ لەيلىنىڭ ئاناسىغە شىكايەت قىلغانى**

بۇ خۇشتانج جابدۇقىنى ئەيلەدى چۇست،
بەنى ئۇزرا سارى بەل باغلادى رۇست.
سەراقەنىڭ ئۆيىگە ئەزم قىلدى،
بارىپ ئايتۇر سۇزىنى جەزم قىلدى.
يېتىشتى لەيلىنىڭكى مەنزىلىغە،
كى گويا باغ ئارا سەرۋى سىھىغە.
بۇ كەلگەندىن بولۇپ لەيلى خەبەردار،
بولۇپ لەيلىگە گويا سەيرى بازار.
رەۋان يۈگرۈپ چىقىپ ئول شاھى خۇبان
پۇتى پۇتىغە تەگمەي بولدى پەرران.
كۆرۈپ خۇشتانجىنى خۇشھال بولدى،
گەدا گوياكى مالامال بولدى.
كى ئالدىغە كېلىپ تەئزىم ئەيلەپ،
نەۋا بىرلە تۈمەن تەكرىم ① ئەيلەپ.
سۆيۈپ قويدى بۇ دەللە ئول پەرىنى،
كىيگۇرمە ئۆيۈگە دەللە قەرىنى.
بۇ بىچارە نە بىلسۇن نە ئىشى بار،
كى ياخشىيۇ يامان نە قىلمىشى بار.

خوجەستە ھەم قوپۇپ ئالدىغە چىقتى،
كى گويا ماھى تابان كۆككە چىقتى.
كۆرۈشتىلەر كېلىپ بۇ ئىككى دەللە،
بۇ دەللەلەر ئىشى بۇزماقدۇ پەللە.
نەۋازىش ئەيلەبان بىر-بىرلەرىگە،
تەۋازۇئلار قىلىپ بىر-بىرلەرىگە.
زەمانى ئېتۇر ئېردى غەمۇ دىلشاد،
قەفەسدىن تۇتى، بۇلبۇل بولدى ئازاد.
كى لەيلىنى چىقاردى تاشقارىغە،
بولۇپ كەڭرى جەھان بۇ تاشقارىغە.
كى باشلادى بۇ لەيلى قىسسەسىنى،
بۇ قەيس ئىلە ئانىڭ غەم-غۇسسەسىنى.
نە سۆزلەركىم ئۆتۈپ ئېردى ئايىتتى،
خوجەستە زېھنىنى ئولدەم كايىتتى.
تىزىپ مۇنچاقنى يىپغە ئالغان ئېردى،
تۆكۈپ بار سۆز كۆڭۈلگە تەرگەن ئېردى.
خوجەستەنى كۆرۈڭ ھەسرەت ئىلىكى،
يىراق تاشلاپ ئالىپ چىقتى تىلىكى.

---

① بۇ سۆز ئەسلى قول يازمىدا «تىنكرىم» شەكلىدە يېزىلىپ قالغان. مەنە ئېتىبارى بىلەن «تەكرىم» دەپ ئېلىندى.

AltunOq

چىرايىنى تۇتۇپ① بولدى پەرىشان،
تاراقلار ئېردى گويا ئەبر باران.
كى قىڭراق بىر ئوق تاشقە بۇلەدى،
دېدى نە سۆزنىكىم كۆڭلى تىلەدى.
خوجەستە جانىغە تەگدى بىرئوق ئوق،
بۇ ئالەمدىن گەھى بار بولدى گەھ يوق.
دېدى: «بۇ گىيسۇ بۇرىدە نە قىلدى،
بەنى ئامىر ئارا تىلسىز قىلدى.
مۇنىڭدىن ئانداغ ئېردىمۇ ئۇمىدلەر،
كۆپ ئېردى ياخشىلىقدىن ئېئتەمىدلەر.
قاچان بىلدىم بۇ يەڭلىغ بولغانىنى،
ئانىڭ سۆزى جەھانغە تولغانىنى.
بۇ ئىشلاردىن ئەگەر بىلسە ئاتاسى ②،
كى ئۆلتۈرمەسكە ھىچ يوقتۇر خەتاسى.
بۇ لەيلىغە جەھان مەن راست ئەيلەي،
كى مىھر قەيسىدىن بىخاست ئەيلەي.
ئاتاماسۇن بۇ قەيس ئاتىنى ھەرگىز،
ۋەگەر نە ئەيلەرەم ئالەمدە ناچىز.
كىشى سورسە جەۋابىغە نە دۇگۇم،
تىرىكلايمەن كەفەن تونىنى كىيگۇم.
بولۇپ تىلسىز پاقادەك گۇڭگۇ ھەم لال،
خەلايىق ئىچرە بولغۇم قارى دەللال».

## خۇشتانىج قەرىدىن لەيلى ئاناسى ئىشىتىپ لەيلىگە ئېئتىراز قىلغانى

«كى بولمىشسەن ئۆزۈڭ ئىشىڭغە مەغرۇر،
قىبرىغاندا قىلىپ بىزلەرنى مەھجۇر.
سەن ئاندا قەيس بىرلە يار - دەمساز،
قىلىپ گوياكى شەھباز بىرلە پەرۋاز.
ئەگەر كىرگەن ئېسە ئەرنىڭ خەيالى،
ئەگەر بولغان ئېسە ئەرنىڭ فەئالى.
ئايتىغىل ھەر خەيال ئولسە كۆڭۈلدە،
ئانى مەن كىزلەيىن جانۇ كۆڭۈلدە.
ئانىڭ فىكرىن قىلايىن ئەي قۇلۇنۇم،
بۇ ئالەم ئىچرە سەنسەن ئاي تولۇنۇم».

## لەيلى ئاناسىدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ بىتاقەت بولۇپ ئاناسىغە سۆز ئاغاز قىلغانى

بىرئوق لەيلى بۇ سۆزلەرنى ئىشىتتى،
ئاياغىدىن باشىغە ئوت تۇتاشتى.
بىرئوق فەرياد بىرلە ئۇردى بىر ئاھ،
تۇتاشتى ئوت جەھانغە ماھ تاماھ.
بىرئوقكىم قەھرىدىن ئۇلاشتى تىترەك،
جەھان تىترەر ئىدى گوياكى بەزگەك.
كۆزى ئالجۇڭۇ مەلجۇڭ بولدى كەتتى،
كى گويا قابىزۇلئەرۋاھ يەتتى.
بۇ گۇلگۇن چېھرەسى چۇن بولدى كاھى،
خۇدادىن ئۆزگە يوق ئېردى پەناھى.
يەقاسىن يىرتىبان ئول پارە - پارە،
ئۇرۇبان كۆكسىگە چۇن سەڭگى خارە.
ئەلىف قەد ئېردى ئول بولدى خەمىدە،
بۇ ھاللارغە قالىپ مەجنۇن غەمىدە.
ئىچى قاينار ئىدى جۇۋۇندەك جۇشان،
قارا كاكۇل كەبى بولدى پەرىشان.
دېدى: «ئەي دەللە، سەن كاپكىيۇ ۋەسۋاس،
ساڭا جىن ئۇلاشىپ بولدۇڭمۇ خەنناس.

① بۇ سۆز ئەسلى قول يازمىدا «تىواوپ» دەپ يېزىلغان بولۇپ، مەنە ئېتىبارى بىلەن «تۇتۇپ» دەپ ئېلىندى.

② ئەسلى قول يازمىدا «ئاناسى» دەپ يېزىلغان بولۇپ، مەنە ئېتىبارى بىلەن «ئاتاسى» دەپ ئېلىندى.

بۇ يەڭلىغ سۆزلەنى كىمدىن ئىشىتتىڭ،
ئەجەب تۇرفە بۇ جانىمنى كايىتتىڭ.
ئايىتتىمۇ ساڭا دەللە قەرىلەر،
ۋەيا ئۇلاشتىمۇ دېۋۇ پەرىلەر.
ۋەيا نىش ئۇرغاسەن بىر دىل خۇشىڭنى،
ۋەيا ئۆرمەيمۇسەن كۆرگەن تۇشۇڭنى.
ۋەيا كۆردۈڭمۇسەن فالۇ باقىڭدىن،
نە تاپتىڭ مېنى بۇ رەڭگى چاقىڭدىن.
ھەياسىز، شەرمسىز دەللە قەرىسەن،
چاقىمچىلار ئارا سارىغ ھەرىسەن.
كى بىچارە ئېرۇرمەن نارەسىدە،
ۋەبال ئولسۇن ساڭا قەددى خەمىدە.
كى بىھۇدە مېنىڭ زېھنىم كايىتساڭ،
خۇدا باردۇر ساڭا سۆزلەر ئايىتساڭ.
مېنىڭ كۆڭلۈم خۇدانىڭ ئۆيى ئېردى،
نە ئۆيىكىم بەلكى ياخشى كويى ئېردى».
ئەجەب ھالەت بىلە ئول سەرۋ دىلجوي،
قاۋارىپ، تاتارىپ ئول بولدى بەد موي.
«مېنىڭ جانىم نە ئىشقە رىش قىلدىڭ،
تەنىمنى نىش ئۆزرە نىش قىلدىڭ.
ۋەبالىم بويىنۇڭغە ئەي دەللەئى شۇم،
ئېرۇرسەن قۇشدە گويا ئاجىزى بوم.
يامانلىق ئوتىنى جانىمغە ياقتىڭ،
مېنى مارۇ چاياندەك تۇرفە چاقتىڭ.
كىشىگە نەفئى يەتمەس ئەر قولۇڭدىن،
زىيانى تەگمەگەي بارى تىلىڭدىن.
كى سەندىن، ئەي ئانا، بىر سۆز سورارمەن،
جەۋابىنى ئايىتساڭ مەن تىنارمەن.
بۇ بەيتۇللاھنى بىھۇدە بۇزدۇڭ،
ۋەيا مۇسھەفنى سەن بىر ئوتغە ئۇردۇڭ.
ئەگەر كەلسە قولۇڭدىن شاد قىلغىل،
بۇزۇلسە ھەم كۆڭۈل ئاباد قىلغىل.
بۇ سۆزلەردىن ماڭا كۆپ دەرد بولدى،
بۇ گۇلگۇن چېھرەگە ھەم زەرد بولدى.
سۇئالىم بۇ ئېرۇر، ئەي مېھر ئەفرۇز،
مېنى ساقلار ئىدىڭ ئالەمدە فىرۇز.

بۇ كۈن مۇنداغ بۇ سۆزلەرنى ئايىتتىڭ،
نە ياخشىيۇ يامان سۆزلەر كايىتتىڭ.
ماڭا بەرگىل ئانا ياخشى بىشارەت،
كۆڭۈلدىن نىست بولسۇن بۇ ھەرارەت.
سېنىڭ بۇ سۆزلەرىڭدىن بىر سۆز ئۆتتى،
كى كۆزلەر ئىچرە گەۋھەردىن كۆز ئۆتتى.
نە ياخشى سۆز ئېرۇر بۇ ئىشق دېگەن،
نېچۈك جانۋار ئېرۇر بۇ ئوتنى يېگەن.
بۇ بىر دارۇ ئېرۇر ياندۇرغان ئاتەش،
جەۋاھىرمۇ ئېرۇر يا ئىچىدىن تاش.
نېچۈك ئاغرىق ئېرۇر بۇ دارۇ يېگەن،
نېچۈك نەرسە ئېرۇر بۇ ئىشق دېگەن.
گۇلىستان ئىچرە گۇلدەستە نە گۇلدۇر،
ھۇبۇتات ئىچرە ئول بىر تۇرفە مۇلدۇر.
نە ياخشى سۆز ئىكەن سۆزلەر ئاراسى،
ئىكەن جانلار كەبى تەنلەر ئاراسى.
كايىتماغىل مېنى ئىش نە ئىشدۇر،
بېرىشمۇدۇر كىشىگە يا ئالىشدۇر.
كى بىر گۇلمۇ ئېرۇر ئول باغ ئىچرە،
ۋەيا بىركان ئېرۇرمۇ ئول تاغ ئىچرە.
ئوچۇغلۇقدا مۇدۇر ئانداغ نېمەرسە،
بەنى ئادەمدەمۇ مۇنداغ نېمەرسە.
بۇ ئاشىق-مەئشۇقى دېگەن نە ئېرۇر،
كىشىنىڭ ئوتىدا كۆيگەن نە ئېرۇر.
ماڭا ئۆرگەتكىلۇ قىلمە مېنى زار،
مېنى سەن ئەيلەگىل ئاندىن خەبەردار.
گۇلىستان ئىچرە گۇل ئېرسە نە گۇندۇر،
ھۇبۇتات ئىچرە ئول بىر تۇرفە گۇلدۇر.
ئانا بىلگەنىنى قىز ھەم بىلسە ياخشى،
ئانا قىلغانىنى قىز ھەم قىلسە ياخشى.
قىزىنىڭ خوبلۇقى بولغاي ئانادىن،
ئىلىكلارىڭ ئولۇر ياخشى ھىنادىن.
نېچۈك سۆزدۇر بۇ سۆزنى راست ئايغىل،
دېگۈڭ يوق بولسە ھەم پىنخاست ئايغىل.
خۇدانى دەرمىيان قىلدىم ئارادا،
يامانۇ ياخشىلىق بولغاي ئارادا».

## خوجەستە بۆ سۆزلەرنى ئەيتقانىغە پۆشەيمان قىلغانى

بۆ سۆزلەردىن خۆجەستە قالدى ھەيران،
دېگەن سۆزلەردىن ئول بولدى پۆشەيمان.
كۆزىنىڭ ياشىنى ھەرگىز تىيالماي،
بۆ لەيلىغە جەۋابىن ئايىتايالماي.
يۆپاتتى ئۆزگە سۆزلەرگە خوجەستە،
بۆ سۆزدىن ئەيلەدى ئۆزنى شىكەستە.
دېدى: «ئەي نۆر دىيدەم تەندە جانىم،
نە جاندىن بەلكى جانىم مېھرىبانىم.
قاراڭغۆ تۆن ئاراسى رەۋشەنىم سەن،
جەھان باغى ئاراقى گۆلشەنىم سەن.
بۆ تەن مۆلكى ئارا سەن پادىشاھىم،
كەۋاكىبلار ئارا خۆرشىدۆ ماھىم.
ئويۆن قىلدىم ساڭا مەن ئەي ئەزىزىم،
جەھان ئىچرەكى شاھى باتەمىزىم.
كېلىبان ئاچچىغىڭ بادى خەزاندەك،
چىرايىڭ سارغارىپ بەرگى خەزاندەك.
مۆبادا كەلدى بىر سۆز خاتىرىمغە،
كەتۆرۆپ باتىنىمدىن زاھىرىمغە.
ئويۆن قىلغانلارىمنى بىلمەدىڭ سەن،
سېنىڭ ئۆچۆن فىدا قىلغۆم جانىم مەن.
چىرايىڭنى تۆكۆپ چۆن غۆنچەئى گۆل،
تۆكۆپ كۆز ياشىنى چۆن گۆل ئۆزە مۆل.
كى ياشىڭ بولدى كۆزدىن دۆررى غەلتان،
گەھى قان ياش تۆكۆپ گەھ لەئل مەرجان.
مەزاقىمغە سېنىڭكى كەلدى قەھرىڭ،
باقىپ باشىڭغە قەھرىڭ بەلكى زەھرىڭ.
نە بولدۆڭكىم بۆ يەڭلىغلەر بولۆرسەن،
ئۆزۆڭدىنكى كېتىپ گاھى كېلۆرسەن.
ئانا دېگەن قىزىغە سۆزلەمەسمۆ،
يامان ئىشدىن ئانى ئول كىزلەمەسمۆ.
سېنىڭ ياخشىلىقىڭغە سۆزلەر ئېردىم،
سېنىڭ ئاخىرلىقىڭنى كۆزلەر ئېردىم.
يامانلىقدىن سېنى مەن مەنئ ئېتەرمەن،
ساچىلغان خاتىرىڭنى جەمئ ئېتەرمەن.
بولۆر قىزلاردا ھەم ئەندەك ھىجابى،
ئۆياتماي سەن ماڭا قىلدىڭ جەۋابى.
تىلى تاتلىغ بولۆر بوينى تۆبەنرەك،
ساڭا مۆنچە ئاچىغلار نېگە كېرەك.
گەھال ئولسە زەئفلەر تىلى كۆزى،
ئاڭا يەتمەس يامانۆ ياخشى سۆزى.
ئاياغىيۆ قولى يىلدام بولغاي،
ئانىڭ ياخشى سۆزى ئالەمگە تولغاي.
ئەگەر مۆنداغ بولۆر بولساڭ ئۆزۆڭ بىل،
يامانۆ ياخشى فىكرىڭنى ئۆزۆڭ قىل.
ئۆ مەكتەب سارىغە سەن ئەمدى بارمە،
بۆ مەكتەب يولىدە بىھۆدە ھارمە.
ئوقۆماي ئاندە بىھۆدە يۆرۆپسەن،
ماڭا بەدنام قىلماقغە تۆرۆپسەن،
ماڭا يالغۆز ئەمەس بەدنام ئاتاڭغە،
ئىشىتكەنلەر دېگەي لەئنەت ئاناڭغە.
يىغى زارى بىلە قىلدىڭ ماڭا دام،
بارىپ لەۋھۆڭنى كەلتۆرگىل سەرەنجام.
ئوقۆماقنى قويۆپ يىگنە ئىشى قىل،
ئۆيۆمدە ئولتۆرۆپ قىزلار ئىشى قىل».
بىرئوق لەيلى ئىشىتتى بۆ سۆزىنى،
بولۆپ ھەيران تىكىپ ئىككى كۆزىنى.
چىرايى ئۆڭدى باغرى بولدى بەريان،
قارالىقلار كەبى بولدى پەرىشان.
دەر ئېردى، بىر پىچاق ئۆرسا يۆرەككە،
ياقاسىن چاك قىلسە تا ئېتەككە.
كى ئورنىدىن قوپۆبان ئۆردى بىر ئاھ،
بىر ئوت كەتتى جەھانغە ماھ تاماھ.

تۇتاشتى ئوت بۇلۇتلارغە ئوشۇلدەم،
قارارىپ، سارغارىپ ئاي بولدى ھەمدەم.
كۆيۈپ ئوت لەيلى جانىغە بولۇپ كۆل،
ھەم ئولدەم بولدى بۇلبۇل رەڭگى چۈن گۈل.
بۇ ھالەتلەر بولۇپ چۈن ئەبر گىريان،
ئوچۇق ئالەم ئىدىيۇ بولدى بەريان ①.
قاراڭغۇلۇق يېقىلدى ئالەم ئىچرە،
جىنۇ دىۋە، شەياتىن، ئادەم ئىچرە.
گۈلىستاندا بولۇبان غۇنچە دىلتەڭ،
سەداغە كەلدىلەر قانۇن ئىلە چەڭ.
كى تۇتى ئول زەمان كىردى قەفەسكە،
ساتىپ مىڭ ئۆمرىنى ئول بىر نەفەسكە.
ھۇماي ئەتتى ئۆزىنىڭ مەنزىلىن تاغ،
تۈشۈبان لالە گۈلغە داغ ئۈزە داغ.
كىرىبان لەئل پارە كان ئاراسى،
بۇ لەيلىگە ئورۇندۇر جان ئاراسى.
كى دۇردانە ئۆزىن سالدى سەدەفكە،
بارى ئالەم قويۇپ جانىن ھەدەفكە.
چىقىپ نەززارەگە كۆكدىن كەۋاكىب،
چۈنانكىم لەيلىگە بولدىلەر تالىپ،
يەڭى بىرلە ئەرىتىپ يۈز كۆزىنى،
گەھى جانى بىلە ئىشىتىپ سۆزىنى.
گەھى دەر ئېردى: «ئەي خانىم قەرىنداش،
ئۆرۈرسەن يالغۇزۇم يار-يولداش.
جىگەر پارەم ئېرۇرسەن سەن مېنىڭكى،
رەۋامۇ كۆڭلۈك ئاغزىتسام سېنىڭكى.
نە ئەيلەي، نەقىلاي دۈشمەن سۆزىدىن،
كى ئەمدى ساقلارەم ئەلنىڭ كۆزىدىن.
قەدىڭ زىبا، ئۆزۈڭ رەئنا ئېرۇرسەن،
خەلايىق ئىچرە بىپەرۋا ئېرۇرسەن.
خەلايىق كۆرسەلەر ئەمدى نە دەرلەر،
ئاغىزغە ھەرنەكىم كەلگەنچە يەرلەر».

بۇ سۆزلەردىن تەسەللى تاپتى لەيلى،
بارىپ لەۋھىن كۆتۈرمەك بولدى مەيلى.
دېدى: «مەكتەب سارى بارسام بولۇرمۇ،
بارىپ لەۋھۇمنى كەلتۈرسەم بولۇرمۇ.
بارىبان موللادىن رۇخسەت تىلەسەم،
رىزا بولماق تىلەپ بۇ ئۆيگە كەلسەم».
قوپۇبان ئوغرادى موللا سارىغە،
كى ھەمرا بولغان ئول قىزلار سارىغە.
ئالىپ موللاغە بىر بوقچە سەرۇپاي،
قىلىپ خۇشتانىجىغە بىر خالتەدە چاي.
بارىبان ئۆيىدىن موللا قاشىغە،
كۆرۈبان تۇھفەسىن ئالدى باشىغە.
سوراپ، ئىستەپ بۇ لەيلىگە دىل ئاسا،
بولۇپ موللاغە ھەم يۈزمىڭ دىل ئاسا.
قوپۇپ تۈردى تۈمەن تەئزىم بىرلە،
تەكەللۇم ئەيلەدى تەكرىم بىرلە.
ئۇ سائەتدە يوق ئېردى قەيسى بىھال،
بولۇبان لەيلى يۈزمىڭ ھال بەدھال.
قوپۇبان موللادىن رۇخسەت تىلەدى،
كۆزى مەجنۇننى كۆرمەكنى تىلەدى.
ئىشىتىپ موللا كۆڭلى بولدى ۋەيران،
ئوچۇق قالدىكى ئاغزى، كۆزى ھەيران.
دۇئا قىلدىيۇ موللا بەردى رۇخسەت،
قوپۇپ لەيلى ئۆيىگە قىلدى رىجئەت.
يوق ئېردى ئول زەمان مەجنۇن جىگەر خۇن،
بۇ لەيلى ياندى ئەيلەپ چەشم پۇرخۇن.
تاپىبان ئالدى لەۋھىنى قولىغە،
يىغى-زارى بىلە كىردى يولىغە.
كۆزى مەجنۇن يولىغە كۆيەر ئېردى،
ئانى كۆرمەككە كۆڭلى ئۆيەر ئېردى.
يىراقدىن بىر قارا كۆردىيۇ تۇردى،
مۇشەخخەس قەيسدۇر دەپ شۇندا تۇردى.

① ئەسلى تېكىستتە «بىرنان» شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، مەنە ئېتىبارى بىلەن «بەريان» دەپ ئېلىندى.

## لەيلى مەكتەبدىن ئۆيىگە يانىپ كەلگۈنچە مەجنۇن ئالدىغا ئۇچراغانى

يېتىپ كەلدى نە كۆردى قەيسى بىھال،
كۆرۈشۈپ بىر-بىردىن بولدى ئۇلار لال.
سەلام ئەيلەپ قوپۇپ لەيلىيۇ بىدىل،
كۆزى ياشىدا بولدى كۆڭلى دەر گىل.
تاپىشتى مۇندا ئول ئىككى دىل ئارام،
بولۇبان قەيسغە لەيلى دىل ئارام.
بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئىككى ۋەفادار،
ئۇچار قۇشلار ھەمە بولدى خەبەردار.
ئەجەب ھالەت بىلەن لەيلىيۇ بىھال،
جۇدالىق جەھتىدىن ئول بولدى بەدھال.
ئەجەب تەرھى، ئەجەب تەرزى، ئەجەب دەرد،
ئۇرۇبان ئاھى سەردى كۆڭلى پۇر دەرد.
نە بۇ سۆزنى لەيلى ئايتايالۇر،
نە بارغان كۆزىنىڭ ياشىن تىيالۇر.
بىرى بىرنىڭ قولىن بويىنىغە سالىپ،
كى يۇتسە بىر-بىردىن ئاغزىغە سالىپ.
بۇلار ھالىغە قۇشلار يىغلاشۇرلار،
نە سۆز ئۆتسە بۇلاردىن تىڭلاشۇرلار.
دېدى لەيلىكىم: «ئەي جانان مەجنۇن،
بۇ كۆڭلۈمدە غەمۇ كۆزۈمدە پۇرخۇن.
كۆڭۈلدە بىر سۆزۈم [بار] ساڭا دېسەم،
تىلىم كەلمەس بۇ سۆزنى ساڭا دېسەم.
يۈرەكىمنى ياردىبان چاك قىلغىل،
بۇ ئاغزىم خاك ئىلە پۇر خاك قىلغىل.
ۋەيا ئۆلتۈرگىل، ئىشتمە سۆزۈمنى،
كېلىپ مەھشەر كۈنى كۆرگىل يۈزۈمنى».
دېدى مەجنۇنكىم: «ئەي جان لەيلىم،
ماڭا سەنسىز ئەزاب جەننەتتە تەسلىم.
نەچۈك سۆزگە بۇ سۆزلەرنى دېيۇرسەن.
ھەزىن كۆڭلۈم داغى مەھزۇن ئېتەرسەن.
نە بىتاقەت بولۇرسەن، ئەي دىلارام،
مېنىڭ ھەم قالمادى جانىمدا ئارام ①.
يۈرەك-باغرىم يارا بولدى بۇ ئىشدىن،
بولۇپ مىڭ پارەلەر جانىم بۇ ئىشدىن»
دېدى لەيلىكىم: «ئەي جانانى جانان،
ئەگەر ئۆلسەم ئىچىمدە قالغاي ئارمان.
نە كۈندۇر بۇ نە مۈڭدۇر بارى جانان،
فىدا ئەيلەي ساڭا بۇ جاننى جانان.
كى ھەركۈن مەكتەب ئىچرە كۆرەر ئېردىم،
كى گاھى يولنى توسۇپ تۇرار ئېردىم.
ئارامىزغە جۇدالىق تۈشكۈسىدۇر،
بىزنىڭ ئەھۋالىمىز نە كەچكۈسىدۇر.
ۋىسالىڭدىن جۇدا بولسام نە قىلغۇم،
كۆيەر ئوتلارغە مەن ھەردەم يېقىلغۇم.
مېنىڭ ھالىم ساڭا مەئلۇم ئەمەسمۇ،
كى مەن بىچارەئى مەزلۇم ئەمەسمۇ.
دېدى مەجنۇن: «نە بائىسدىن بۇ يەڭلىغ،
كېلىپدۇر باشىمىزغە تۈرفە يەڭلىغ».
دېدى لەيلى: «بىزنىڭ ئۆتكەن ھېكايەت،
كېلىپ خۇشتانىجىمىز قىلادى شىكايەت.
بۇ بائىسدىن ئانام بولدى پەرىشان،
مېنى مەكتەبغە بەرگەنگە پۇشەيمان.
مېنى مەكتەبدىن ئەمدى مەنئ قىلادى،
كى فانۇس ئىچرە گويا شەمئ قىلادى.
مېنىڭ مەكتەبدىن ئەمدى يانغانىمدۇر،
قەفەسدە تۇتى يەڭلىغ قالغانىمدۇر.
كۆرۈشمەس بولدۇق ئەمدى بىز ئىككەۋلەن،
قىيامەت كۈن سوراپ تاپغۇم سېنى مەن».
بۇ سۆزلەرنى ئىشتىپ قالدى ھەيران،
چىقاردى جانىدىن مىڭ ئاھۇ ئەفغان.
چۇنان بىر دەرد بىرلە يىغلار ئېردى،
بۇ لەيلى جاننى داغلار ئېردى.
دەر ئېردى: «بۇ كۆزۈمنىڭ نۇرى لەيلىم،
تەنىمنىڭ قۇۋۋەتى مەقدۇرى لەيلىم.

① ئەسلى قول يازمىدا بۇ سۆز «ئارمان» دەپ يېزىلىپ قالغان.

بۇ كۆڭلۈمنىڭ ھۇزۇرى سەن ئېرۇرسەن،
بۇ سىينەمنىڭ سۇرۇرى سەن ئېرۇرسەن.
سېنىڭ ۋەسلىڭ ماڭا گۈلزار ئىلە باغ،
جۇدا بولسام كېتەرمەن دەشت ئىلە تاغ.
سېنى كۆرمەي نە ئەيلەي بۇ جەھاننى،
ساتارمەن كويۇڭە كەۋنى مەكاننى.
دەمادەم ئاھ ئۇرۇبان ئاھ ئىلە ئاھ،
دىل ئاسا ئەيلەبان مەجنۇنى دىلخاھ.
چىقارۇر ئېردى كۆكسىدىن سەدالار،
كى لەيلى جانۇ تەن ئەيلەپ فىدالار.
دەر ئېردى قەيسغە «ئەي جانى جانان،
مېنىڭ بۇ دەردىمە ھېچ بارمۇ دەرمان».
دېدى: «ئەي مۇنىسىم جانۇ جەھانىم،
فىدا ئەيلەي ساڭا بۇ تەندە جانىم.
تەنىمدە گەرچە بولسە يۈز مىڭ جان،
نىسار ئولسۇن بارىدىن ئەقلۇ ئىمان.
كى [بۇ] سۆزلەرنى بىز مۇندا ئاچىشتۇق،
سەدەفلەردىن ھەمە دۇرلەر ساچىشتۇق.
زەئىف تەنلەردە يوقتۇر ھېچ دەرمان،
كۆڭۈلدە قالماسۇن بىر زەررە ئارمان.
سۆزۈم باردۇر ساڭا بولغايمۇ دېسەم،
ئىچىمدە قالماسۇن ئۆلسەم-تىرىلسەم.
سۆزۈم بۇدۇر ئىشىتكىل ئەي نىگارىم،
نەكىم دەرمەن قۇلاق سال گۈلئۇزارىم.
كەل ئەمدى مۇندا ئەھدى باغلاشالى،
زەمانى ئولتۇرۇبان مۇڭداشالى.
غەنىمەتدۇر زەمانى كۆرسە دىيدار،
ئىكەۋلەن ئولتۇرۇبان يارۇ دىلدار.
بىرى بىرگە غەمى ھالىن سەراسەر،
بولۇر دېسە ھەمە قىلغان بەرابەر.»

### لەيلى مەجنۇن بىلە بىر - بىرىگە ئەھدى باغلاشقانلارى

بولۇر سامېئ بۇدۇر مەجنۇننىڭ جانى،
چىقاردى كۆكسىدىن تۇرلۇك فىغانى.
«تەنىمدىن ھەر نەفەسكىم چىقسە ئەي جان،
سېنىڭسىز بولماسۇن ئەي جانى جانان.
سېنىڭدىن ئۆزگەنىڭ كىرسە خەيالى،
مۇيەسسەر بولماسۇن ھەرگىز ۋىسالى،
ھەرام ئولسۇن سېنىڭسىز ھۇرئىلە خاب،
نەسىبىم بولماسۇن بىر قەترەئى ئاب.
ئۇزاتمايىن قولۇم سەندىن ئۆكۈنگە،
كۆڭۈلنى بەرمەيىن سەندىن ئۆكۈنگە.
سېنىڭسىز گەر يېسەم زەررە تەئامى،
جېنىم تۇتسۇنكى بۇ ھەقنىڭ كەلامى.
تىرىكدۇرمەن دەيىن كويۇڭدا ياھۇ،
سېنىڭسىز ئىچمەيىن بىر زەررەئى سۇ.
ئەگەر كەلسە ئۆلەردە قابىزۇلرۇھ،
دەيىن لەيلى، دېمەي قۇددۇسۇ سۇببۇھ.
ئەگەر چىقسا تەنىمدىن بۇ ئەزىز جان،
سېنىڭسىز بولماسۇن بۇ جانى جانان.
مېنى گەر ياتقۇزۇپ قويسە خەلالاپ،
ئۇ ھەيىندە كەتمەسۇن ئۇشبۇ تەبۇ تاب.
مېنى گەر ئىلتىبان قويسە لەھەدغە،
كى زىكىر ئايتايكى ئەللاھۇسسەمەدغە.
ئەگەر مۇنكىر نەكىر كىرسە قاشىمغە،
كى تەگلەپ تۇرسە گۈرزىنى باشىمغە.
سوراغىدىن سورغالى گەر قىلسە مەيلى،
جەۋابىغە دەيىن: «لەيلىيۇ لەيلى!»
ئۇ شۇندا «لەيلى!» دەپ ئەفغان قىلايىن،
فەرىشتەلەرنى مەن ھەيران قىلايىن.
قانى لەيلى، دەيۇ فەرياد ئەيلەي،
يەگى باشدىن يىغى بۇنياد ئەيلەي.
قىيامەت كۈنى گەر بولسە ئالامات،
بۇ سۆزلەرنى قىلاي ئاندا ھىمايات.
كى بۇ سۆزلەر مېنىڭ كۆڭلۈمدە تۇرسۇن،
ئۇنۇتسام ھەق مېنىڭ جانىمغە ئۇرسۇن.

ئىشىتسە گەر قۇلاغىم ئۆزگەدىن سۆز،
كى ساچراپ چىقسۇن ئورنىدىن قارا كۆز.
تىلىم گەر سۆزلەسە ئۆزگە كىشىگە،
تىلىم ئەيلەي ئۈزۈم قويماي كىشىگە.
ئۇزاتماي سەندىن ئۆزگەگە قولۇمنى،
سەڭۇ خار ئەيلەيىن مەن ئۆزگە گۇلنى.
ئېرۇرسەن نۇرى دىيدەم گۇلئۇزارىم،
فىدا ئەيلەي ساڭا بۇ جان فىگارىم.
يولۇڭدىن ئۆزگە يولغە بۇ ئاياغىم
يۈرۈسە، كور بولۇبان بۇ قاراغىم.
سېنىڭدىن ئۆزگەنى مەن كۆزلەمەيىن،
ئانىڭ مېھرىن كۆڭۈلدە كىزلەمەيىن.
تىرىك بارمەن بۇ يەڭلىغ ئۇمرۇم ئۆتسۇن،
ئەگەر ئۆلسەم بۇ سەۋدا بىلە كەتسۇن.
باشىمدىن كەتمەسۇن ھەرگىز بۇ سەۋدا،
بۇ كەتسە يۈزۈم ئولسۇن مىل يەلدا.»
«جانىم ئالغالى ئەزرائىل كەلسە،
ئانىڭ ھەمراھى مىھرائىل كەلسە.
ئۇشول ھەيىندە سېنىڭسىز بەرمەيىن جان،
قىلاي يادىڭ بىلە مىڭ ئاھۇ ئەفغان.
سېنىڭ يادىڭ بىلە چىقسۇن بۇ جانىم،
فىدا ئەيلەي ساڭا كەۋنى مەكانىم.
ئىمان ئىسلامنى كەلتۈرمەي تىلىمغە،
سىرىشتە قەيس ئىدى ئابۇ گىلىمغە.
سېنى دېمەي ئەگەر ئىمان ئايتسام،
قاچانكىم بۇ دېگەن سۆزدىن قايتسام.
لەھەد ئىچرە مېنى قويغان زەماندا،
گورۇمدە ياتمايىن ھەرگىز ئاماندا.
ئەگەر سۇئال ئۈچۈن كىرسە فەرىشتە،
دەيىن مەجنۇن جانىمغە سىرىشتە.
فەرىشتەلەر سۇئالىغە جەۋابىم،
دەيىن مەجنۇن يادىدۇر سۇئالىم.
سۇئال ئەيلەپ مېنى گەر قىلسەلەردۇن،
دەيىن: «مەجنۇن!» ئىلە «مەجنۇن، مەجنۇن!»
ئۇشول كۈنكىم گورۇمدىن باش كۆتەرسەم،
قارا بولسۇن يۈزۈم سېنى ئۇنۇتسام.
قىيامەت كۈنىدە گەر ھەشر بولسە،
خەلايىق جان تاپىپ گەرتەشنە بولسە.
سىراتدىن گەر ئۆتەر بولسە خەلايىق،
خەلايىقغە بولۇر تۈرلۈك ئەلايىق.
ئۇشول كۈندە ئەگەر مەجنۇن دېمەسەم،
سېنى دېمەي ئەگەر ئۆزۈمنى دېسەم.
ئۇنۇتسام گەر سېنىڭ يادىڭنى ئەي جان،
شەفائەت قىلماسۇن ئاياتى ئىمان.
رەسۇلى ھەق شەفائەت قىلماسۇنلار،
مېنى ئۈممەتلەرىدىن دېمەسۇنلار»
دەبان: «ۋەللاھۇ ۋەللاھ، ئەي قاراقاش»،
بۇ مەجنۇن دېدىكىم: «ئەي لەيلى شەھ باش».
ئىشىتتى لەيلىدىن بۇ سۆزنى مەجنۇن،
قىلىبان قامەتىنى قاف ئىلە نۇن.

### مەجنۇن لەيلىدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ فەرىشان بولغانى

قويۇپ لەيلى ئاياغىغە باشىنى،
بىرئوق سەيھە بىلە تۆكتى ياشىنى.
دېدى: «ئەي مۇنىسى خۇش مېھرىبانىم،
فىدا بولسۇن ساڭا بۇ تەندە جانىم».
دېدى «جانۇ جەھانىم تىندى كۆڭلۈم،
كى دامى ھەلقە زۇلفۇڭ بەندى كۆڭلۈم.
ئۆزۈڭ بىل شەرتغە تۇرغىلۇ-تۇرمە،
مېنىڭ دادىمنى سورغىل خاھى سورمە».
بۇ يەڭلىغ ئانتلارنى لەيلى ئىچتى،
بۇ مەجنۇننىڭ يۈرەك-باغرىنى تەشتى.
ئايتتى بۇ يوسۇن سۆزلەرنى لەيلى،
بۇ قەيسنىڭ بىر ئىدى مىڭ بولدى مەيلى.
قوپۇپ لەيلى باشىدىن ئۆرۈلۈبان.
تۆگۈرمەن چەرخى يەڭلىغ چۆرۈلۈبان.

دېدى: «ئەي مۇنىسى ئۆزرايى ئالەم،
غەمىڭ يادىدا دۇرمەن ئىشق ھەردەم.
مۇرادىم ئۇشبۇ ئېردى ئالەم ئىچرە،
مەلەك، جىن، دىۋە، پەرى، ئادەم ئىچرە.
ئۇمىدىم سەندەغۇ مۇنچە يوق ئېردى،
غەمىڭدە ئاچ قارنىم توق ئېردى.
مۇرادىمغە بۇ كۈن يەتتىم بولۇپ شاھ،
ئۆزۈمگە ئەيلەدىم يادىڭنى دىلخاھ.
بۇ دەھر ئىچرە مېنىڭكى تىندى كۆڭلۈم،
كۆزۈ قاشىڭ، سۆزۈڭگە ئىلدى كۆڭلۈم.
ئەلا ئەي ماھى پەيكەر گۇلئۇزارىم،
جەھان ئەھلى ئاراسى شەھسەۋارىم.
ۋىسالىڭدىن جۇدا بولسام نېتەرمەن،
چۇشۇپ سەھرا سارى دائىم كېتەرمەن.»
كى گاھى كۆڭلىنى پۇر دەرد ئەيلەپ،
ۋەلى ناشاد ئاھى سەرد ئەيلەپ.
كى گاھى بىر-بىرىسىگە تايانىپ،
زەمانى ئولتۇرۇشغە قوۋانىپ.
كى گاھى بىر-بىرىگە تەلمۈرۈشۈپ،
كى گاھى زار ئەيلەپ گەھ كۇلۇشۇپ.
غەنىمەت دەم دەبان يىغلارلار ئېردى،
بىرى بىرىنىڭ قولىن ئىلدارلار ئېردى.

لەيلى بىلە مەجنۇن خۇبلاشىپ ئۆيىگە يانغانلارى

دەرئېردى لەيلى: «ئەي دۇررى خۇشاھىم،
مۇئەتتەر ئەيلەگەن ئالەم كۇلاھىم.
جۇدا بولماسقە يوقتۇر ھېچ دەرمان،
كۆڭۈلدە قالماسۇن مىڭ تۇرلۇك ئەرمان.
بارىپ تاپقۇم سېنى باھەر بەھانە،
بولۇرمەن ئول زەمان شاھى زەمانە».
دېدى لەيلىكىم: «ئەي مەجنۇن غەمخار،
بولۇشتۇق ئىككى دۇنيادا ۋەفادار.
ئەگەر ئۆلسەك-تىرىلسەك ئەمدى يوق غەم،
سېنىڭ مېھرىڭ ماڭادۇر يارۇ ھەمدەم.
كۆڭۈللەر تىندىيۇ كۈن بولدي تا كەچ،
كى ئاخىر ئۇمرى مىڭ يىل بولسە ھەم ھېچ.
كى سەن ئۆيۈڭگە يان، مەن ھەم كېتەيىن،
يورۇقدىن مەنزىلىم سارى يېتەيىن».
بۇ سۆزنى ئىشتىپ مەجنۇنى مايىل،
قىلىپ قولىنى بوينىغە ھەمايىل.
دېدىكىم: ئەي نىگارىم، گۇلئۇزارىم،
فىدا بولسۇن ساڭا بۇ جان فىگارىم».
ئىكەۋلەن يىغلاشىپ ئول ئىككى دىلدار،
بىرى بىرگە قىلىشىپ ياخشى كىردار.
نە تاقەت بار جۇدا بولماغىلىقغە،
ئىلاجى يوق جۇدا بولماسلىقغە.
بۇ يەڭلىغ ھالۇ-ئەھۋالات بىرلە،
تۇمەن مىڭ زارۇ نالالات بىرلە.
جۇدا بولدى بۇ ئىككى جانى پۇر دەرد،
سالىبان بىر-بىرىگە داغ پۇر دەرد.
كى لەيلى زار نالان يولغە كىردى،
گەھى باھۇش، گەھى بەھۇش يۇردى.
بارۇركىم يىغلابان ئول زارۇ گىريان،
كى باشلاپ زار بىرلە ئاھۇ ئەفغان.
بارۇر ئېردى ياشى سىيلاب يەڭلىغ،
بولۇپ قالدى ئۆزى سۇھراب يەڭلىغ.
كىشى يوقكىم ئاڭا ئەھۋالىن ئايتسە،
كۆڭۈل دەردى، غەمى ئەسرارىن ئايتسە.
قىلۇر ئېردى ئۆزىنى پارە-پارە،
يىغىدىن ئۆزگە يوق ھەم ئېردى چارە.
ئۇچار قۇشلار مۇنىڭ ھالىغە ھەيران،
قىلۇر ئېردى بۇلۇتلار كۆكدە ئەفغان
نە ئاچىنى بىلۇر مەجنۇنى بىدىل،
ياشىدا ئەيلەبان ئۆزىنى دەرگىل.
نە تەشنە بولغانى يادىغە كېلۇر،
نە ھۇشۇ فەھم خۇد يادىغە كېلۇر.
مۇنىڭ ئەھۋالى مۇنداغ بۇ ياسۇندا،
ئۆي ئەھلى ئاندا يۈز مىڭ بۇ كايۇندا.

## خوجە نۇئمان ئۇغلىنىڭ ئۆيىگە كەلمەگەنىگە پەرىشان بولغانى

بۇ ئۆيگە كەلمەگەنگە بولدى ھەيران،
پەرىشان ھال ئەيلەپ ئۆزنى نۇئمان.
سوراپ، ئىستەپ يۇرۇر ئېردى كىشىدىن،
ئۇشاق ئوغلان ھەمە ئەركەك-تىشىدىن.
كى قالماس ئېردىيۇ ھىچ گىرد گۇشە،
بۇ نۇئمان كۆڭلى بولغاي ئېردى جۇشە.
كى بەئزى ئاتى بىرلە تاپىشىبان،
كى بەئزى قاترابان گەھ يۇگرۇشۇبان.
كى بەئزى چۆلدە ئېرۇر گاھى ھەيران،
گەھى ئاباد يەردە گاھى ۋەيران.
كى بەئزى سەبزەزار ئەيلەپ گەھى تاغ،
گەھى دەشتى بەيابان گەھ كېزىپ باغ.
يەنە ئىزدەپكى قالماي كوچەئى كوي،
ئەردىلەر ئىچرە قالماي دۆك ئىلە ئوي.
تاپالماي ھەرقاياندىن كېلۇر ئېردى،
«بالام» دەپ خوجە كوڭلى ئۆيرۇر ئېردى.
بەناگەھ تۇشتى بىر ئاتلىق گۇزارى،
ئول ئېردى ئالەم ئىچرە شەھسەۋارى.
نە كۆردى يول ئۆزە نەرسە ياتىپدۇر،
كى گويا زەھر لايىغە پاتىپدۇر.
كېلىپ كۆردى نە باقتى زار مەجنۇن،
ياتىپ ئاھى سۇرۇدى چەشم پۇرخۇن.
كەبۇتەرۋار ئاتىدىن تاشلاپ ئۆزىن،
قولىغە ئالدى يەردىن باشۇ كۆزىن.
ئۆزى بىھۇش يۇزى ھەم لاي ئېردى،
بۇ سۇرەتلىك كۆرۇپ بى پاي ئېردى.
ئۆلۇكمۇ يا تىرىكمۇ بىلمەس ئېردى،
تىرىكلىكنىڭكى فىكرىن قىلماس ئېردى.

بۇ مەجنۇننى كۆتەرىپ ئاتغە سالدى،
ئۆزى ھەم مىنىبان ئالدىغە ئالدى.
ئالىپ سۇرئەت بىلە نۇئمان قاشىغە،
يېتىشتى ئول جىگەر بەريان قاشىغە.
كۆرۇپ ئوغلىن بۇ ھالەت بىرلە خوجە،
دەرىن ئېردىكى: «جانى چىقتى» خوجە.
قوچاقىغە ئالىبان يىغلار ئېردى،
خەلايىقلار جاننى داغلار ئېردى.
دەر ئېردى: «ئاھ بوتام، جان قارىنداش،
ئېرۇرسەن ① يالغۇزۇمدا يار-يولداش.
ساڭا نە بولدى بۇ نە ھالغە قالدىڭ،
مېنى باغرىم بىلە تۇفراقغە چالدىڭ.
..................................②
بۇ يەڭلىغ ھالغە مەن قالغاي ئېردىم،
ئۆزۇمنى كۆيەر ئوتقا سالغاي ئېردىم.
كۆزۇم بۇ ھالنى كۆرمەگەي ئېردى،
ئېرىم بۇ ھالغە قالماغاي ئېردى.
ئەجەب ھالەت بىزلەرگە يولۇقتى،
نەچۇك ئالبان ئىدىيۇ بىزنى سوقتى.
بۇ ئىككى قېرى بىز نە ھالغە قالدۇق،
ئۆزۇمىزنى نە مۇڭلار ئىچرە سالدۇق.
ئايا ئەي نۇرى دىيدەم گەۋھەرىم سەن،
بۇ تەندە جانۇ كۆڭلۇم جەۋھەرىم سەن.
قېرىغاندا نە مېھنەت بىزگە سالدىڭ،
باباۋۇ مامانى باغرىچە سالدىڭ.
نە بولدۇڭ ئەي بوتام گەر سەبر قىلساڭ،
تۇتۇپ تاقەت زەمانى سەبر قىلساڭ.

① بۇ سۆز ئەسلى قول يازمىدا «ارورورسن» دەپ يېزىلغان بولۇپ، مەنە ئېتىبارى بىلەن «ئېرۇرسەن» دەپ ئېلىندى.

② مۇشۇ ئورۇندىن بىر نەچچە بەت يوقالغان.

## مەجنۇن لەيلىنىڭ ئىشقىدا بىقەرار بولغانى

دەر ئېردى قەيس: «ئىككى نۇر دىيدەم،
كۆزۈڭلەردىن ئاقار ياشلار دەمادەم.
يۈرەكىڭلەر بولۇر بەريانۇ بەريان،
يۈرەك بەريان، جىگەرلەر داغى بەريان.
بىلۇرمەن ئىككىڭىز هەيران ئېرۇرسىز،
كۆزى شەبنەم كەبى گىريان ئېرۇرسىز.
مېنىڭ ئۈچۈن فىدا ئەيلەسىلە جان،
كۆڭۈلدىن ئەقلىۇ هۇشۇ فىكر ئىمان.
بىلۇرمەن مەندىن ئۆزگە يوق جىگەربەند،
قىلۇرسىز كۆڭلۈڭىزنى مەندە خۇرسەند.
نە ئەيلەي، نەقىلاي، باغرىم — يۈرەكىم،
كىشى يوقتۇر مېنىڭ تۇتسە بىلەكىم.
كىشى بىلمەس مېنىڭ بۇ هالى زارىم،
كۆڭۈلدە دەردۇ غەم جاندا فىگارىم.
بۇ ئالەمدە ماڭا يوق يارۇ دىلدار،
بولۇپ ئالسە بۇ ئالەم بولسە غەمخار.
نە ئەيلەي، نە قىلاي، بىچارەدۇرمەن،
مۇهەببەت كويىدا ئەۋارەدۇرمەن».
دەر ئېردى: «ئاھ لەيلىم، ئاھ لەيلىم.
جەهان ئىچرە ساڭا تۈشكەن بۇ مەيلىم.
چايان چاقتى مېنى زەهرىن بىلۇرمەن،
كويۇڭدا مەن كۆيۈپ دەردىن بىلۇرمەن.
نە خۇب ئېردىكى تەندىن چىقسە جانىم،
قۇتۇلغاي ئېردى بۇ خەيلى خەيالىم.
نە دەردى بىدەۋاسىغە يولۇقتۇم،
سىزلەرنىڭ بۇ سۆزۈڭلەرگە يولۇقتۇم».
كېچە ـ كۈندۈز بۇ هالەت بىرلە مەجنۇن،
كۆڭۈلدە دەردۇ غەم، كۆزۈمدە پۇرخۇن.
تەبىب ئولدۇر باشىغە دەرد كەلسە،
كى ئاشىق ئولدۇرۇر ئاھ سەرد كەلسە.
بۇ يەڭلىغ نەچچە كۈنلەر ـ تۈنلەر ئۆتتى،
يىغىيۇ زار ئەيلەپ ئۇمرى ئۆتتى.
نەچە كۈن بۇ يىغىسى پەست بولدى،
كى بۇلبۇل يەڭلىغ ئول سەرمەست بولدى.
قىلۇر ئېردىكىم ئول دائىم تەفەككۇر،
زەمانى بولماس ئېردى ئول تەفەسسۇر.
نە ئىش بىرلەكى مەن تاپغۇم ۋىسالى،
نە قىلسام كۆرگەمەن ئايدەك جەمالى.
دېدىكىم: «تاشلاسام بۇنەڭگۇ نامۇس،
كى لەيلى دەرگەهىدە بولسە تا پوست.
ۋەيا كەيسەم چەفان قىلسام گەدالىق،
ئوشۇنداغدا بولۇرمۇ ئاشنالىق.
ۋەيا قويىن باقىبان بولسە چوفان،
بۇ يەڭلىغ ئىشىدا بولغاي لەيلى جويان.
كى ئاخىر بۇ گەدالىق ئەيلەدى جەزم،
كى لەيلى سارىيۇ ئەيلەدىيۇ ئەزم.
دەر ئېردى: «ئاھ لەيلىم، ئاھ لەيلىم،
نە كۈن ئېردى ساڭا تۈشتى بۇ مەيلىم.
فەلەك بىرلە قىلىبان ماجەرانى،
كى مىلىڭ دەردىغە تاپماي بىر دەۋانى.
گەهى فەرياد ئەيلەپ زار ئۆزىن،
دەمادەم ياندۇرۇپ شەمئى فىرۇزىن.
ئۇرۇبان خەنجەرى غەم كۆكسىگە چاك،
قىلىبان ياقاسىدىن تا ئىتەك چاك.
كۆڭۈلنىڭ مەزرەئىدىن تارتىبان خار،
بۇ دۇنيا مەزرەئىدىن ئەيلەبان ئار.
ئۆزىن بىچارە ئەيلەپ زار مەجنۇن،
دەمادەم باغرىنى ئەيلەپ جىگەر خۇن.
نە ئىشدە ئانداكى بۇ ئوت ساۋۇغاي،
دىلۇ جانىم، ۋۇجۇدۇمغە ياۋۇغاي».
دەر ئېردىكىم: «نەچۈك قىلسام ئىلاجىم،
نە ئىش بىرلە بولۇر تاپسام رەۋاجىم.
نە تەدبىر بىرلە لەيلىنى كۆرەرمەن،
قىيامەتكە يېتۇ ئوتدا كۆيەرمەن.
نە قىلسام مەن بۇ فۇرقەتدىن قۇتۇلغۇم،
يامان ـ ياخشى مەلامەتدىن ئارىنغۇم.

بۇگۇلگۇن چىھرەم ئەسلى، زەرد بولدى،
قۇيۇن يەڭلىغ باشىم دەرگەرد بولدى.
دەر ئىردى: «ئاھ لەيلىم، ئاھ لەيلىم،
جەھاندا گۇل مەڭىزلىك ماھ لەيلىم.
ئىلاھا، رەھم ئەيلەپ ئال قولۇمنى،
بۇ لەيلى سارىغە سالغىل يولۇمنى.
خۇدايا، لەيلىنى كۆرگۆزسەڭ ئىردى.
ۋىسالىغە مىنى يەتكۆرسەڭ ئىردى.
نە لەيلى زار ئەيلەبدۇر خەيالى،
نە ياخشى ئىردى بىر كۆرسەم ۋىسالى.
بۇ يەڭلىغ كۇن ماڭا بولسە مۇيەسسەر،
ماڭا فەتھى زەفەر بولغايلار چاكەر.
جۇدا قىلسە مىنى بۇ چەر خى غەددار،
سالىپ غۇل بوينۇمە ئەييارى تەييار.
بۇ مەھزۇن خاتىرىم بىر شاد بولسە،
بۇزۇلغان لەڭگەرىم ئاباد بولسە».
تۇتۇپ باشىن خەيال ئەيلەپ ئىدى پاك،
جىگەرنى رىش ئەيلەپ كۆزنى نەمناك.
دەما-دەم نالە بىرلە ئاھۇ ئەفغان،
ياش ئورنىدا ئاقىزىپ قىپقىزىل قان.
تەفەككۇر ئەيلەبان ئۆزىگە كەلدى،
خەيالى بۇرناقى تەرزىگە كەلدى.
گەھى لەيلى دەرئىردى گاھى ياھۇ،
گەھى زارى تەزەررۇئ گاھى مەنھۇ.
هەراسان ئەيلەپ ئۆزىن گاھى مەدھۇش،
گەھى ئول نەئرە يەڭلىغ كەپكى دەر جۇش.
گەدا بولماقغە قىلدى ئۆزنى جازىم.
كى ئەسبابى گەدالىق بولدى لازىم.

## مەجنۇن لەيلى كويىدا گەدا بولماقغە ئىختىيار قىلغانى

دىدىكىم: «بىر گەدا بولسام نە بولغاي،
بارىپ يارىمنى بىر كۆرسەم نە بولغاي.»
قۇچۇپ گاھى قولى بىرلە ئۆزىنى،
گەدالىقغە خەيال ئەيلەپ ئۆزىنى.
يۈرۈپ ئىستەپ تاپىبان بىرگەدانى،
بارئىردى ئەڭىندە ئەسكى چاپانى.
ئۆزىن كەيگەن تونىن بەردى گەداغە،
نەۋاسىن تاپماغان ئول بىنەۋاغە.
ئالىپ كەيدى چاپانىنى گەدانىڭ،
كى بىنامۇسىنىڭكى بىنەۋانىڭ.
بار ئىردى قولىدا ئەسكى تاياقى،
سالىبان قوينىغە كوھنە ئاياقى.
كى ئالدى ئۆشنىگە بىر ئەسكى خورجىن،
سولاپ قاقۇگۇلەنى، نانى ئۇرچىن.
بارى ئەسبابلارنى ئالدى مەجنۇن،
كۆزىنى كور ئەيلەپ ئول جىگەرخۇن.
قىلىپ ئەسبابلارنى ئۆزىگە تەرتىب،
خەيالى تۇھفە جانىن قىلسە ئىلتىپ.
گەھى ھەق يادىدىن «ئەللاھ» دەيدۇر،
ئۆزىدىن ئۆزگە «شەيدۇللاھ» دەيدۇر.
گەھى« ھۇ-ھۇ» دەبان ھەق يادىن ئەيلەپ،
گەھى ئىشىق ئافەتىدىن داد ئەيلەپ.
بۇ لەيلى كويىغە ھەيران يۈرۈپدۇر،
ساغارتىپ چىھرە سەرگەردان يۈرۈپدۇر.
گەھى قاتراپ يۈرۈبان گاھى يورغە،
دەر ئىردىكىم، بۇ يولدا كىرسە گورغە.
كۆزىنى كور ئەيلەپ ئۆزنى بىخار،
كۆڭۈلدە ئىشىق دەردى ئۆزرە رەفتار.
نە يۈرگەنىن نە تۇرغانىن بىلەلمەي،
ھەمە فەرھادۇ ۋامىق كۆزگە ئىلمەي.
يىلىم سۈرتۈپ كۆزىنى ئەيلەدى كور،
كى سۈرتۈپ ئۈستىگە بىر پارەئى پور.
ئۆزىنى قىلدى قاراغۇ گەدايى،
بەلايى جۇرئە بىرلە مۇبتەلايى.
بارى ئىشق ئەھلى ئىردىلار پىيادە،
بۇ مەجنۇن پۇختە ئىردى ئۆزگە سادە.

يېتىپ كەلدى بۇ لەيلى مەنزىلىغە،
بەنى ئۇزرا ئېلىنىڭ مەھفىلىگە.
كىلىپ گوياكى جەننەتلىك ئۆيىگە،
كى شەيدۇللاھ چېكىپ لەيلى ئۆيىگە.
تۇرار ئېردى تاياقىنى تايانىپ،
بۇ يەرگە كەلگەنىگە مىڭ قۇۋانىپ.
يەنە قىچقىردى شەيدۇللاھ بىرلە،
كى مىڭ تۇرلۇك فىغانۇ ئاھ بىرلە.
بۇ لەيلى يادلانىپ مەجنۇننى يىغلاپ،
كۆڭۇلدە بار ئىدى يۈزمىڭلە ئويناپ.
بۇ هالەتدە كېلىپ قىچقىردى مەجنۇن،
بۇ لەيلى بولدى ئول سائەت جىگەر خۇن.
بىرئوق لەيلى ئىشىتتى بۇ نىدانى،
ئورۇندىن قوپتى ياد ئەيلەپ خۇدانى.
تانۇدى، ئېرسە مەجبۇنىنىڭ ئۈنىدۇر،
كى بىلمەي بۇ ئوكىدۇر يا تۈشىدۇر.
بىرئوقكىم ئالدىراپ ئىشىككە چىقتى،
كى گويا ماهى تابان كۆككە چىقتى.
تۇرۇبان مۇنتەزىر مەجنۇنى پۇرغەم،
كۆرۈپ لەيلىنى قىلدى كۆزنى پۇرنەم.
بىر ئوق بىھۇش بولدىيۇ يىقىلدى،
ياندا بىر چۇقۇرىغە تىقىلدى.
بىرئوق لەيلى كۆرۈپ مەجنۇندا بۇ هال،
هۇشىدىن كەتتى ئول بولدىيۇ بەد هال.
دېدىكىم: «ئەي خۇدايا، بۇ گەدانىڭ،
نە بولدى هالى كۆزسۇز بىنەۋانىڭ».
رەۋان باردى، يۆلەپ ئالدى باشىنى،
يۈزىدە ئېرتىبان كۆزنىڭ ياشىنى.
دېدىكىم: «ئەي، جانىم بولسۇن فىدايىڭ،

مېنى دەپ كەلدىڭۇ مۇندا يىقىلدىڭ.
سەنۇ بىز ئىككىمىز هەمباز بولساق،
كى گويا دۇنيادا شەهباز بولساق.
نە ئەيلەي، نە قىلاي بىچارەدۇرمەن،
كى ئىشقىڭ ئوتىدا ئەۋۋارەدۇرمەن.
ئەگەركىم ئوت بولۇپ كۆيسەمۇ ئۆچسەم،
نە ياخشى ئېردى جانىم بىرلە كۆچسەم.
فىدا قىلسام بۇ جان بىرلە جەهانىم،
داغى ئازدۇر ساڭا رۇهى رەۋانىم.
كۆڭۇلدە باردۇر يۈزمىڭلە ئەرمان،
تەنىمدە قالمادى بىر زەررە دەرمان.
كى ئەرزىر ئۆرۈلۈپ ئۆلسەم باشىڭدىن،
باراي ئەمدى تولا تۇرماي قاشىڭدىن.»
كۆڭۇلدە ئاهىيۇ كۆزىدە ياشى،
يۈرەك - باغرى، تەنىدە جان تالاشى.
بۇ هالەت بىرلە لەيلى ئاندا ياندى،
بۇ مەجنۇن كەلگەنىگە مىڭ قۇۋاندى.
ئاناسىغە دېدى: «ئەي يارى مۇڭداش،
كىچە - كۈندۈز ماڭا سەن يارۇ يولداش.
ئىشىككە بىر گەدا كېلىپ تۇرۇپدۇر،
نەچە مەرتەمكى شەيدۇللاھ چېكىپدۇر.
ئۆزى بىر مۇستەهەق كۆزى قاراغۇ،
ئاڭا بۇ ئالەمى رەۋشەن - قاراڭغۇ.
ئاتاسى يوق، ئاناسى يوق يەتىمدۇر،
ئانىڭ غەمخارى رەهمانىررەهىمدۇر.
تەردەهۇم قىلغۇچىغە هەق سارىدىن،
بولۇر ئىنئاملار ئارتۇق بارىدىن.
ئۆز ئىلكىم بىرلە نان بەرسەم بولۇرمۇ،
كى هەق يادىغە جان بەرسەم بولۇرمۇ؟»

**لەيلى ئاناسىدىن رۇخسەت تىلەپ مەجنۇنغە خەير قىلغانى**

ئۈمىدىم باركى بولغاي بىر سەۋابى،
كى تاپسام قەترەئى هەقنىڭ گۇلابى.
دىلۇ جانىم ئانىڭ بىرلە مۇئەتتەر،

كى مەهشەردە بولۇر ئاندىن مۇنەۋۋەر.
كۈلۈپ ئويناپ دېدى: «جانىم قەرىنداش،
ئېرۇرسەن يالغۇز ئولتۇرغاندا مۇڭداش.

ئەگەر كۆرسەڭكى ھەم قىلساڭ دەرەممۇ،
كى خەيرەت ئىشنى مەنئ ئېتەرەممۇ.
قوپۇڭ خەيرات ئەيلەڭ ئول گەداغە،
كى ئول بىچارە كۆزسۇز بىنەۋاغە.»
كى ساچراپ قوپتى جانى بىرلە لەيلى،
ئاناسى لەيلىگە مىڭ ئارتتى مەيلى.
قاشىغە نان ئالىپ چىقتى گەدانىڭ،
يەتىم، بىچارە، كۆزسۇز، بىنەۋانىڭ.
دېدى: «ئەي جانۇ جانانىم كۆرۈشتۇك،
بەھىسلىڭ يىر - بىرىمىزدىن تىلەشتۇك.»
ھەزىن ئۈن بىرلە يىغلار زار مەجنۇن،
يۈرەكىن داغ ئەيلەپ كۆزنى پۇرخۇن.
دەبان مەجنۇن: «ئايا يارى ۋەفادار،
نە يەڭلىغ ئوتغە كۆيدۈرسەڭ سەزاۋار.
ئەلا ئەي لالە يەڭلىغ گۈلئۇزارىم،
خەزان ئەتتىڭ مېنى ئەي نەۋبەھارىم.
ئۇشول كۈنكى جۇدا بولدۇق ئىكەۋلەن،
ماڭا دائىم قاراڭغۇ رۇزى رەۋشەن.
ئەنە كۆردۈڭمۇ ئەھۋالىمنى، ئەي يار،
كى يادىڭ ئەيلەدىم ئۆزۈمگە غەمخار.
بۇ چېھرەمنى كۆرۈپ ھالىمنى بىلگىل،
نە مۇشكىلدۇر بۇ قەيس ئەھۋالى دېگىل.
ئايا لەيلىم - لەيلىم جان لەيلىم،
جەھان ئىچرە ساڭا تۈشكەن بۇ مەيلىم.
فىدا قىلسام ساڭا جانۇ تەنىمنى،
يۈرەك - باغرىمۇ جىسمى رەۋشەنىمنى.»
بىرى بىرگە غەمى ھالىن دېيىشىپ،
جۇدالىق داغى ئەھۋالىن دېيىشىپ.
قاراشىپ بىر - بىرىنىڭكى يۈزىگە،
سالىپ جانلار قۇلاقنى سۆزىگە.
كى بىر - بىر سۆزىگە مىڭ جان بېرىشىپ،
كى گويا دۇررۇ دۇردانە تېرىشىپ.
بۇ يەڭلىغ ھالدا لەيلى ئاتاسى،
دېدى: «ئەي جانىمە كۆزۈم قاراسى.
ھەيال بولدۇڭ نە ئىشقە جانۇ جانان،
كى مۇشكىلدۇر گەداغە بەرمەكىڭ نان.
بۇ يان پاتراق كېلىڭ، ئەي نۇرى دىيدەم،
فەلەك ئۆزرەكى ماھى نارەسىدەم.

## لەيلى مەجنۇندىن جۇدا بولۇپ ئۆيىگە كىرگەنى

جۇدا بولدى ئۇشۇل ھەيىن بىر - بىرىدىن،
جۇدا بولدىكى گويا كۆز نۇرىدىن.
ئاناسىغە كېلىپ لەيلىئى جانسۇز،
دېدى: «ئەي لەيلى، مىڭ جانۇ دىل ئەفرۇز.
گەداغە نان بېرىپ كۆڭلىن خۇش ئەتتىم،
كى گويا ھەق مەيىدىن نۇش ئەتتىم.
ئۇ ھەم بولسە خۇدايىمنىڭ قۇلىدۇر،
نە بىلگەيلەر ئانى جان بۇلبۇلىدۇر.
قىيامەت كۈنى گەر بولسە ئەلامات،
قىلۇر ھەق كۆزلەرىمنى كۆپ مۇباھات.
دېگەي: ئەي بەندەلەر، بۇ كور بەندە،
باسىپ يەنچىپ يۈرۈر بۇ كوھكەندە.
ماڭا تائەت - ئىبادەت ئەيلەدى رۇست،
مېنى دەپ ئۆزگەنى تەرك ئەيلەدى چۇست.
ئانىڭ ئەجرىغە دىيدارىمنى كۆرسۈن،
كى خىلئەت نېئمەت ئەلۋانىمنى كۆرسۈن.»
بۇ سۆزلەر بىرلە لەيلى مۇندا ئېردى،
خەيالى فىكرى ئول مەجنۇندا ئېردى.
كۆرۈڭ ئول مەجنۇنى زارى دىل ئەفكار،
ئۆزىن بىھۇش ئەيلەپ گاھى ھۇشيار.
كى مۇندىن فۇرسەتى تۈردىيۇ ياندى،
كى بۇ يەردىن يانىپ ھەقغە تاياندى.
كۆزۈم كور ئەيلەبان كۆردۈم نىگارىم،
جەھان ئىچرە شاھى گۈلئۇزارىم.
ئۇ كۈنكىم كور ئېردىم ئەمدى بىينا،
قۇلۇمنى تۇت بۇ ھالدا ھەيىي دانا.

كىشىكىم ئۆزگەدىن كور ئەتسە كۆزىن،
كۆرەر ھەقنى بولۇپ شاھى فىرۇزىن.
كۆزۈڭ مەجنۇن لەيلىنى كۆرۈبدۇر،
كۆڭۈل دامىغە سەيدىنى ئۇرۇبدۇر.
كىشى ھەقدىن تىلەسە دەرد بىرلە،
تىلەسە زارى ئاھى سەرد بىرلە.
تاپار ھەقدىن مۇرادۇ بارچە مەقسۇد،
بولۇر بەندە ئاگا بۇ مۇنچە مەۋجۇد.
بارى ئالەم ئارا ئول شاھ بولغاي،
جەھاندا دىل خۇشۇ دىلخاھ بولغاي.
جەھان ئەھلى باشىغە تاج بولغاي،
بارى مەۋجۇد ئارا رەۋاج بولغاي.
ئىسار ئەيلەر ئاگا دۇرر ئىلە جەۋھەر،
ياراشۇر باشىغە تاج ئىلە گەۋھەر.
ئانى تەئرىف ئەيلەپ خاس ئىلە ئام،
جەھاندا تاپغۇسى ئول بىر ئىكۇ نام.
ئۆزى ئۆچكەن بىلە ئول ئاتى ئۆچمەس،
خەلايىق كۆڭلى ئىچرە مىھرى ئۆچمەس.
كى ساقى ئەنتەھۇرادىن ئىچۈرگەي،
گۇناھى قانچە كۆپ بولسە كەچۈرگەي.
نەسىب ئەتكەي ئاگا جەنناتۇ ئەنھار،
بولۇر ئول مۇنچە دەۋلەتغە سەزاۋار.
كۆزىن كور ئەيلەبان تاپتى مۇرادىن،
تېگىپ مەجنۇنغە بىر نەۋرۇز بادىن.
ئۇ شۇندىن ياندى داغى دەرد بىرلە،
سارىغ رەڭ چېھرە ئاھى سەرد بىرلە.
دېدىكىم، «ئەي ئىلاھىم، ھەيىى سۇبھان،
ياراتتىڭ مۇر، مارى بارچە ئىنسان.
ماڭا لەيلىمنى كۆرسەتتىڭ يۈزىنى،
ئىشىتتۈردۈڭ نىگارىمنىڭ سۆزىنى.
ساڭا مىڭ قاتلە شۇكر ئايتاي ئوغانىم،
كى ھەددىن ئاشتى پەريادۇ فىغانىم.»
گەدالار تەرھىدە ئول بىۋەئى زار،
يۈرۈر ئېردى قىلىبان ئۆزىنى خار.

## ئول بىچارە مەجنۇن لەيلىنىڭ ئىشقىدا نە يەردە كەچ بولسە ئاندا قونغانى

نە يەردە كەچ بولسە ئاندا مەجنۇن،
ياتار ئېردى قىلىبان ئۆزىنى نۇن.
بەنى ئامىر ئاراسى بولدى مەشھۇر،
كى مەجنۇن ئۆز ئىشىغە بولدى مەغرۇر.
ھەمە دەر ئېردىلەر ئول قەيس جانى،
جۇنۇندا قىلمىش ئول تۈرلۈك فىغانى.
يۈرۈر ئېردى بولۇپ ئەلگە فەسانە،
بەنى ئۇزرا سارى بار ھەر بەھانە.
بەلايى ئىشق بىرلە مۇبتەلادۇر،
كى لەيلى كويىدا ئول بىنەۋادۇر.
گەھى لەيلىم دەيۇ فەرياد قىلمىش،
جۇنۇندا ئۇمرىنى بەرباد قىلمىش.
قونۇبدۇركىم نە يەردە بولسە كۈن كەچ،
كى ئاخىر ئۇمر مىڭ يىل بولسە ھەم ھەچ.
ئاتا ۋە ئاناسى خىشۇ بىگانە،
قاتىلماي يۈرۈر ئېرمىش ئول يىگانە.
بولۇبدۇر ئىشقىنىڭ دەرياسىغە غەرق،
كىيىپدۇر ئەگنىگە بىر ئەسكى خىرقە ①.
بولۇبدۇر بادىغە ئول گۇڭۇ نامۇس،
بولۇپ ئۇزرا ئېلىگە تۇرفە ناموس.
ئۆزىنى ھەجر بىرلە ئەيلەبان زار،
بولۇپ ئۆز ئۆزىگە دائىم جىگەر خار.
بەلايى ئىشقىدا مەھزۇن ئېرمىش،
كى لەيلى كويىدا مەجنۇن ئېرمىش.
شەرابى ئىشق ئېتىبان جۇشۇ جۇش،
بولۇبان ئۆز - ئۆزىگە ئول زەھەرنۇش.
يۈرۈر ئېرمىش كېچەلەر كۇچەۋۇ كوي،
كېزىپ ئالەم ئارا ئول سەرۋى دىلجوي.

---

① بۇ يەردە نىمە ئۇچۇندۇر قاپىيە بۇزۇلغان. ئەينەن ئېلىندى.

تاك ئاتقۇنچە ئۆيىنى چۆرۆلۆبدۇر،
كۆرەلمەي لەيلىنى بىسيار يۇرۇبدۇر.
بەناگەھ گەر ئەگەر تاپسە ۋىسالى،
دەرىندۇر جاندىن ئۆتسە تەندە هالى
ئەگەرچەندى ئۆزى مەهجۇر ئېرمىش،
ئۆز ئىشقىدە بەسى مەغرۇر ئېرمىش.
دەر ئېرمىش هەر نېمەرسە بەئزەنى دەرد،
ئېرۇر ئول دۇنيادا بىر ئەهمەقى سەرد.
ئۇ هەيندە مەجنۇنى بىپاۋۇ سەرنى،
بولۇب رەسۋا ئۆزىدىن بىخەبەرنى.

### مەجنۇن ئۆزىنى ئەۋۋەلقىدىن زىيادە رەسۋا قىلغانى

بۇ ئىشق ئوتىدا يوق ئېردى قەرارى،
كېچە ـ كۇندۇز ئىشى ئەفغانۇ زارى.
قارا بولدى كۆزىگە ئالەمى نۇر،
تۇشۇب مەجنۇن خەيالىغە ياراشۇر.
تۇگۇرمەن چەرخىدەك چۆرۆلدى باشى،
دۇرى غەلتان كەبى كۆزىدە ياشى.
چىقىپ ئەلدىن، چىلەدىنۇ بەشەردىن،
خەيالات ئەيلەبان بارچە خەتەردىن.
كىشى يوقكىم ئانىڭ هالىنى بىلسە،
ئانىڭ دەردىغە بىر دەرمان قىلسە.
نەچەكىم سەبرۇ تاقەت قىلدى مەجنۇن،
بۇ ئىشقى زور ئەيلەپ قىلدى مەهزۇن،
كى ئاخىر ئېلىتتى لەيلىنىڭ سارىغە،
كى گويا قىستادى گورنىڭ تارىغە.
يەنە كەلدى بەنى ئۇزرا ئېلىغە،
كى جانانى سەرائى مەهفىلىگە.
بۇ تۇفراقنى گەهى سۇرتۇپ يۇزىگە،
گەهى سۇرمە دەبان تارتتى كۆزىگە.
يۇرۇر ئېردى بۇ ئەل ئىچرە بولۇپ زار،
گەدا سۇرەت بولۇپ ئىت، مىشلەدىن خار.
نەچە كۇنلەر بۇ يەگلىغ تۇردى ئاندا،
قونۇپ يۇردى كېچە چۆلۇ يابادا.
بەناگەه هەركىشى مەجنۇننى كۆرسە،
خەيالى بار ئانى خاملا يۇيۇتسە.
يېراقدىن يورۇقى ئېردى مەيلى،
كى مېهنەت قانچە چەكسە ئانچە مەيلى.
بۇ مەجنۇنغە زەبانى تەئنە ئاچىپ،
كى گاهى لاي سۇنى باشىغە ساچىپ.
كى بىر يالغۇز بۆرىيۇ قويغە چاپتى،
گەهى مەجنۇننى كۆرۇپ تۇتتى، قايتتى.
كى تىللاپۇ سوقۇپ، قوغلار ئىدىلەر،
بۇ بىچارە جانىن داغلار ئىدىلەر.
گەهى نادان كېلىپ مۇشتلار ئىدىلەر،
بۇ كۇلفەتنى بەسى خۇشلار ئىدىلەر.
چوماق بىرلە يارىپ باشىن ئۇرۇپ تاك،
گىرىبانۇ قىلىپ تا ئېتەكىن چاك.
نەچەكىم ئۇرسالار باشۇ كۆزىگە،
كۇلەر ئېردى تۇرۇپ ئۆزىن ئۆزىگە.
دەر ئېردى: «يوق تاياقىڭلار ياراسى،
دىلۇ جانىم ئېرۇر مۇڭلار بەهاسى.»
دەر ئېردىكىم: «بۇ لەيلىمنىڭ تاياقى،
مېنى مىڭنى ئۇرارلار مەن باياقى.
ماڭا لەيلى ئىبەرگەن هەديەسىدۇر،
بۇ گۇل ئىككى جەهان سەرمايەسىدۇر.
كى مەن مۇنداغ ئىزالارغە تېرىكمەم،
بۇ مېهنەت قانچە بولسا مەن زىرىكمەم.
بۇ يەگلىغ كۇلفەتۇ تارتىپ ئەلەملەر،
شەرابى گۇل بولدى رەنجۇ غەملەر.
فەلەكدىن قانچە كەلسە ئالغان ئېردىم،
گەدالىق خورجىنىغە سالغان ئېردىم.
رىزا بىرلە كۆڭۆل لەيلىمگە بەرگەن،
جەفاۋۇ جەۋر ئۆز خەيلىمغە بەرگەن.
بۇ يەگلىغ مېهنەتۇ غەملەرنى تارتىپ،
مۇهەببەت دەردى كۆندىن كۇنگە ئارتىپ.

يۇرۇر ئېردى كېچە ـ كۈندۈزلە ھەيران،
يۈرەك بەريانۇ داغى باغرى بەريان.
دەر ئېردى: «ئاھ لەيلىم، ئاھ لەيلىم،
نىسار ئەتتىم ساڭا ئۇل جانى خەيلىم.»
گەھى فەرياد ئېتىپ ئاۋاز بىرلە،
ئۇرۇشۇپ بۇ فەلەكلەر ساز بىرلە.

ئاتاسىيۇ ئاناسى ياد ئەتمەي،
زەمانى كۆڭلىنى بىر شاد ئەتمەي.
نە يادىغە كېلىبان زاد خەيلى،
ئاڭا دەردى زەبان لەيلىيۇ لەيلى.
بۇ يەڭلىغ يۇرگەن ئېردى لەيلى كۆرمەي،
ئاڭا جان بەخش ئىكەن بىر لەئل كۆرمەي.

## كېلىپ خوجە نۇئمان ئوغلىنى سوراپ ئىستەگەنى

بۇ ئەسنادا ئاتاسى سوردى مەجنۇن:
«كۆرۈنمەيدۇر كۆزۈمگە قەددى مەۋزۇن.
قايان باردى مېنىڭ ئۇل نۇرى دىيدەم،
جەھان باغىدا نەخلى نەۋ رەسىدەم.
تېرىغان بىر گۇلۇم ئېردى باغىمدا،
قاۋۇرداغ ئەتتىم ئۆزنى ئۇز ياغىمدا.
سوراپ ئىستەپ تاپاي كۆزدە نۇرۇمنى،
كى ئۇممان بەھرىدىن چىققان دۇرۇمنى.»
سوراتىپ يۇرگەي ئېردى ئۇل مەھى پاك،
ئۆزىن غەمكىن ئىدى بىرەھنەۋۇ چاك.
يولۇقتى ئالدىغە بىر ئەھلى ھالى،
سۇخەنۋەر تۇتىيۇ ياخشى مەقالى.
دېدى: «ئوغلۇڭ بەنى ئۇزرا ئېلىندە،
كېيىپ ئەسكى چاپان، شوينى بېلىندە.
مۆرىندە خورجىنۇ قولدا تاياقى،
قولىدا كاسەۋۇ باشىدا تاقى.
گەدالار سۇرەتىدە ئۇل يۇرۇپدۇر،
سەراقەنىڭ قىزىنى چۆرۈلۈپدۇر.
بۇ پەرۋانە بولۇپدۇر ئۇل داغى شەمئ،
ئانىڭدىن ئۆرۈلۈبان بولمايىن جەمئ.
بولۇبدۇر لەيلى گۇل، بۇ قەيس بۇلبۇل،
سالۇر ئېرمىش جەھانغە قەيس غۇلغۇل.
كەيۇتەر لەيلىيۇ شەھباز مەجنۇن،
بولۇپ شاھىن يەڭلىغ جىسمى پۇرخۇن.

ئاڭا ئۇل، ئۇل ئاڭا بولدى خەرىدار،
بۇ ھەسرەت ئوتىدا گۇل بولدى، ئۇل خار.
كېچە ـ كۈندۈز قىلىپدۇر زارۇ ئەفغان،
ئۆزى بىر ئەبىر يەڭلىغ كۆزى باران.
كېچە ـ كۈندۈز نە ئۇيقۇ بار نە ئارام،
ئۇلار تا بولغالى بىر ـ بىرىگە رام.
نە ھاللارغە قالىپدۇر ئىككى بەچچە،
كى بىلمەس نېچەدۇر بۇ ئىككى بەچچە.
جۇدالىقغە رەۋا يوقدۇر ئۇلاردە،
ئەجەل كەلسە ھەم ئايرىلماس ئۆلەردە.
دەر ئېرمىشلەر جۇدا بولغۇنچە ئۆلگەن
نە ياخشىدۇر، يامان ئانداغ تىرىلگەن.
بۇ فۇرقەتىنىڭ ئەگەركىم بولسە جانى،
ئۇرۇبان ئاقتۇرۇپ ئاقتۇرسە قانى.
بولۇپدۇر نەچچە ئايۇ نەچچە يىللار،
كى مەكتەب ئىچرە بولغان مۇنفەئىللار.»
بۇ يەڭلىغ سۆزلەنى ئەيتۇرلار ئېرمىش،
ھەبا دەۋر ئۆزە ئىش دەيدۇرلار ئېرمىش.
دەر ئېرمىش لەيلى ھەم «مەجنۇن ـ مەجنۇن،
كۆكۈلدە دەردىڭۇ يۈرەكدە پۇرخۇن.
ئەلا ئەي مەجنۇنۇ پەژمۇردە ئەھۋال،
تەنىمدە تاقەتى يوق جاندە ئەھۋال.
كۆكۈلغە① مەھرەمىم بىر سەن ئېرۇرسەن.
جانىمغە ھەمدەمىم بىر سەن ئېرۇرسەن.

① ئەسلى قول يازمىدا بۇ سۆز «كۆكۈل» دەپ يېزىلغان، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن «كۆكۈلغە» دەپ ئېلىندى.

يەنە سەندىن بۆلەك يوقدۇر مۇرادىم،
قۇلاقىڭغە يېتەرمۇ ئەرزى دادىم.
دەر ئېردى: «ئاھ مەجنۇن، ئاھ مەجنۇن،
غەممىڭ قىلدى ئەلفدەك قامەتىم نۇن.
قاچان بولغاي ماڭا ۋەسلى جەمالىڭ،
كۆڭۈلدىن كەتمەسۇن ھەرگىز خەيالىڭ.
غەمىڭدە ئاھ مەجنۇن، ئاھ مەجنۇن،
سىرىشكىمنى قىلىپمەن ئۆزرە جەيھۇن.
سېنىڭ كويۇڭ مېنى شەيدا قىلىپدۇر،
جانىمغە يوق نېمە پەيدا قىلىپدۇر.
سارغارتتى بۇ قىزىل چېھرەمنى① دەردىڭ،
بولۇپ خەنجەر جانىمغە ئاھى سەردىڭ.
خەيالىمدا يۈرۈپسەن دال يەڭلىغ،
قاچان بولغۇم ساڭا مەن زال يەڭلىغ.
سەنۇ مەن بىز ئىكەۋ بىچارەدۇرمىز،
ساڭا مەن، سەن ماڭا② ئەۋۋارەدۇرمىز.
سەنۇ مەن بىز ئىكەۋ غەمخانە بولدۇق،
جەھاندا ئىشق ئىلە ئەفسانە بولدۇق.

سېنىڭ كۆيۈڭ مېنى شەيدا قىلىپدۇر
جانىمغە يوق نېمە پەيدا قىلىپدۇر.
مېنىڭ ئىشقىمدا سەن دىۋانە بولغان،
مېنى دەپ بارچەدىن بىگانە بولغان.
دەۋايى ئىشق يوقتۇر ئالەم ئىچرە،
بارىدا باردۇ، يوقتۇر ئادەم ئىچرە.
بەنى ئادەمدە باردۇر گەۋھەرى خاس،
يېتەر ھەق ۋەسلىغە كىم قىلسە ئىخلاس.
كىمى تاپسە بۇ سەۋدادىن ئەگەر سۇد،
ۋۇجۇدى ئالەمىن ئول قىلـدى نابۇد.»
بۇ يەڭلىغ سۆزلەرنى ئەيتۇر ئىمىشلار،
ئانى دەپ بارچەدىن③ قايتۇر ئىمىشلار.
بولۇپدۇر ئول نىگارىن مۇبتەلاسى،
قىلىپدۇر جانۇ تەن، كۆڭلىن فىداسى.
چىراغىمغە ئانىڭ پەرۋانە ئېرمىش،
ئانى دەپ بارچەدىن بىگانە ئېرمىش.
ئۇشۇندا، يوقسە تاپغۇڭ ئول بەلانى،
ئۆزى گۈلچېھرەئى كۆزى ئالانى.

×

خەبەر تاپتى مۇشەخخەس قەيس شۇندا،
كى جابدۇق ئەيلەدى بارماقغە ئاندا.
ئۆزىگە ھەمراھ ئەتتى نەچچە ئاتلىغ،
چۇنانچە جاندىن ئېردى قەيس تاتلىغ.
كېلۇر ئېردى بۇ يولدا پادشەھۋار،
قۇلاقلارىندا ئېردى دۇررى شەھۋار.
تەجەممۇل ئەيلەبان كىردى يولغە،
بەنى ئۆزرا سارى مەجنۇن كويىغە.

④×

يېتىپ كەلدى بۇ لەيلىنىڭ ئېلىغە،
باقار ئېردى سەراقە مەھفىلىگە.
نە كۆردىلەر يۈرۈپدۇر زار مەجنۇن،
كۆزى ياشى قىلىپدۇر دۇرر جەيھۇن.
بەرەھنە باشىۋ يۈرتۇق ياقاسى،
بولۇپ لەيلى غەمىنىڭ مۇبتەلاسى.
گەدالەر سۈرەتىدە كۆردى نۇئمان،

① ئەسلى قول يازمىدا بۇ سۆز «چېھرەم» دەپ يېزىلغان ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن «چېھرەمنى» دەپ ئېلىندى.

② ئەسلى قول يازمىدا بۇ سۆز «مەن ساڭا» دەپ يېزىلغان. مەنە ئېتىبارى بىلەن «سەن ماڭا» دەپ ئېلىندى.

③ ئەسلى قول يازمىدا بۇ سۆز «بارچە» دەپ يېزىلغان، ۋەزىن ۋە مەنە ئېتىبارى بىلەن «بارچەدىن» دەپ ئېلىندى.

④ ئەسلى قول يازمىدا كاتىپ بۇ بەلگە قويۇلغان ئورۇنلارغا قىزىل سىياھ بىلەن ماۋزۇ قويۇش ئۈچۈن ئورۇن تاشلاپ ئۆتۈپ كەتكەن. لېكىن ماۋزۇ قويۇلماي قالغان.

ئاتىدىن تاشلاپ ئۆزىنى ئاھۇ ئەفغان.
قۇچاقىغە ئالىپ: «فەرزەندى دىلبەند،
نە ھاللارغە قالىپسەن جانى پەيۋەند».
ئاقىزىپ ياشلارىنى دۇررى غەلتان،
كۆزى گوياكى ئېردى بەھرى ئۇممان.
دەر ئېردىكىم: «بوتام، جانىم قۇلۇنۇم،
نە مۇڭ باشىڭغە تۈشتى ئاي تولۇنۇم.
فىدا ئەيلەي جانىم، جانىڭغە ئەي جان،
خۇدا يەتكۈزگەي ئارمانىڭغە ئاسان.
نە بىچارە بولۇپسەن ئەي قۇياشىم،
غەمىڭدە تاش يەڭلىغ قاتتى باشىم.
نە قىلسام، ئەيلەسەم ياخشى بولۇرسەن،
نە ئىشلار بىرلە بىر ھالغە كېلۇرسەن.
بۇ ھالەتدىن زەبۇن ئولدى دىماغىم،
ساڭا مەنزىل ئېرۇر كۆزدە قاراغىم.
باشىمغە كوھى غەملەرنى يىقىتتىڭ،
ماڭا كەڭرۇ جەھاننى تار ئەتتىڭ.
نەچۇك سەييياد دامىغە تۈشۈپسەن،
كۈنى قاتلا ئۆلمەككە تۇرۇپسەن.
نە سەييياد ئېردى سېنى تورغە ئالدى،
سېنىيۇ مېنى ھەم بۇ ھالغە سالدى.
ئايا، ئەي نۇر دىيدەم سەرۋ قەددىم،
سېنى ھەق ھەرنە قىلسا يوقدۇر ھەددىم.
ئايا، ئەي دىل شىكەستە زار بوتام،
بەنى ئۇزراغە بولغان زار بوتام.
ئۆزۈڭنى ھەم مېنى سەن خار قىلدىڭ،
ئىككى جاننى داغى ئەفكار قىلدىڭ.
بەنى ئۇزرا ئېلىدىن خالاساڭ قىز،
ئالايىن قىلاي ئىلىكىڭگە تەئۇدىز».
تۆكۈپ ياشنى مەجنۇننىڭ يۈزىگە،
بۇ مەجنۇن كىردى نۇئمانىنىڭ سۆزىگە.
بۇ مەھزۇنغە بولۇپ ئەندەك فەراغى،
دىل ئاسا بىرلە بولدى خۇش دىماغى.
قۇچۇپ بويىنىن ئەيلەپ زار ئۆزىن،
ھەم ئولدەم كۆيدۈرۈپ شەمئى فىرۇزىن.

تىيالماي ئۆپكەسىنى خاجە نۇئمان،
بارۇر ئېردى ياشى چۇن ئەبر باران.
ئاتاسى بىرلە مەجنۇننىڭ ئىشى يوق،
كى لەيلىدىن ئۇكۇن ھېچ ئەندىشى يوق.
ئاتاسى يىغلابان «ئوغلۇم» دەيدۇر،
بۇ مەجنۇن يىغلابان «لەيلىم» دەيدۇر.
بۇ ھالەتنى كۆرۈبان قالدى ھەيران،
خۇداغە ئەيلەدى مىڭ ئاھۇ ئەفغان.
ئىلاجى يوق ئالىپ كەلدى ئۆيىگە،
بىر ئوتقاچ ئوت تۇتاشتى بار ئۆيگە.
چىقىپ كۆردى ئاناسى قەيس ھالى،
نە بولدۇڭ ئەي بوتام دەپ بىر سوئالى.
ئاناسىغە باقىبان تۇردى ھەيران،
بارۇر ئېردى ياشى چۇن ئەبر باران.
ئاناسى قىلدى ئۆزىن پارە-پارە،
يۈرەك-باغرىنى تىرماپ قىلدى يارە.
فىغان دەردلەر بىلە يىغلاپ خۇداغە،
كى مۇرغى نىم بەسمىلدەك فەناغە.
دېدىكىم: «ئەي قۇلۇنۇم زار مەجنۇن،
بەنى ئۇزرا قىزىغە زار مەجنۇن».
دېدى: «جانىم نىسار ئەتسەم باشىڭدىن،
كى بىر قەترە كەمىيەرمۇ كۆز ياشىڭدىن.
فىدا قىلسام ساڭا كۆپ مال ئىلە جان،
تىيۋەۋۇ ئاتۇ قوي قىلسامكى قۇربان.
باشىمنى چالىبان ھەقدىن تىلەسەم،
گاھال شەمشىرنى تاشقە بۆلەسەم.
نە ئىش بىرلە بۇ دەردىڭنىڭ دەۋاسى،
تاپار ئىككى قەرى ئۆزىنىڭ نەۋاسى.
كېچە تاڭ ئاتقۇچە يادىڭدا يىغلاپ،
قىزىلگۈل لالەدىن باغرىمنى داغلاپ.
ئۆتەر ئۇمرى جەھاندا بىر قېرىنىڭ،
كى بار ھەر كىمدە فىكرى دىلبەرىنىڭ.
نەچۇك بىر دىلبەرى كۆڭلىنى ئالدى،
كۆيەر ئوتلار ئارا بىزلەرنى سالدى.
نە ئۆچمەس ئوت ئېرۇر بىر شۇئلە ئۇرغان،

نە بىر سەيياد ئىدى ئول دام قۇرغان.
كەمەندى ھەلقە زۇلفىغە ئالىپدۇر،
سېنى زىندانى غەم ئىچرە سالىپدۇر.
كى يۈزدە بىر گۇلۇڭ ئەمدى ئاچىلدى،
سەبا بادى بىلە بەرگىڭ ساچىلدى.
جەفايى يار ئىلە بولدۇڭ گىرىفتار،
نە ياخشى ئېردى بولسە يار غەمخار.
ئەلا ئەي جان قۇشى ھەيران بوتام،
بۇ كۆڭلۈڭ لەيلىگە ۋەيران بوتام.
ساڭا بىر سۆز ئېيتسام گۇش قىلساڭ،
كى بىر جۇرئە شەرابى نۇش قىلساڭ.
كۆڭۈلدىن ئەندەكى بۇ ئوت ساۋۇغاي،
سېنىڭكى ئەندەكى ئەقلىڭ ياۋۇغاي.
قىلىپ بەرسەم كەباب ئەتسەڭ تەناۋۇل،
كى نەفسىڭ لەشكەرى قىلسە چاپاۋۇل.
ھەرارەتدە يۈرەك - باغرىڭ قۇرۇپدۇر،
غولى غۇلجاڭغە ھەم لەيلى ئۇرۇپدۇر.
دەۋاسىز دەردغە خۇش مۇبتەلاسەن،
نەۋالىغلار ئارا سەن بىنەۋاسەن.
ئول ئاغرىق سەندە ئېرمىش بىزدە بولدى،
يۈرەك - باغرىم تەمامى چەرگە بولدى».
ئاناسىنىڭ سۆزى ياقماس قۇلاقغە،
بۇ مەجنۇننىڭ سۆزى ئوخشار بۇلاقغە.

×

دېدىكىم: «ئەي ئانا كۆپ سۆزلەمەگىل،
مېنى بۇ ئىشق ئوتىدىن كىزمەگىل.
تۇتاشىپدۇر بۇ ئوت جانۇ تەنىمگە،
ۋۇجۇدۇم داغى بارچە خىرمەنىمگە.
بۇ ئوتدىن مەن قۇتۇلمام تا قىيامەت،
ۋۇجۇدۇم ئىچرە بولغاي مىڭ ئەلامەت.
مېنى بىھۇدە سۆزلەرگە ئاۋۇتما،
ئېرىڭ بىرلە مېنى تۇرفە كايىتما.
بۇ سۆزلەر بىرلە مەن تاپسام تەسەللى،
ۋۇجۇدۇمغە قىلىپدۇر ھەق تەجەللى.
خۇدانىڭ ھەدىيەسىدۇر بىلسەڭ ئەسرۇ.
ئاسىغ قىلماس كى باغرىڭ تىلساڭ ئەسرۇ.
مېنى ئول ئۆزىگە شەيدا قىلىپدۇر،
جانىمغە يوق نىمە پەيدا قىلىپدۇر.
كىشى ئاندىن مېنى ئايرىپ ئالالماس،
پىچاقنى تاشقە قايرىپ سالالماس.
قۇچاقداقى سۇنى باغلاپ بولۇرمۇ،
بۇ مەجنۇننى داغى داغلاپ بولۇرمۇ.
كۆتەرگەنگە بولۇرمۇ بارچەئى تاغ،
قويارسەن باشمە داغ ئەيلەبان داغ.
ئىشى ئوتنىڭكى كۆيدۇرمەك ئەمەسمۇ،
ئوتۇنۇڭكى ئىشى كۆيمەك ئەمەسمۇ؟
كىشىنىڭكى قولى ئايغە يېتەرمۇ،
كى لەيلى مېھرى مەجنۇندىن كېتەرمۇ.
نەسىھەت قىلغانىڭ گوياكى قامچى،
ئېرۇرمەن لەيلىگە گويا ئۇلامچى.
نەسىھەت كار ئېتەرمۇ ئوتۇ سۇغە،
ماڭا دېگەن سۆزۈڭ ئالغىل ساۋۇغە.
كى ئاتنى شۈك تۇتارمۇ قامچى ئۇرسە،
كېرەك ئاشقىكىم ئاھ ئۇرسە.
نەسىھەت قىلماغىل، ئەي مېھرىبانىم،
كى ھەددىن ئاشقۇسى ئاھۇ فىغانىم.
ماڭا ئانداغ نەسىھەت كار قىلماس،
كىشى مەندەك بالاسىن ئار قىلماس.
جەھان ئىچرە مېنى ئول شاھى غەمخار،
بۇ يەڭلىغ ھالغە ئەيلەپ گىرىفتار.
ئانىڭدىن بولماسا مەندىن نە بولغاي،
كى مەندىن بولماسا ئاندىن نە بولغاي.
ئەمەس مەندىن بۇ ئىشلار ئۆزىدىندۇر،
يۈزى، قاشى، كۆزىيۇ سۆزىدىندۇر.
ئېرۇر ئول پادىشاھى مەن كەمىنە،
كى مەن ھەلقە ئېرۇرمەن ئول نىگىنە.

نه ھەد بولغاي قولدا ئاشىق ئۇلغاي،
قىلىپ شىرىن ئۈزىن فەرھاد بولغاي.
تەمەننايى ۋىسالى زار قىلمىش،
گەدادەك شاھلارنى خار قىلمىش.
ماڭا يار ئۇلدى مىڭ ئەرمان بىرلە،
كۆڭۈل بەردىم ئاڭا مىڭ جان بىرلە.
كىمى باشىن بۇ ئىشدا گوي قىلسە،
خەيالى ئول شەھى دىلجوي قىلسە.
تىكەنسىز بولسا ئانى گۈل دىمەسلەر،
فىغانى يوق ئىسە بۇلبۇل دىمەسلەر.
ئىرۇر ئول خوجە مەن بىچارە بەندە،
خوشى بار شاد ئەيلەر خاھ خەندە.
سالىپدۇر بارچە بەندىم غۇل زەنجىر،
بولۇپدۇرمەن ئاڭا گۇياكى تەمغىر.
قەفەسدۇر ئول ماڭا مەن زار بۇلبۇل،
كىچە-كۈندۈز ئىشىم ئەفغانۇ غۇلغۇل.
ئەگەر قۇشكىم قەفەسكە بەند بولسە،
قۇتۇلماق يوق ئاڭا ھەرچەند قىلسە.
كەمىن زىندانغە سالسە شاھ دۇرراج.
ئىلاجى يوق ئانىڭ بولماقغە ئىخراج.
نە سۆزلەردۇركى سەن ماڭا دىيۇرسەن،
ماڭا بىھۇدە سۆزلەرنى دىيۇرسەن.

بۇ سۆزلەرىڭ بۇ سۆزگە كار قىلماس،
جەھان باغىدا گۈل بىخار بولماس.
قىيامەتكە داغى ئاشىق ئىرۇرمەن،
كى ئول شىرىنۇ مەن ۋامىق ئىرۇرمەن.
بۇ ئالەم باردۇر مەجنۇن ئاتىم ئۆچمەس،
خەيالىمدىن بۇ لەيلى مىھرى كۆچمەس.
ئىلاھا، بىر ئۇتۇم مىڭبىر بولسۇن،
كۈنى كۈندىن ئاڭا تەۋفىر بولسۇن.
زىيادە قىلغاسەن بۇ ھالەتىمنى،
جەھانغە بەرمەگۈم بۇ دەۋلەتىمنى.
كى خالى قىلما زىكرىدىن زەبانىم،
بۇ ھەسرەتدە تەنىمدىن چىقسە جانىم.
ئۇ كۈن ۋەسلىن ئەگەر خالاسا كۆزۈم،
ئويۇپ تاشلاي ئانى ئۆز قولدا ئۆزۈم.
ئۇ كۈننى بۇ كۆڭۈل ئەرمان قىلسۇن،
كى مەھزۇن جانىمە دەرمان قىلسۇن.
كى فىكرىم قىلسە غەيرىنىڭ خەيالى،
نەسىبىم قىلماغىل ھەرگىز ۋىسالى.
ئىجابەت قىل بۇ بىكەسنىڭ دۇئاسىن،
كى ئارتۇرغىل كۈنى-كۈنگە دەۋاسىن».
ئاتاۋۇ ئاناسى قىلدىلار ئەفغان،
بۇ سۆزلەر بىرلە قىلدى كۆڭلى ۋەيران.

× ×

دىدىلەر يىغلاشىپ: «ئەي جان فەرزەند،
ئىرۇرسەن سەن بىزىڭكى جان پەيۋەند.
تاپالماسمىز بۇ دەردىڭغە دەۋايى،
كى شەيخقە ئىلتىسام قىلسە دۇئايى.
ئۇ شۇندا بىر ئىلاجى تاپغۇمىزدۇر،
كۆڭۈل دەردى دەۋاسىن تاپغۇمىزدۇر».
دىدى خوجە كۆچىگە: «ئەي خوجەستە،
بۇ ئوغلۇڭدىن ئۇمىد ئۈزگىل خوجەستە.
ئالىپ ئول پىر قاشىغە بارايىن،
يۈرۈپ ئول شەيخ يولىدا ھارايىن.

كى شايەد بىر دۇئا بىرلە مۇناجات،
كى بىزگە قىلسە بولغاي ئول مۇباھات.
بارىپ ئەيلەي ئاڭا مەن ئەرز ئىلە داد،
كى شايەد بولغۇمىزدۇر غەمدىن ئازاد.
كۆزۈم ياشى بىلە قىلسام تەھارەت،
كى نۇئمان ئەيلەگەي باشىدىن ئىمارەت.
سىرىشكىم ئەيلەسەم مەن زور جەيھۇن،
كەباب ئەتسەم جىگەرنى، ئۆزنى پۇرخۇن.
ئالىپ بارسام ئاڭا نەزرى-چىراغى،
فىدا قىلسام ئاڭا كۆزنىڭ قاراغى.

Altun

ئاياغىغە يىقىلىپ كۆزنى سۈرتسەم،
ئاڭا بۇ ھالدىن كۆپ ئەرز ئەتسەم.
كى شايەد ئېئتىقاد ئىلە دۇئايى،
كى قىلسە بىرگە بولغاي مىڭ دەۋايى.
ئەۋەلدە ھەم شۇنىڭ ئېردى نىيازى،
كى شايەد بىرگە قىلغاي دىلنەۋازى.
ئەجەب ئېرمەس بوتام ئازاد بولسە،
بۇزۇلغان كۆڭلۈمىز ئاباد بولسە.
قۇتۇلغاي بۇ بالا ئانداغ بەلادىن،
قۇتۇلدى كىرپە گويا بىر بەلادىن.
مۇشۇ كىدىن گويىيا ساچقان قۇتۇلدى،
نەھەڭ بىر شىرماھىغە يۇتۇلدى».
خوجەستەغە بۇ يەڭلىغ سۆزلەر ئېيتىپ،
ئالىپ نەزرى نىيازۇ جابدۇغ ئېتىپ.

×

كى ئەلقىسسە شەيخ قاشىغە ئىلتىتى،
كۆڭۈلنى دەرد-غەملەردىن ئېرىتتى.
چۇنان بادەردى سوزۇ ئاھۇ ئەفغان،
بولۇپ زارۇ تەزەررۇئ بىرلە گىريان،
دېدىكىم: «ئەي كۆزۈم نۇرى ئەزىزىم،
جەھان تەختىدە شاھى باتەمىزىم.
ئۈلەر بولدۇم بۇ ئوغلۇم دەردىغە مەن،
دۇئا قىلساڭ بۇ ئاجىز ھالىغە سەن.
كى ئاچساڭ ھەققە بۇ سىرنى سەراسەر،
ئىككى كۆزۈڭنى بىر قىلساڭ بەرابەر.
ئارىغ كۆڭلۈڭ بىلە قىلساڭ مۇناجات،
سەنالار بىرلە كۆپ قىلساڭ تەھىييات.
شەفىئ ئەتسەڭ بېرۈركىم لەۋھ ئىلە ئەرش،
قەلەم كۈرسى بىلە جەننات تا فەرش.
مەلائىكلار بىلە بارچە نەبىنى،
كى ياد ئەتسەڭ بارى ئاشىقلارىنى.
ئاراغە تۈشسە بۇ مۇنچە زەكىييات،
ئىجابەت بولغۇسى قىلغان مۇناجات.
بولۇر بۇ بەچچەنىڭ دەردىغە دەرمان،
كى بولغاي تا مېنىڭ سىررىمغە مېھمان».
پەرىشان ھال ئولۇپ ئول شەيخ زاكىر،
كەچۈرگەن ئۆمرىنى زىكر ئىلە شاكىر.
يىغى-زارى بىلە دەستارىن ئالدى،
رىداسىنى ئالىپ بويىنىغە سالدى.
خەيالى باركى بىر قىلسە دۇئايى،
بۇ نۇئمان دەردىگە بولسە دەۋايى.

×

ئۇشۇل ھەيىن ئورنىدىن دەست قوپتى مەجنۇن،
كۆزىن پۇر ئەشك ئەيلەپ، ئۆزنى پۇرخۇن.
دېدى: «ئەي پىرمەردى رۇھى ئەفزا،
مېنىڭ كۆڭلۈمگە بىر قىلغىل دىل ئاسا.
دۇئا قىلساڭ ماڭا قىلغىل ئەكابىر،
مېنىڭ ئىشقىم كۆڭۈلدە قىلسۇ تەۋفىر.
داغى بۇ بىر ئوتۇم مىكبىر بولسۇن،
بۇ ھالىم ساھىبى تەدبىر بولسۇن.
كى بولماسۇن بۇ ھالىم زەررەئى كەم،
كى ئارتسۇن دائىما مىڭ ئۈزرە مىڭ غەم.
كۆزۈمنىڭ ياشى بولسۇن بەھر ئۇممان،
دەمادەم ئەيلەيىن مىڭ ئاھۇ ئەفغان.
كى ئارتسۇن دەمبەدەم، سائەت بەسائەت،
ھەرارەت ياش ئىلە ئەيلەپ تەھارەت.
كۆڭۈلدە ئۈكسۈمەي ئول لەيلى يادى،
يۈرۈمەسۇن بۇ جانىم ئەيشى شادى.
نەشاتى ئەيش راھەتنى ھەرامىم،
كى قىلسۇن ھەق مېنىڭ لەيلى كەلامىم.

كىچە ـ كۈندۈز ئانىڭ يادى تەنىمنى،
زەبۇن ئەتسۇن بۇ زاھىر، باتىنىمنى.
كى مىڭ بولسە جانىم بولسۇن فىداسى،
كۆڭۈلدە بولسە ئىشقى ماجەراسى.
بۇ ئىشقىم بىرلە ئەقلىم بولسە جارىپ،
بولايىن جۇرئەسىدىن قەترە شارىب.
تاپاي ئول جۇرئەدىن دەردىمگە دەرمان،
ئىچىپ ئۆلسەم ئىچىمدە قالماس ئەرمان.
ئەلا ئەي بۇزۇرگى فەرخۇندە ئەھۋال،
ئەلىنى قەددىمنى ئىشقى ئەيلەسۇن دال.
گەھى چېھرەمنى قىلسۇن زەئفەرانى،
قىزىل ياشىمنى قىلسۇن ئەرغەۋانى.
تامىپ تۇرغان ياشىم مېھرىم ئارتسۇن،
يۈزۈم گەردى ـ غۇبارىنى ئارتسۇن.
زەبۇن ئەتسۇن بۇ باغۇ بوستانىم،
خەزان ئەتسۇن گۈل ئىلە گۈلستانىم.

×

بۇ بىچارە تەخى سۆزدە ئىدى پاك،
قاراپ قالدى يۈزىگە شەيخ چالاك.
دېدى: «ئەي خاجە نۇئمان بۇ نە سۆزدۇر،
بۇ ئالەم ئىچرە بارمۇكىم نە سۆزدۇر.
بۇ سۆزلەر بارچەسى جانىمغە مەقبۇل،
قۇلاغىمغە ياقىپ كۆڭلۈمگە مەئقۇل.
بۇ مەئقۇلنىڭ جەۋابى يوق ئېرۇر بىل،
جەۋابىغە سۆزۈڭنىڭ فىكرىنى قىل.
ئەلا ئەي خوجەئى خۇرشىد فەرسا،
ئىشىڭ نەدۇر كۆڭۈللەرگە دىل ئاسا.
ئالىڭلار لەيلىنىڭكى خاكى كويى،
يەنە بىر پارەئى ئىتىنىڭكى مويى.
ئۇ تۇفراقنى ئاڭا تەئۋىز ئەيلەڭ،
كى بەئزى نەرسەدىن پەرھىز ئەيلەڭ.
يىغىسى پەست بولغاي بۇ بالانىڭ،
بۇ ئىشق كويىداقى شىرىن بەلانىڭ.

پەراغى ئەيىش شامىمنى ئۆچۈرسۇن،
دەمادەم زەھر خەملەرنى ئىچۈرسۇن.
داغى ئەيلەي شەرابى ئىشقىدىن نۇش،
كى قىلسۇن كۆڭلۈمە جۇش ئۈزرە مىڭ جۇش.
ئانىڭ شەمئىغە مەن پەرۋانە بولسام،
كىچەدىن تا سەھەر دىۋانە بولسام.
بۇ ئالەم بولسا مەن بولسام خەيالى،
مۇيەسسەر بولماسا لەيلى ۋىسالى.
كى مەن قۇش بولسامۇ ئول بولسە سەيياد،
پەرۇبال چاڭگالىدا بولسام بەرباد.
ۋىسال ئەرمانىدا مىڭ چىقسە جانىم،
جەھانغە تولسە فەريادۇ فىغانىم.
قىران ئولسۇن كۆڭۈلدە ئىشق جانى،
قىيامەت كۈنىدە كۆرسەم ۋىسالى.
نە تاقەت بولسە جانىمدا نە ئارام،
دۇئا بولسۇن بو يەڭلىغ سەندىن ئىنئام.

×

ئانىڭ ھالىغە ھەرگىز ئۇرماغىل چەڭ،
تولا قىلمە ئانى سەن ئۆيدە دىلتەڭ.
تولا ساقلاماغىل ئۆزنىڭ باغىدا،
كەباب ئەتمە ئانى كۆزنىڭ ياغىدا.
ئەمەس ئىشقى ئانىڭ ئىشقى مەجازى،
بولۇپدۇر ھەق ئانىڭكى دىلنەۋازى.
جەفا قىلما ئاڭە سەن زار ئەيلەپ،
خەراب ئەتمە ئانى بىخار ئەيلەپ.
ئاسىغ قىلماس ساڭا يۈزمىڭكى قىلساڭ،
يۈرەك ـ باغرىڭنى ھەم مىڭ پارە قىلساڭ.
مۇنى ئۆز ھالىغە قوي رىش قىلما،
تۈمەن بەلايى داغى پيش قىلما.
ئۆيۈڭگە ئىلتىكىل ئۆز ھالىغە قويغىل،
ئانىڭ ئىشنى سەن ئۆزلە قويغىل.
سەنۇ مەندە ئەمەس بۇ ئىش ياراغى،
ئۆچۈرگەيمىز بۇ مەجنۇننىڭ چىراغى.

نە بولغايكىم سەنۇ مەن بىز ئىكەۋدە،
بۇ ئىشقى زەۋقى يوقتۇر بىز ئىكەۋدە.

×

بىزىڭ تەدبىرىمىز بولغاي ھەمە ھېچ،
ئىشىمىز بولغۇسىدۇر ھېچ ئىلە ھېچ.
گۇمان قىلمە ئانى جان بۇلبۇلىدۇر،
كۆڭۈلدە جانۇ تەن ئىشق غۇلغۇلىدۇر.
رەۋا ئېرمەس ئانى مەنئ ئەتمەك، ئەي دوست،
قاياشىغە بولۇپدۇر لەيلى بىر پوست.
كۆيەرسەن مەن ھەم ئول خاشاك يەڭلىغ،
بولۇرمىز ئالەم ئىچرە خاك يەڭلىغ.
كى بولماس ياندۇرۇپ رائى خەيالىن،
كى يەتكەي ھەققە ئول ۋەسلۇ ۋىسالىن.
بۇ ئەھلىللاھنى ياندۇرسە بولماس،
ئەزازىلدەك ئانى ئازغۇرسە بولماس.
تاپىپ ئول ھەق ساريدىن بىر ھىدايەت،
قىلۇر بۇھتان لەيلىدىن ھىكايەت.
تەۋەككۇل ئەيلەبان تاپشۇر خۇداغە،
ئىشىڭنى تاشلاغىل ئول غەمگۇزاغە.
نەقىلسۇن يىغلاماي بۇلبۇل كەبى زار،
ئاڭا ھەق ئىشقى بولسە يار غەمخار.
نە قىلسە ئول قىلۇر جەببار ئېرۇر ئول،
مۇھەببەت سىررىدىن ئەسرار ئېرۇر ئول،
بېرىپدۇر ئوغلۇڭا بىر جام بادە،
بولۇبدۇر ئول سەبەبدىن پۇختە سادە.
خۇدانىڭ تەقدىرى تەدبىر بىرلە،
بۇزۇلماس مىڭ دۇئا-تەكبىر بىرلە،
خۇدانىڭ تەقدىرىغە يوقتۇ چارە،
يۇغان بىرلە ئېرىماس سەڭگى خارە».
تەمام ئەتتى سۆزىن شەيخى دىل ئاسا،
بۇ نۇئمانغە بولۇپ مەجنۇن دىل ئارا.
تەۋەككۇل ئەيلەبان ھەققە تايانىپ،

ئانىڭ ئەھۋالىنى بىلمەسمىز، ئەي يار،
بولالماسمىز ئانىڭ ھالىغە غەمخار.

×

يۈرۈر ئالەمدە مەجنۇنغە قوۋانىپ.
ئالىپ ياندى ئانى بىچارە نۇئمان،
كۆزىدە ياشىيۇ كۆڭلىدە ئەرمان.
ئىكەۋ ھەسرەت بىلە كۆڭلىدە ئاھى
جەھانغە ئوت سالىپ ئەزماھۇ ماھى.
دېدى خاجە كۆچىگە: «ئەي خوجەستە،
قىلىبان شەيخ ئۇممىدىم كۇشەستە.
نەسىھەتلەر ماڭا ئول قىلدى بىسيار،
دېدى: «مەجنۇنغە بەرمەڭ فەتھ ئازار.
يېسۇن بىچارە مەجنۇن ئۆز غەمىنى،
قاتىلماڭلار بارى كەمنىڭ كەمىنى.
تۈز ئۈستۈن توغراغۇ قۇيماڭلار دەيدۇر،
ناسۇر داغىغە نىيش ئۇرماڭلار دەيدۇر.
كى جۇش ئۇرغان قازانغە قۇيماڭىز سۇ،
قىزىغان جانۇ كۆڭلى ساۋۇماسۇ.
قولۇڭدىن كەلسە گەر ساۋۇقنى قىل داغ،
ئەگەر سۇ بولسە ھەم بولغۇسىدۇر ياغ.
بۇ مەجنۇنغە مەلامەت قىلماڭىزلار،
بۇ گاھىلغە ئاھانەت قىلماڭىزلار،
مەنۇ سىزلەردە ئېرمەس ئىشق بەندى،
نەسىھەت بولماغاي ئاشىق پەسەندى.
كى بىھۇدە ئاڭا بولماڭلار ناسېھ،
ئاڭا بەرگەن فۇتۇھى فەتھى فاتېھ.
بېرىڭلار خاتىرىغە كۆپ تەسەللى،
قىلىپدۇر ھەق بۇ مەجنۇنغە تەجەللى.
دەرۇ دىۋارنى قىلماڭلار ۋەيران،
ئاڭا ھەمخانە بولغاي ئىشقى ھىجران.
كى داغى ئىشق جانغە تۈشۈپدۇر،
بۇ يەڭلىغ دەرددىن كۆڭلى پۇشۇپدۇر.
غەمۇ دەردۇ بەلاغە يار بولغان،

مەلامەت كوچەسىدە خار بولغان.
تېگىپدۇر ئىشق ئوتى جانۇ دىلىغە،
تۇتاشقان ئوت ئېرۇر ئابۇگىلىغە.
بولۇپدۇر يار غەملەر مۇبتەلاسى،
شەبى مۇشتاق ئېردى ئىبتىداسى.
داغى ئەيلەك بۇ ئاجىز كۆڭلىنى شاد،
ۋەگەرنە ھەق دىلىڭنى قىلسە بەرباد.
بۇ يەڭلىغ چارەسىز بىچارەلەرنى،
نەۋاسىز بولغان ئول ئەۋۋارەلەرنى.
ئاڭا دەسگىرلىق قىلغان كىشىلەر،
كى بولسۇن خاھى ئەركەك خاھ تىشىلەر.
خۇدا قىلغاي ئانىڭ كۆڭلىن سەرئەنجام،
بېرىپ ئالەمدە جەننات بىرلە ئىنئام.
ئاياغدىن ـ باش يولىغە ئام بولغاي،
ئانىڭ يادىنى سۇبھۇ شام بولغاي،
كى تولغاي ئالەمى شادى ئىچىدە،
غەمۇ مېھنەتدىن ئازادى ئىچىدە.
سەراسەر سىررۇ ئەسرارىنى بىلگەي،
ئاچىپ غەفلەت كۆزىن يارىنى بىلگەي،
ئۇشۇنداغلار نەسىھەت قىلدى بىزگە،
كى مەن ھازىر ئىدىم غايىبانە سىزگە».
خوجەستە ئەيدىكىم: «ئەي خاجە نۇئمان.
تاپىلمايدۇر بىزىڭ دەردلەرغە دەرمان.
كى ھېچ سۆز قالمادى ئول شەيخ ئايتتى،
مېنىڭ جانۇ دىلىمغە تۇرفە ئۆتتى.
يولۇقۇپمىز بۇ دەردى بىدەۋاغە،
دىل ئاسا قىلسە ياخشى بىنەۋاغە.
ھەۋايى ئىشق باشىغە تۈشۈپدۇر،
باشىدىن ساچ قاشىغە تۈشۈپدۇر.
ئانى مەنئ ئەتمەلى ئانداغ بولسە،
تىرىك بولسۇنكى ھەر قانداغ بولسە.
خۇدانىڭ قىسمەتى بىر رەڭگى باردۇر،
ئانىڭ كۆپ رەھمەتى دىلتەڭگى باردۇر.

ئاڭا سۆزلەر ئەگەر قىلماسا پايدا،
بولۇر بولسە تەخى يارىغە شەيدا.
نە لازىمدۇر ئاڭا سۆزنى ئايتماق،
ئانىڭ جانىنى بىھۇدە كايىتماق،
نە قىلسە بەندەئى بىچارەدۇرمىز،
خەلايىق ئىچرە باغرى پارەدۇرمىز.
ياراتىپدۇر بىلۇر ھەرنە قىلۇر ئول،
قىزىتىپدۇر بۇ مەجنۇنىنىڭ شورىن ئول.
قىزىتۇرلار تونۇرنى نان ياپارغە،
بېرىپ مەھبۇبغە جانلار تاپارغە.
كى ئول جانانىگە مىڭ جان تەخى ئاز،
كى يۈزمىڭ جان بىلە بولسە نەۋاساز.
ئايارمۇ جانىنى جانانەسىدىن،
پۇرسىتىش قىلغان ئول تەنجانەسىدىن.
ئاياپ تۇتسۇن ئانىڭدەك يار جاننى،
تەئەللۇق بولسەۋۇ ياد ئەتسە ئانى.
ئاڭا ھەم بىز تەخى قۇربان بولالى،
كويىدا ئۆرۈلۈپ ھەيران بولالى.
باشىمىزنى قىلالى كويىدا گوي،
مۇيەسسەر ئەيلەپ ئولساڭ بولغۇسى شوي.
نە غەم ئانداغ كىشىنىڭ يارى بولسە،
ئىككى ئالەمدە بىر غەمخار بولسە.
غەمدىن يېسە داغى قولىن تۇتسە،
قاراڭغۇ تۈندە ھەم يادىدىن ئۆتسە.
كىشى بىر ياد قىلسە مىڭ قىلۇر ياد،
ئۆتەر ئالەم ئارا غەملەردىن ئازاد.
ئايا ئەي نۇرى دىيدەم خاجە نۇئمان،
قىدا قىلساق ئاڭا جان يوقتۇر ئەرمان.
كى ئەمدى رازى بەردۈك بىز قەزاغە،
ۋەگەر نە قالغۇمىز تۈرلۈك بەلاغە».
قويۇپ بەردى بۇ مەجنۇننى ئۆزىگە،
كۆلەر ئېردى تۇرۇپ ئۆزىن ئۆزىگە.

×

بۇ يەڭلىغ ئۇل نەچە كۈن پەست بولدى،
يېڭىباشدىن يەنە سەرمەست بولدى.
كۆزىدىن ياش ئاقىپ بولدى زەھەر نۇش،
بولۇر ئېردى ئاغزىدىن كۆپۈك دەر جۇش.
ئىچى قاينار ئىدى چۇن خۇم بادە،
كى ھەر نەرسە دەر ئېردى بەئۇزەلەردە.
يەنە بۇلبۇل كەبى سەرمەست بولدى،
كى ئەشكى لالە گۇنلار پەست بولدى.
دەر ئېردى «ئاھ لەيلىم، ئاھ لەيلىم،
كى دايىم سەندە ئېردى مېھرى مەيلىم.
نەچە كۈندۈر ۋىسالىڭدىن جۇدامەن،
كى گويا تەن كەبى جاندىن جۇدامەن.
سېنى كۆرگۈم ئۆزۈم چوفان قىلسام،
دىلۇ جانىم ساڭا قوربان قىلسام.
مېنىڭ ھالىم ساڭا مەئلۇم ئەمەسمۇ،
سېنىڭ كويۇڭ ماڭا مەجنۇن ئەمەسمۇ؟
نە ئەيلەي، نە قىلاي بىچارەدۇرمەن،
مۇھەببەت كويىدا ئەۋۋارەدۇرمەن.
بارىپ چوفان بىرلە دوست بولسام،
ئانىڭدىن تالىبى بىر پوست بولسام،
بۇ يەڭلىغ ئەيلەبان كۆرگۈم جەمالىڭ،
تىرەگە كىرسەمۇ تاپسام ۋىسالىڭ.
تافىپ كۆڭلۈمدە مۇنداغ مەسلەھەتنى،
كى مەئقۇل كۆردۈمۇ بۇ مەشۋەرەتنى.»
ئۆزىگە دەرد ئېتىپ لەيلىيۇ لەيلى،
كېچە ـ كۈندۈز فىغانۇ ئاھ لەيلى.
قىلىبان يادىنى ھەر سۇبھى ھەر شام،
زەمانى بولمايىن كۆڭلى سەر ئەنجام.
يەنە كىردى بۇ لەيلىنىڭ كويىغە،
يۈرۈي بەردى يەنە ئۇزرا سارىغە.
كى ئىستەپ تاپتى لەيلى قۇيچىسىنى،
ئۆزىنىڭ رەھبەرى يول باشچىسىنى.

×

مۇنىڭ بىرلە نەچە كۈن ئاشنالىق
قىلىبان، قىلمادى ھەرگىز جۇدالىق،
بۇ قويچىنى ئۆزىگە ئەيلەدى رام،
سەرۇپايىن ئاڭا كۆپ قىلدى ئىنئام.
ئاڭا دېدى: «تاغايى بىر سۆزۈم بار،
قەبۇل ئەتسەڭ بۇ خىزمەتنى ئۆزۈم بار.
مېنى بىر قوي تېرەسى ئىچرە ئالساڭ،
مېنى قوي ئەيلەبان ھەيران قىلساڭ.
سىلىقىم بار مېنىڭكى قوي بولۇرغە،
كىرىپ قويلار ئاراسى ئوينايۇرغە.
قەبۇل ئەتسەڭ ئەگەر بۇ سۆزنى مەندىن،
ئايامام جانۇ تەن، كۆڭلۈمنى سەندىن.
باشىڭدىن ئۆرۈلەي پەركار يەڭلىغ،
سەدالار ئەيلەگۈم سىتار يەڭلىغ.
سېنىڭ باغىڭدا مەن غۇنچە بولايىن،
سەدەفدە دۇررى يەكتايىڭ بولايىن.
نەچە سۆز بىرلە چوفاننى ئېرىتتى،
كى گويا قويچىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتتى.
دېدىكىم: «ئەي بوتام، جانىم ئېرۇرسەن،
مۇسافىر داغى مېھمانىم ئېرۇرسەن.
كى بىر قوينى ھەم ئاندا قويسە تۇرماس،
كى بىلسە ھەم داغى بىرقوينى سورماس.
بوغۇزلاي قوينى بىر سوياي تۇلۇمچە،
كى بارسەن باغدا ئاچىلغان گۇلۇمچە.
ساڭا بىر قوينى مەن قۇربان قىلايىن،
ئانىڭ بىرلە سېنى مېھمان قىلايىن.»
قويىدا بىر ئۇلۇغ ئېركەچ بار ئېردى،
ئەجەب رەفتارلىغ كۆركى بار ئېردى.
بوغۇزلادى تۇلۇمچە سويدى چوفان،
تېرەنى كىيدى ئول لەيلىيۇ جويان.
كى لەيلى يادىدا ئول ئوينار ئېردى،
ئىچى بادە كەبى كۆپ قاينار ئېردى.

AltunOq



دېدى قويچى: «قويۇم ئويناڭ ئۈيۈلۈم،
سېنى ئويناتماغىم بىر سىز ئۈيۈلۈم».
كى ھەر بىر سەكرەبان قويلار ئاراسى،
سالىپ بۇ كويغە باغرى ياراسى.
كى بۇ قويچى بۇ ئىشدىن بولدى خۇشھال
قالۇر ئېردى كۆرۈپ ھەركىم بولۇپ لال.
بۇ قوي ئوينار داغى ئاۋازە كەتتى،
تۈشۈپ ئەلگە داغى لەيلىگە يەتتى.
بۇ قوينى لەيلى كۆرمەك زوق بولدى،
رەۋان يۈگۈرۈپ بۇ قويلار سارى كەلدى.
يۈرۈر ئېردى بۇ قويلار ئىچرە مەجنۇن،
كۆرۈپ لەيلىنى قىلدى قامەتى نۇن.
بۇ لەيلىنى كۆرۈپ بىھۇش بولدى،
تەنۇ جانۇ دىلى دەر جۇش بولدى.
يىقىلدى ئول تەقى قويلار ئاراسىن،
بۇ لەيلى كۆردى قوينىڭ ماجەراسىن.
بۇ لەيلىنى كۆرۈك كۆڭلى كۆيۈشكە،
تۇتۇپ جانانغە جانى كۆيۈشكە.
كۆرۈك زاھىردا ئول بىر پوست ئېرۇر،
تەنۇ جانۇ كۆڭۈلدە دوست ئېرۇر.
يېتىپ كەلدى كۆرۈپ پوست ئىچرە مەجـ
نۇن،
تانۇدى ئول زەمان بولدى جىگەر خۇن.
دېدى: «ئەي جان قۇشى جانان قەيىسىم،
ھەمە سۇلتان ئارا سۇلتان قەيىسىم.
مېنى دەپ سەن نە ھاللارغە قالىپسەن،
ئۆزۈڭنى قوي پوستىغە ئالىپسەن.
ساڭا نە ھال، نە مۇڭدۇر ئەي ئۇياشىم،
سەنئوق سەن كۆڭلۈم ئىچرە بىر قو-
ياشىم.
كىشى مۇنداق بەلالارغە قالۇرمۇ،
ئۆزىنى بىر كۆيەر ئوتغە سالۇرمۇ.
بۇ يەڭلىغ بىز ئىكەۋلەن بولغۇمىز فاش،
ئاسىغ ھەم قىلماس ئېردىم مەن ساڭا كاش.
سەن ئاندا بۇ ھەرارەتدىن ئۇرۇب جۇش،
زەھەردىن مەن داغى بولدۇم زەھەر نۇش.
فىدا قىلسام بۇ جان بىرلە جەھانىم،
داغى ئازدۇر ساڭا رۇھى رەۋانىم.
بېتىپ ئىشتىپ كۆڭۈلنى شاد قىلسۇن،
گەھى مەن خەستەنى بىر ياد قىلسۇن.
سەن ئاندا ئىشق ئىلە ئەفسانەدۇرسەن،
كى مەن غەم-غۇسسەغە پەرۋانەدۇرمەن.
گەھى رۇخسارەدۇرسەن ئەي قوياشىم،
مېنى ھەم كەھرىبا قىلدى فىراقىڭ.

ھەمە زارۇ تەزەررۇئ، ئاھۇ ئەفغان،
ساڭا ئول ئاشكارا ماڭا پىنھان.

كۆزۈمنىڭ ياشىدۇر ئىچكەن شەرابىم،
نە ئەيلەي، نە قىلاي باغرىم - يۈرەكىم.

مەلامەت ئوقىغە بولدۇم نىشانە،
ئاتارلار ھەر تەرەفدىن بىر بەھانە.

باشىمغە ھەرنە كەلسە جانغە مىننەت،
ئەگەر رەنجۇ ئەگەر دەردى مۇشەققەت.

ئەگەرچە فۇرقەتىڭدە قان يۇتارمەن،
ۋىسالىڭ دەۋلەتىگە كۆز تۇتارمەن.

ۋىسالىڭنى خۇدا قىلغاي مۇيەسسەر،
جەمالىڭغە كۆزۈم بولغاي مۇنەۋۋەر.

تىلەرمەن ئول خۇدادىن ھەر سۇبھى شام،
ۋىسالىڭ دەۋلەتىنى ئەي گۇل ئەندام.

ئەگەرچە باردۇ بۇ سۆزدە فەساھەت،
ئوقۇردا بىرگە بولغاي دەپ مەلامەت.

ئانىڭ ئۈچۈن سۆزۈمنى قىسقە قىلدىم،
جەمالىڭغە ئۆزۈمنى ھەسسە قىلدىم.

بىھەمدۇللاھ، سۆزۈم ئەنجام تاپتى،
سېنىڭ يادىڭ بىلە ئېتمام تاپتى».

«ئىشىت ئەرزىمنى ئەي ماھى دىل ئەفرۇز،
ئۆتەر ئۆمرۈم فىراقىڭدا شەبى رۇز.

تەغافۇل تاغىدىن قىلدىڭ دىل ئەفكار،
قىلاي دەردۇ دىلىمنى ئەمدى ئىزھار.

جەفالار ئەيلەدىڭ جانىمغە ئانداغ،
يىقىلدى باشىمە ئىشقىڭدا بىر تاغ.

سىفاتىڭ شەرھ ئېتەرگە ئەي دىلارام،
نە ھەددۇر بەندەگە قىلماق سەرەنجام.

قەدىڭدۇر سەرۋ، ئەرئەر يا سەنەۋبەر،
ۋەيا شەمشاد يا گۇلدەستەئى تەر.

كى جادۇ كۆزلەرىڭ غارەتكە، ئەي جان،
قاشىڭ مېھرابى مەنزىلگاھى ئىمان.

كى ھەلقە - ھەلقە زۇلفۇڭ دامى جاندۇر،
ۋىسالىڭ بەندەگە ئارامى جاندۇر.

كى ھەر بىر باقىشىڭ ئالەمنى ئۆرتەر،
ئېرۇر زىكرىلارىڭ جانىمغە خەنجەر.

ئەجەب تەرزۇ، ئەجەب ھۇسنۇ لەتافەت،
جەھاندا يوق سېنىڭدەك ماھ تەلئەت.

بولۇپ زۇلفۇڭ كەمەندىغە گىرىفتار،
فىدا ئەيلەپ دىلۇ جانىمنى سەد بار.

زىھى ھۇسنۇڭ زوھۇرى بولدى پەيدا،
قىلىپ ئىشقىڭ مېنى جان بىرلە رەسۋا.

جەمالىڭ تىغەسىدىن كۆكرەكىم چاك،
فىراقىڭدا ساچارمەن باشىمە خاك.

بەسى ئەفكار بولدۇم فۇرقەتىڭدە،
كى ئۆمرۈم سەبىر قىلدىم ھەسرەتىڭدە.

جەھاندا بولسە گەر ھۇرى پەرىزاد،
ئۇلار ئىشقىدا بولماس خاتىرىم شاد.

بولۇر ئالەمدە ساھىب ھۇسن بىسيار،
ئۇلار ئۈچۈن ئەمەستۇرمەن گىرىفتار.

پەرى رويۇم سەنئوقدۇرسەن دىلارام،
قالىبدۇمەن سېنىڭ ئىشقىڭدا بەدنام.

سېنىڭ يادىڭدا يىغلاپ چۆرۈلۈرمەن،
ساڭا پەرۋانە يەڭلىغ ئۆرۈلۈرمەن.

سېنىڭ ئۈچۈن باشىمغە ھەرنە كەلسە،
بولاي دائىم رىزا ھەر قانچە بولسە.

شۈكر، كۆردۈم سېنىڭ ئايدەك يۈزۈڭنى،
ئىشىتتىم مەن سېنىڭ شىرىن سۆزۈڭنى».

دېدى لەيلىكىم: «ئەي مەجنۇن بەسى ھال،
مېنىڭ ئۈچۈن بەسى بولدۇڭ گىرىفتار.

بۇ دەردىڭگە دەۋا پەرۋەردىگارىم،
مېنى ئايىرماسۇن سەندىن خۇدايىم.

ماڭا سەنسىز بۇ ئالەم بىر قەفەسدۇر،
ساڭا جان بەرمەكىم ھەربىر نەفەسدۇر.

كېچە - كۈندۈز ھەمە تۇرسام باشىڭدا،
تولا تۇرماي كېتەي ئەمدى قاشىڭدا».

بۇ لەيلى زار يىغلاپ ئۆيگە ياندى،
بۇ قەيسنى كۆرگەنىگە بىر قۇۋاندى.

×

بىرئوق لەيلى يانىپ كەلدى ئۆيىگە،
تۇتاشتى ئوت بۇ مەجنۇننىڭ جېنىغە.
گەهى تۇفراق ساچىپ باشىغە يىغلاپ،
يۈزى-كۆزىنى هەم تىرماپۇ تىرماپ.
نە تۇرغانىنى نە يۈرگەننى بىلگەي،
جەهاندا هېچكىمنى كۆزگە ئىلمەي.
كى گاهى قەهقەهـ ئەيلەپۇ سالىپ قۇرس،
كى مەن ئول لەيلىنى كۆرمەكلىكىم تۇرس.

×

گەهى تۇفراغ ساچىپ باشى-كۆزىگە،
گەهى فەرياد ئېتىپ ئۆزدىن ئۆزىگە.
تۈگۈرمەن چەرخىدەك بولدى بۇ مەجنۇن،
كى يىغلاپ هەر زەمان ئۆزىنى پۇرخۇن.
شۇكر كۆردۇم بۇ لەيلىنىڭ يۈزىنى،
ئىشىتتىم مەن نىگارىمنىڭ سۆزىنى.
ساڭا مىڭ قاتلا شۈكر ئېيتاي ئۇغانىم،
كى هەددىن ئاشتى فەريادۇ فىغانىم.

×

بۇ لەيلى ئۆيگەياندى زار يىغلاپ،
بۇ مەجنۇن ئوتى بىرلە جاننى داغلاپ.
دەر ئېردى: «ئاه مەجنۇن، ئاه مەجنۇن،
غەمىڭ قىلدى ئەلىفدەك قامەتىم نۇن.
مېنىڭ يادىمدا سەن دىۋانە بولغان،
بارىدىن بىر يولى بىگانە بولغان.
مېنىڭ ئىشقىم سېنى شەيدا قىلىپدۇر،
جەهان خەلقى ئارا رەسۋا قىلىپدۇر.
غەمىڭدە تارتادۇرمەن مىڭ جەفالار،
كېچەدىن تاسەهەر يۈزمىڭ نەۋالار.
ئىلاجىم يوق ئۇچۇپ يەتسەم قاشىڭغە،
بۇ جانىمنى نىسار ئەتسەم باشىڭغە.
نە ئەيلەي، نە قىلاي بىچارەدۇرمەن،
مۇهەببەت كويىدا ئەۋۋارەدۇرمەن.
ئۇرارمەن فۇرقەتىڭدە دەمبەدەم ئاه،
مېنىڭ بۇ هالىمە كىم بولسۇن ئاگاه.»
بۇ مەجنۇن زار-نالان كەتتى ئاندا،
نەچە يىللار قالىپ يازى ياباندا.
بۇ نۇئمان ئايۇ يىلدا يوقلار ئېردى،
ئۆزىنىڭ جانى ئۆزىن داغلار ئېردى.
ئاتاسى يىغلابان ئېيتۇر: «بوتام ئاه،
قارىغاندا مېنى قىلدىڭكى بىماه».

×

ئاتاسى بىرلە مەجنۇننىڭ ئىشى يوق،
بۇ لەيلىدىن بۆلەك ئەندىشەسى يوق.
دەرئېردى: «ئاه لەيلىم، ئاه لەيلىم،
نەكۈن ئېردى ساڭا تۈشكەن بۇ مەيلىم».
ئاتاسى ياندى مەجنۇننىڭ قاشىدىن،
ئىلىك يۇپ ئوغلىنىڭكى كۆز ياشىدىن.
كى ئاخىر بەردى ئول رازى قەزاغە،
كى تاپشۇردى بۇ مەجنۇننى خۇداغە.
قويا بەردى بۇ مەجنۇننى ئۆزىگە،
ئۇرار ئېردى تۇرۇپ ئۆزدىن ئۆزىگە.
كى گاهى قىرىق كۈنلۈك چۆلدە يۈردى،
كى گاهى مەست بولۇبان كۆلدە يۈردى.
گەهى چۆلۇ بەيابانلاردا يىغلاپ،
گەهى فۇرقەت ئوتىدا جاننى داغلاپ.
كۆزىدىن ياش ئاقىپ بولدى جىگەر نۇش،
بارۇر ئېردى كۆزىدىن كۈپلەك دەر جۇش.
ئىچى قاينار ئىدى چۇن خۇمى بادە،
كى هەر نەرسە دەر ئېردى بەئۇزىلەردە.
يەنە بۇلبۇل كەبى سەرمەست بولدى،
كى ئەشكى لالەگۇنلار پەست بولدى.
بارى بۇ جانۇ جانۋەر بولدى هەمراه،
كېچە-كۈندۈز بۇ ئوت بولمايدۇر كوتاه.

بۇ ۋەھشى جانۇ جانۋەرلەر قاشىدىن،
بۇ مەجنۇن ئۆرۈلۈر ئەردى باشىدىن.
كىيىكلەرنى تۇتۇپ بوينىن قۇچاغلاپ،
بۇ لەيلى ئوتى بىرلە جاننى داغلاپ.
سۆيۈپ دەر ئېردى مەجنۇن ئۆز-ئۆزىگە:
«كۆزى ئوخشايدۇر لەيلىمنىڭ كۆزىگە.»
يەنە لەيلىم دەبان فەرياد ئەيلەپ،
يېڭىباشدىن يىغى بۇنياد ئەيلەپ.
گەھى يادىغ بىلە ئۆزنى ئۇنۇتۇپ،
گەھى ئىشق ئوتىنى ئولىدەم ساۋۇتۇپ.
سېنىڭ يادىڭدا چۆللەرنى كېزەرمەن،
كېچە-كۈندۈز فىراقىڭدا كۆيەرمەن.
ئۇشول فۇرقەت بىلە قالدى نەچە يىل،
كى بىركۈن ئۇشبۇ ۋاقىئە بولدى بىلگىل.

×

قىلاي بىر قىسسەئى ئەمدى رىۋايەت،
جەھاندا بولماغاي مۇنداغ ھىكايەت.
قويايمەن دوستلارغە يادكارىم،
ئوقۇغانغە مېنىڭ بولغاي سەلامىم.
بىلۇر كىشكە بۇ سۆز گۈلزار ئىلە باغ،
قويای ئاشىقلانىڭ جانىغە كۆپ داغ.
بار ئېردى شەھرىدە بىر پادىشاھى،
ئاڭا تابىئ ئىدى يۈزمىڭ سىپاھى.
بەلەند ھىممەت ئىدى ھاتەم مەسەللىك،
سۇلەيمانۇ بەنى ھاتەم مەسەللىك.
ئانىڭ زۇلمى كەم ئېردى، ئەدل كۆپرەك،
ھەمە سۇلتان ئارا ئېردى بۇ زېرەك.
سەخاۋەتلەر قىلۇر ئېردى خۇداغە،
جەھاندا قالماس ئېردى ئول بەلاغە.
ئانىڭكى ئىسمى ئېردى شاھ بەھرام،
شىكار قىلۇر ئىدى ھەر سۇبھى ھەر شام.
نەچە كۈنلەر يېتىپ دىل تىز بولدى،
شىكار قىلماقغە مەيلى تىز بولدى.
كى بىركۈن ئاتلانىبان ئاۋغە چىقتى،
كى بارچە خەلقى ئالەم بىللە چىقتى.
بەيابانلارنى كەزدى سەئىد قىلدى،
يۈرۈبان ھەر تەرەفكە مەيل قىلدى.
نە كۆردى بۇ بەياباندا نېمەرسە،
ئۇرادۇر باش-كۆزىگە بىر نېمەرسە.
گەھى تۇفراق ساچىپ باشۇ كۆزىگە،
گەھى فەرياد ئېتىپ ئۆزدىن-ئۆزىگە.
قۇيۇندەك گاھى-گاھى چۆرۈلەدۇر،
گەھى فەرياد ئېتىپ، گاھى كۈلەدۇر.
تۇرۇپ بىردەم تەماشا قىلدى سۇلتان،
بۇ مەجنۇننىڭ ئىشىغە قالدى ھەيران.
قالىپ بارچە تەئەججۇبغە: «كىشىمۇ،
بارالى قاشىغە ئەركەك-تىشىمۇ».
دەبان باردى قاشىغە: «سەن نەجانسەن،
قايۇ چاغدىن بېرى مۇنداغ يۈرۈرسەن؟
قايۇ چاغدىن باشىڭ مۇنداغ قاتۇردۇڭ؟
ئۆزۈڭنى زەھر لايىغە پاتۇردۇڭ؟»
تۇرۇپ ھەيران قالدى بۇ قەبىلە،
باشىنىڭ ساچى تۇشۇپدۇر بەلىگە.
كۆرەركىم بىر نېمەرسە ماھى تابان،
بۇ ئەل بارچە كۆرۈبان قالدى ھەيران.
تەخى سۆزلەيدۇر مەجنۇن ئۆز-ئۆزىگە،
كۆرۈنمەيدۇر بۇ تۇرغان ئەل كۆزىگە.
تەخى مەجنۇن تىلەيدۇر ئۆز-ئۆزىدىن،
ئارىغلايىن بارادۇر ياش كۆزىدىن.
تەخى شۇنچە دېسە فەرياد قىلۇر ئول،
يانى بەلىگە باقماس ئوڭۇ يا سول.
دېدى سۇلتانىكىم: «ئەي ئادەمىزاد،
بۇ ئۆمرۈڭنى سېنىڭ كىم قىلدى بەرباد.
ماڭا ئايغىل سىرىڭنى ئادەمىزاد،
قاچاندىن سەن قىلۇرسەن مۇندا فەرياد.

نه تۆرلۈك هاجەتلك بار ماڭا ئايغىل،
مۆرادۇ مەقسەدىڭنى مەندىن ئالغىل.
قاچاندىن تارتاسەن بۇ خارلىقنى،
سۆزۈك ئىشتىپ قىلاي غەمخارلىق.
ئەگەر سەرنى ئىپسەڭ قىلاي دەۋايىن،
تەبىبلەرنى يىغىپ ئىلاج قىلايىن.
ئەگەر جىننى ئىپسەڭ ئايغىل ماڭا جان،
مۆنەججىملەر ئوقۇسۇن هەم دۇئاخان.

ئەگەرچە ئاغرىقىڭ هەم بولسە ئايىن،
ساڭا مەجلىس بىرىپ مەن نە قىلايىن.
نە كۆلفەتكە قالىپ مۇنداغ بولۇپسەن،
نىگە تەفسان بولۇپ مۇنداغ يۈرۈپسەن».
تەفەككۇر ئەيلەبان ئۆزىگە كەلدى،
بۇرۇنقىدەك داغى سۆزىگە كەلدى.
بىرئوق مەجنۇن ئۆزىگە سۆزنى سالدى،
بۇ تۈرغان خەلق بارى هەيران قالدى.

×

دىدى مەجنۇن: «ئەي سۇلتانى ئالەم،
بۇ يەڭلىغ بولماغاي يا جىنۇ ئادەم.
ئاتامنىڭ ئاتىدۇر نۇئمان ئىرۇر بىل،
ئىشتىپ هالىمە ياخشى سۆلۈك قىل.
كى مەن دىۋانەنىڭ ئاتىم ئىرۇر قەيس،
بولۇپ زىۋەر جاهاندا بارچەدىن پەس.
رىزا بىرلە كۆڭۈل لەيلىگە بەرگەن،
جەفاۋۇ جەۋر ئۆز خەيلىغە بەرگەن.
نەچە يىلدىن بارى ئاندىن جۇدامەن،
كى لەيلىم كويىدا مىسكىن گەدامەن.
قىلۇرمەن يادىنى هەر سۇبهى هەرشام،
ماڭا لەيلىم ئۈچۈن ئەل قىلدى بەدنام.
كۆيەر ئوتىغە مەن بولدۇم گىرىفتار،
نەچە كۈندىن يۈرۈپ ئىت، مىشلادىن خار.
ئانىڭ يادى ئىرۇر گۈلزار ئىلە باغ،
فىراقىدا كىزەرمەن دەشت ئىلە تاغ.
ئانىڭ دەردى ماڭا دەرماندىن ئارتۇق،
قۇلى بولسام ماڭا سۇلتاندىن ئارتۇق.
قۇيۇندەك سەرنگۈن باشىمدا بىرئاه،
قىيامەتكە كۆيەرمەن بولغىل ئاگاه.
قەفەسدۇر ئول ماڭا مەن زار بۇلبۇل،
كىچە-كۈندۈز ئىشىم فەريادۇ غۇلغۇل.
چىراغىغە ئانىڭ پەرۋانەدۇرمەن،
نەچە يىلدىن بارى دىۋانەدۇرمەن.

بەسى ئەفكار بولدۇم فۇرقەتىدە،
كى ئۆمرۇم سەرف قىلدىم هەسرەتىدە.
ۋىسال ئارماندا مىڭ چىقتى جانىم،
جەهانغە تولدى فەريادۇ فىغانىم.
ئانىڭ ئۈچۈن كۆيەدۇرمەن شەبى رۇز،
تىلىمغە جارى بولدى لەيلى فىرۇز.
ئانىڭ يادى بىلە ئۆلگۈمدۇر ئاخىر،
مۇهەببەت ئوتىدا كۆيگۈمدۇر ئاخىر.
فىراق ئوتىدا بولدى كۆكرەكىم چاك،
فىراقىدا ساچارمەن باشىمە خاك.
كى ئول لەيلىگە يەتمەكلىك يىراقدۇر،
كى مەن پەرۋانەدۇرمەن ئول چىراغدۇر.
ئىچەرمەن شەربەتى هىجران هەمىشە،
فىراقىدا كۆزۈم گىريان هەمىشە».
فىراق ئوتىدا كۆيمەككە سەراسەر،
بۇ ئەل كۆپ يىغلادى مەجنۇن بەرابەر.
بۇ بىچارە داغى سۆزدە ئىدى پاك،
قاراپ قالدى يۈزىگە شاهى چالاك.
بۇيۇردى: «بارچە لەشكەر يۈرسۇن ئاندا،
كى ئىشق ئوتىدەك ئوت بولماس جەهاندا.
ئالىپ بىرەي ئانى ئەقد-نىكاهلاپ،
قەبۇل ئەتمەس ئاتاسى بوينى باغلاپ.»
ۋەزىر قوپتىكى ئورنىدىن ئوشۇلدەم:
«ماڭا رۇخسەت بىرىڭ سۇلتانى ئالەم.

رەۋا قىلسام بۇ مەجنۇن ھاجەتىنى،
بۇ مەجنۇننىڭ بارى غەم ـ غۇسسەسىنى.»
دېدى سۇلتان: «ئۆزۈم بارماي بولۇرمۇ،
بۇ دەردىگە دەۋا قىلماي بولۇرمۇ.»
بىرئوق ئاتلاندى ئاندا پادىشاھى،
ئاساسى سەلتەنەت يۈزمىڭ سىپاھى.
نەچە كۈنلەر يۈرۈپ يەتتىلەر ئاندا،
ئىشىتتى بۇ خەبەرنى بارچە ئاندا.
دېدى: «ئول پادىشاھى كېلۇر ئېرمىش،
بۇ نۇئمان ئوغلى ئاندا يۈرۈر ئېرمىش.
دەر ئېرمىش ئول، مەلىكە پادىشاھىم،
بار ئېردى بۇ شەھەردە لەيلى يارىم.
شەھەر خەلقى بولۇپدۇر تۇرفە دىلتەڭ،
سەبا ئەرتە قىلالى ئەل بىلە جەڭ.»
دېدى سۇلتانكى: «ئەي ئەلچى نە دېدىڭ،
بۇ مەجنۇن جانىغە مىڭ داغ قويدۇڭ.»
بۇ ئەلنىڭ ئانچە يوق مەيلى بېرۈرگە،
بۇ لەيلىنى بۇ مەجنۇنغە بېرۈرگە.

×

×

سەراقە دېدى: ئەي بارچە ئەرەبلەر،
ئىلاجى نەدۇرۇر بارچە خەلقلەر؟»
ئەرەبلەر بارچەسى: «بىز نە بىلەلىڭ،
ئىلاجى نە ئىكىن بىز نە قىلالىڭ؟
بۇ ئەلدە بارچەنىڭ سەردارىسەنسەن،
شەھەردە بارچەنىڭ زەردارىسەنسەن».
سەراقە دېدى: «ئەي بارچە ئېرانلار،
قىلاي بىر مەسلەھەت بارچە يارانلار.
نەچە يىلدىن بارى مەجنۇن دىۋانە،
چىقىپ ئەلدىنۇ چىللەدىن بىگانە.
ئەگەر بەرسەم ماڭا نە بولغۇسىدۇر،
ئانىڭ قولىدا نەكۈن كۆرگۈسىدۇر.
خەلايىقلار ئارا تىلسىز بولۇرمەن،
قىزىم ئۈچۈن نە غەملەرگە قالۇرمەن.
نە ئەيلەي، نە قىلاي باغرىم ـ يۈرەكىم،
تەبىب يوقتۇر مېنىڭ تۇتسا بىلەكىم،
ئەگەر بەرسەم قىلۇر ئەل كۆپ مەلامەت،
جەھان خەلقى قىلۇر بىزگە ئەھانەت.
قىزىنى بەردى ئانداغ بىر گەداغە،
نەۋاسىز تاپماغان ئول بىنەۋاغە.
نە ئەيلەي، نە قىلاي بەدنام بولۇركۆپ،
بۇ يەڭلىغ بولغۇچە ئۆلتۈرگەنىم خوب.»
ئەرەب خەلقى دېدىكىم: «ئەي سەراقە،
قىلۇرسەن بىزگە ئىلتىجا سەراقە.
خۇدايىم بەرگەن ئېردى ئانى سىزگە،
ئانىڭ ئۈچۈن- كېلىپدۇر ياغى بىزگە.
تا ئاتسۇن ئۆلتۈرۈپ لەيلى دېگەننى».
بۇ قەيىس ئۈچۈن ھەسرەتلەر يېگەننى،
تاڭ ئاتقۇنچە خوجەستە قىلدى نالە،
ئاقىزىپ كۆزلەرىدىن دۇرر جالە.
ئىشىتىپ لەيلى: «ئەي ئارامى جانىم،
جەھانغە تولدى فەريادۇ فىغانىم.
كېچە ـ كۈندۈز كۆيەر ئوتغە ياقىلغۇم،
بۇ مەجنۇننى كۆرۈپ ئۆلسەم نە قىلغۇم.
خۇدانىڭ تەقدىرى ئۆلسەم نە بولغاي،
بۇ مەجنۇننى كۆرۈپ ئۆلسەم نە بولغاي.
تولا بولدى بېرەي رازى قەزاغە،
ئەگەر ئۆلسەم ئۆلانسام غەمزەداغە».
خۇداغە يۈز قاتار شۇكر ئېيتتى لەيلى،
بۇ مەجنۇنغە بار ئېردى تۇرفە مەيلى.
«خۇدايا كۆرسەتۇر بولدۇڭ نىگارىم،
سېنىڭ ئالدىڭدا ئۆلسەم گۇلئۈزارىم».
ئەرەبلەر بارچە قىلدى مەسلەھەتنى،
قويۇلدۇردى بۇلار بۇ مەشۋەرەتنى.
بۇ مەجنۇننىڭ ئۈنى ئالەمگە كەتتى،
بارى ئەل ئىشىتىپ ئالەمگە يەتتى.

دېدى سۇلتان: «نەۋاقىېئدۇر بىلىڭلار،
بۇ كىمدۇر دەردىگە دەرمان قىلىڭلار!»
يۈرۈبان ئىستەپۇ تاپتىلار ئاندا،
بۇ غەۋغانى قىلۇر مەجنۇن ئاندا.
تاپىبان سوردىلار: «مەجنۇن نە بولدۇڭ،
بۇ يەڭلىغ ئاهۇ ئەفغانلارغە تولدۇڭ.
دېدىلەر، «بىزگە ئايغىل بۇ سىرىڭنى،
رەۋا قىلغاي بۇ سۇلتان هاجەتىڭنى.»
كى هېچكىمنىڭ سۆزىگە كىرمەس ئېردى،
كى هېچكىمنى كۆزىگە ئىلماس ئېردى.
ئانى كەلدى ئالىپ سۇلتان قاشىغە،
بۇ مەجنۇننى ئالىپ هەزرەت قاشىغە.
«ساڭا نە هال بولدى ماڭا ئايغىل،
مۇرادۇ مەقسەدىڭنى مەندىن ئالغىل.»

×

دېدى سۇلتانىكىم: «ئەي مەجنۇنى پۇرغەم،
كى بۇ لەيلى ئۈچۈن سەن يېمەگىل غەم.
ئۇلانغايسەن بۇ لەيلىگە خەبەر سەن،
مۇرادۇ مەقسەدىڭ يەتكۈرەيىن مەن».
دېدى مەجنۇنىكىم: «سۇلتانى ئالەم،
مېنىڭ ئۈچۈن تولا قايغۇ يېمەڭ غەم.
كېرەكمەس ئول ماڭا لەيلى دېگەن قىز،
مېنىڭ ئۈچۈن بىهۇدە غەم يېمەڭ سىز.
بۇ ئالەمدە كېرەكمەس ئول ماڭا لەيل،
مېنىڭ ئۈچۈن ئاڭا سەن سۆزلەمەگىل.
مېنى بىهۇدە سۆزلەرگە ئاۋۇتما،
ماڭا لەيلىنى هەرگىز سەن ياۋۇتما.
ئانى مەن نە قىلاي ئۈشبۇ جەهاندا،
كى ئولتۇرسۇن شەهەردە ئول ئەماندا.
بۇ سۆزلەر بىرلە مەن تاپسام تەسەللى،
ۋۇجۇدۇمغە قىلىپدۇر هەق تەجەللى.
خۇدانىڭ هەدىيەسىدۇر پۇر بولغان،
مۇهەببەت ئوتلارى ئىچىمگە تولغان.
قويا بەرگىل مېنى ئۆزۈم ئىشىمغە،
بارىڭلار هەرقايان كەلمەي قاشىمغە.»
كى بەئزەسى بېرەر نەرسە دەر ئېردى،
ئاغىزغە كەلگەنىچە ئول يەر ئېردى.
بۇ مەجنۇنغە تولا قىلدى مەلامەت،
كى بەئزەسى قىلىپ ئېردى ئەهانەت.
«كى بۇ دىۋانە سۆزىگە كىرىپ بىز،
نەچە كۈندىن بېرى مۇندا يۈرۈپ بىز.
بۇ مەجنۇنغە خۇدانىڭ بۇيرۇغىدۇر،
سەبەب بىرلە كېلىپ مۇندا يۈرۈيدۇر.
دېدى سۇلتانى ئالەم: «ئەي يارانلار،
نەچە كۈندىن كېلىپ تۇرغان ئېرانلار.
بۇ مەجنۇنغە مەلامەت قىلماڭىزلار،
بۇ گاهىلغە ئەهانەت قىلماڭىزلار.
بولۇپدۇر ئول نىگاردىن مۇبتەلاغە،
ئىزا قىلغان كىشى قالغاي بەلاغە.
بۇ ئىشقۇللاهنى مەنئ ئەتسە بولماس،
بۇ بەيتۇللاه ئۆيىنى بۇزسە بولماس.
ئۇرار پەرۋانەدەك ئۆزنى چىراغقە،
ئۆلەردىن بىلمەي ئول ئۆزىنى ئوتغە.
كۆرۈڭ پەۋانەنى ئوتدىن يانارمۇ،
كى بۇ دىۋانە ئۆلۈمدىن يانارمۇ.
مۇنىڭ ئۇمرى بۇ يەڭلىغ ئۆتكۇسىدۇر،
ئىزا قىلسە بەلاغە قالغۇسىدۇر.»
بۇ سۆزلەرنى دەبان ياندى بۇ سۇلتان،
ئىشىتكەنلەر بۇ سۆزگە قالدى هەيران.
بۇ سۇلتان شول زەمان يۇرتىغە ياندى،
بۇ لەيلى ئۆلمەگەنگە كۆپ قۇۋاندى.
بارىبان تەختى ئۆزرە تۈشتى ئول شاه،
تاراتتى بارچە لەشكەرنى شەهەنشاه.
بۇ مەجنۇن زار ـ نالان قالدى ئاندا،
مۇنىڭدەك مۇبتەلا بارمۇ جەهاندا.

يەنە كەتتى بۇرۇنقى مەنزىلىگە،
يۇرۇگەن ۋەھشى جانۋەرلەر قاتىغە.
تەفەككۇر ئەيلەبان ئۆزىگە كەلدى،
بۇرۇنقىدەك تەخى ئۆزىگە كەلدى.
«خۇدايا لەيلىنى كۆرمەي كېتەرمەن،
بۇ ئالەمدىن تەخى شۇمداغ ئۆتەرمەن.
تىرىكلىكنى نېتەي ئۇشبۇ جەھاندا،
ئۆزۈم مۇندا ۋەلى لەيلىم دۇر ئاندا.
ماڭا سەنسىز تىرىكلىكنى نېتەيىن،
تۇشۇپ سەھرا سارى دايىم كېتەيىن.
سېنىڭ يادىڭدا تاغلارنى كېزەرمەن،
ۋىسالىڭ دەۋلەتىنى كۆز تۇتارمەن.
سەلامىم يەتكۇر ئول لەيلىمغە مۇنداغ،
يىقىلدى ئىشقىدا باشىمغە بىر تاغ.
سەلامىم يەتكۇر ئول كۆرمەي كېتەرمەن،
ئانىڭ ئىشقىدا سەھرانى كېزەرمەن.
سەلامىمنى ئېيت بادى شامالى،
بۇ لەيلىگە دىگىل مەندىن سەلامى.
ئىلاجىم يوق ئۇچۇپ بارسام قاشىغە،
بۇ جانىمنى نىسار ئەتسەم باشىغە.
مۇنىڭ ھالاتىنى كۆرگەن كىشىلەر،
ھەمە يىغلار ئىدى ئەركەك - تىشىلەر.
نەچە يىللار قالىپ مەجنۇن يابانىدا،
مۇنىدەك مۇبتەلا يوقتۇر جەھاندا.
مېنىڭ لەيلىمدىن ئۆزگە ھېچ كىشىم يوق،
جەھانغە ئوت تۇتاشسە ھېچ ئىشىم يوق.
بۇ ئالەم باردۇر مەجنۇن ئاتىم ئۆچمەس،
بۇ لەيلىنىڭ ئوتى مەجنۇندىن ئۆچمەس.
بەيابانلارنى تەي قىلسام كويۇڭدا،
تاپارمەن ئىستەسەم سۇنبۇل بويۇڭدا.

×

قىلاي بىر قىسسەئى ئەمدى ھىكايەت،
ھىكايەت بولسۇنۇ قىلمە شكايەت.
نەچە يىللار ئۆتۇپ بۇ لەيلى ئاندا،
بۇ مەجنۇن تۇردىيۇ تاغۇ يابانىدا.
ئۇيۇماس بولدى كېچەلەردە لەيلى،
بۇ مەجنۇنغە بار ئېردى تۇرفە مەيلى.
دەر ئېردى: «ئاھ مەجنۇن، ئاھ مەجنۇن،
سېنىڭ ئىشقىڭدا بولدى قامەتىم نۇن.
نە ئەيلەي، نە قىلاي بىچارەلىكنى،
مۇھەببەت كويىدا ئەۋۋارەلىكنى.
نە ئەيلەي، نە قىلاي كۆرسەم يۈزۈڭنى،
كى ئىستەپ تاپسامۇ سۇنبۇل بويۇڭنى».
قالىپ يىغلاپ لەيلى ئاشۇ سۇدىن،
بۇ يەڭلىغ ئېردىيۇ قىسمەت خۇدادىن.
كى بىر كۈن ئاغرىدى، ئۆلدى سەراقە،
يەتىم قالدى بۇ لەيلى بالا - بارقە.
بېرىپ ئاش - سۇيىن، ئوقۇپ قۇرئانلار،
ئەرەب خەلقى بارى بارچە يارانلار.
كى بىر كۈن بۇ ئەرەبلەر قىلدى ئەنگىز،
تولا ئۆتتى بۇ لەيلىدىن جىگەر رىز.
«كى ئايتىڭلار، بۇ لەيلىنى كۈيەۋگە،
بىرەلى توي قىلىپ مۇنى بىرەۋگە.
ئاتاسىنىڭ فىراقى باسقۇسىدۇر،
بۇتا فەرزەند ئاندىن بولغۇسىدۇر.
تەخى ئاندا بۇ مەجنۇنىنىڭ ئوتىنى،
كى دەفئ ئەتكەي ئانىڭكى فۇرقەتىنى.
تەقى سىزگە بۇ مەجنۇندىن بولۇر كۆپ،
ئۇ كۈنكىدەك كېلۇر لەشكەر تەخى كۆپ.
بېرەلى بىر كۈيەۋگە ئۆيى بولسۇن،
بۇ مەجنۇندىن تەخى ھەم كۆڭلى تىنسۇن.»
قۇيۇلدۇردى بولار بۇ مەسلەھەتنى،
ھەمە مەئقۇل دېدى بۇ مەشۋەرەتنى.
بۇيۇردى بىر پىرە زەننى: «كىرىڭ سىز،
نە دەيدۇر ئاڭا باقىپ ئىش قىلۇرمىز.»

كىرسە ئۇل پىرە زەن لەيلى ئۆيىگە،
تۇتاشتى ئۇت بۇ لەيلىنىڭ بويىغە.
كىرىپ دېدى: «ئايا لەيلى دېگەن قىز،
سۆزۈم بار ئىشتىپ ئاگاھ بولۇڭ سىز...».
نەچە سۆزلەر بىلە دەللە دەلىلەت،
ياراشتۇرۇپ ئايتتى سۆزنى فۇرسەت:
«ئاتا ـ ئاناڭ ئۆتۈپ كەتتى جەھاندىن،
ھەنۇز ئايرىلمادىڭ ئۇشبۇ فىغاندىن.
نەبولدى ئەي قىزىم تەگسەڭ كۈيەۋگە،
قەبۇل قىلساڭ بىرەلىڭكىم كۈيەۋگە.
كى بۇ يەڭلىغ يۈرۈپ ئۇمرۇڭ ئۆتەرمۇ،
بۇ مەجنۇننىڭ ئۇتى سەندىن ئۆچەرمۇ.
مۇناسىب باردۇرۇر بىر مەرد قابىل،
خۇدانىڭ يادىغە ئۇل ئېردى كامىل».

×

دېدى لەيلىكىم: «ئەي دەللە دەلالەت،
نەلەر دېدىڭ ماڭا قىلدىڭ ئەھانەت.
ماڭا مۇنداغ ئېيتما سۆزلەرىڭنى،
كى تىكمە ھەر زەمان سەن كۆزلەرىڭنى.
تەخى كىرمىشمۇ سەن يەتمىش ياشقە،
ھەنۇز تۈشمەيدۇرۇر ئىشق ئۇتى باشقە.
كى ئېشەك قارىسە ھاڭگى بولۇرمىش،
كى خاتۇن قارىسە كافكى بولۇرمىش».
دېدىكىم: «ئەي قارا كافكىيۇ ۋەسۋاس،
بۇ سۆزلەرنى دېدىڭكىم ماڭا بىخاست.
بۇ سۆزلەرنى دېگىل دەپ كىم ئايتتى،
ئەجەب كافكى ئىكەن زېھنىم كايىتتى.
بۇ ئېرمەس ئىشقىنىڭ ئىشقى مەجازى،
سەبەب بىرلە بۇ مەجنۇن دىلنەۋازى.
قىيامەتكە داغى ئاشىق ئېرۇرمەن،
كېچە ـ كۈندۈز ئاڭا سادىق ئېرۇرمەن».
چىقىپ لەيلى ئۆيىدىن بۇ زەئىفە،
قىلىپ بارچە ئەرەبكە سۆزنى تۆھفە.
پىرى زەن دېدى: «ئەي بارچە خەلايىق،
بۇ ئىشدىن بولغۇسى تۈرلۈك ئەلايىق.
بۇ لەيلى سۆزىگە تاقەت تۇتالماي،
قاچىپ چىقتىم بۇ سۆزنى ئۇناتالماي.
قەبۇل قىلماي بۇ سۆزنى تىللادى كۆپ،
سېنىڭدەك دەللە دۇنيادا بولۇر كۆپ».

×

ئەجەم شەھرىدە بار ئېردى كىمەرسە،
ئەجايىب ئاقىلۇ دانا كىمەرسە.
بېرۇر بولدى ئانى ئىبنى سەلامغە،
قالۇر بولدى بۇ لەيلى دەردۇ غەمگە.
قەبۇل قىلماي بۇ سۆزنى زار يىغلاپ،
كى بۇ مەجنۇن ئۇچۇن جانىنى داغلاپ.
شەھەر خەلقى بارى قالدى بۇ غەمگە،
بۇ لەيلى قالدى بىر دەردۇ ئەلەمگە.
ئەجەم خەلقى بارى قىلدى مەلامەت،
تولا قىلدى بۇ لەيلىگە ئەھانەت.
بۇ سۆزنى خاھ ئىشتىكىل خاھ ئىشتمە،
ئېرۇرمىز بىھۇدە زېھنىن كايىتمە.
سېنىڭ ئۇچۇن بۇ ئەل كۆپ بولدى ئاشۇب،
بەسى تۈشتى خەلايىقغە تەلەتتۇف.
بۇ نۇئمان ئوغلى داغى ئاندا بولغاي،
يەنە لەشكەر كېلىپ ئالەمگە تولغاي.
دېدى لەيلىكىم: «ئەي بارچە ئەرەبلەر،
سۆزۈم بار ئايتايىن بارچە يارانلار.
ئاتام بارچەلەرنىڭ سەردارى ئېردى،
ئەجەم خەلقى ئارا زەردارى ئېردى.

مېنىڭ ئۇچۇن بۇ مەجنۇن بىنەۋادۇر،
نەچە يىلدىن بېرى مىسكىن گەدادۇر.
ئانىڭ بىرلە بەسى قىلغان ئىدىم ئەهد،
ئانىڭ ئالدىدا مەن قىلغان ئىدىم شەرت.
ئانىڭ يۈزىگە مەن نەچۈك باقارمەن،
بۇ دەردىگە نەچۈك دەۋا قىلۇرمەن.
ئەگەر سورسە جەۋابىغە نە دېگۇم،
تىرىكلايىن كەفەن تونىنى كەيگۇم.
قىچاق بولسە ئەگەر ئۇرسام ئۈزۈمنى،
خەلايىق كۆرمەسە هەرگىز يۈزۈمنى.
خۇدا بەرسە ئۈلۈم ئۆلگەي ئىدىم پاك،
كەفەن كىيگەي ئىدىم ئەيلەپ ياقام چاك.

نە ئەيلەي، نە قىلاي بىچارەلىكنى،
مۇهەببەت كويىدا ئەۋۋارەلىكنى».
مۇنىڭ فەريادىغە يەتمەيدۇر هېچكىم،
مۇنىڭ ئەهۋالىنى بىلمەيدۇر هېچكىم.
«سېنىڭ جۇفتۇڭ ئەمەس بۇ مەجنۇنى زار،
يۈرۈيدۇر كوچادا ئىت، مىشلادىن خار.
بېرۇرمىز ئاپپارىپ ئىبىن سەلامغە،
قەبۇل قىلغىل بۇ سۆزنى خاس-ئامغە.
بۇ مەجنۇندىن سەن ئۈمىد ئۈزگىل،
ئۈزۈڭنى ئاۋۇتۇپ كۆڭلۈڭنى تۈزگىل».
قىلۇر بولدى بۇلار بۇ ئاخىرى توي،
تولا ئۈتتى ئارادىن گۇفت ئىلە گوي.

×

كى بۇ ئىبن سەلامغە قىلدىلار توي،
خەلايىقلار يىغىلىپ كوچاۋۇ كوي.
شەهەر ئىچرە بارى مىرزادەلەرنى،
يىغىبان خاجە، خاجەزادەلەرنى.
بارى سەۋداگەرى كاسىبلارنى،
مۇنەججىم، شائىرۇ كاتىبلارنى.
كېلىبان تۇرفە بىر رەئنا جەۋانلار،
ئۆلۈكلەر كۆرسە تاپغاي تازە جانلار.
ئۈزى زۇهرا مەسەل قىزلار يىغىلدى،
ئانى كۆرگەن يىگىت دۈپ-دۈپ يىقىلدى.
يىغىلدى قىزلار هۇرى بېهىشتى،
ئەزەلدە شۇمداغ ئېردى سەرنەۋشتى.
شەرابى شەۋق ئىچىپ بۇ جۇرئەئى نۇش،
قارىلارغە هەمە كىرگەن ئىدى جۇش.
نىسار ئەيلەپ بۇلارغە لەئل جەۋهەر،
فىدا ئەيلەپ بۇلارغە دۇررۇ گەۋهەر.
بۇ خوجە ئۆلتۇرۇپ ئاتۇ كالا، قوي،
ئالىپ ئەقد نىكاهلاپ قىلدىلار توي.
نەچە كۈندىن بۇيەڭلىغ توي قىلىبان،
كېچە-كۈندۈز بىلە مېهمان قىلىبان.

بۇلارنىڭ مەجلىسى ئاخىرغە يەتتى،
تاراشتى بەئزىسى ئۆيىگە كەتتى.
بۇ يەڭلىغ ئەيلەدىلەر ئول نەچە كوي،
سالىبان مۇشك-ئەنبەر ئەقد ئىلە بوي.
ئالىپ باردى بۇ لەيلىنى ئۆيىگە،
تۇشۇپدۇر زىلزىلە خوجە بويىغە.
نەچە ئەهلى يارانلار بىللە باردى،
بۇ لەيلىنى قويۇپ ئۆيىگە ياندى.
ئىلىك سۇندى بويۇنغە دېدى: «جانىم،
نە ئۈچۈن بىدىماغسىز مېهرىبانىم.
ئۇشۇل ئەسنادا ئاچىلدى مۇئەللەق،
قاۋارىپ، سارغارىپ قالدىيۇ مۇتلەق.
بۇ سۆز ئىشتىلدى بارچە خاس-ئامغە،
بۇ ۋاقىئە بولدى بۇ ئىبنى سەلامغە.
كى بارچە يىغىلىپكى ئىڭراشىبان،
كى بارچە يىغلاپۇ گەه زىڭراشىبان.
دېدىلەر بارچە: «بۇ لەيلىنى ئالغان،
ياراشمادى هەمە غەيرەتكە سالغان».
كى بەئزى دېدى: «بۇ هەق بۇلبۇلىدۇر،
ئانىڭ ئۈچۈن ئىشى هەم غۇلغۇلىدۇر».

Altun0g

ئارادا نەچچە كۈن ئۆتـتيۇ بىركۈن،
تەغازە قىلدى خوجە يەنە بىرتۈن.
ئۇزاتتى قولىنى لەيلىگە ئولدەم،
يىقىلدى قالدى بۇ ئۆيدە ئوشۇلدەم.
يىقىلدى ئول داغى بىھۇش بولدى،
ئاغىزدىن كۆپۈك كېلىپ خامۇش بولدى.
ئەرەبـلەر بارچەسى كەلدى قاشىغە،
باشىن ئالدى ئۇرۇغ-تۇقغان تىزىغە.
كى بارچە يىغلىپ كۆيەۋ باشىغە،
كى ھېچكىم كىرمەدى كىلىن قاشىغە.
كى بۇ لەيلى ئۆيىدە قالدى يالغۇز،
بەيابانلدا بۇ مەجنۇن يەككە يالغۇز.
بۇ مەجنۇننى ساغىنىپ لەيلى يىغلاپ،
ئىشىككە چىقتيۇ كۆڭلىنى ئاۋلاپ.
كى چىقتى شول زەمان بادى شامالى،
خۇدا بەرسە كۆرەي مەجنۇن جەمالى.
كى ئول ئۆيدىن چىقىپ كەتتى بۇ ئاندا،
كېلۇر مەجنۇن يىدى ئۇشبۇ يابانلدا.
بىرى بىرنىڭ يىدى مەئلۇم بولۇشتى،
بۇ ئىككى مېھرىبان ئاندا تاپىشتى.
يۈگۈردى شول زەمان لەيلى يابانغە،
قىلۇر ئېردى فىداجان دىلرەباغە.
بەيابانلدا يۈرۈپ بۇ زار بۇلبۇل،
قىلۇر لەيلى ئۈچۈن فەرياد غۇلغۇل.
بىرئوق كىردى بۇ لەيلىنىڭ كويىغە،
تۇتاشتى ئوت بۇ مەجنۇننىڭ بويىغە.
يىدى كەلدى بۇ مەجنۇنغە يابانلدا،
«يىدى كېلۇر مېنىڭ لەيلىم قايانلدا؟»
بىرئوق يىغلاپ يۈگۈردى مەجنۇنى زار،
كى بۇ لەيلى ئۈچۈن ئىت، مىشلادىن خار.
بىرئوق لەيلىنى كۆردىيۇ يىقىلدى،
بۇ لەيلىنىڭ جانىن ئوتقا يېقىلدى.
كۆرۈشتىلەر كېلىپ بۇ ئىككى بۇلبۇل،
قەفەس ئىچرە قىلىپ ئەفغان ئىلە غۇل.
بىر ئوق مەجنۇن ئۆزىنى سۆزگە سالدى،
بۇ لەيلىنىڭ سۆزى ئالەمگە تولدى.
دېدى: «لەيلىم، ۋەفادارىم نە بولدۇڭ،
قايۇ چاغدىن كېلىپ سەن مۇندا بولدۇڭ؟
ئەنە كۆرگىل بۇ ئەھۋالىمنى ئەي يار،
ئۆزۈمنى ئەيلەدىم يادىڭدا دىلخاھ.
سېنىڭ يادىڭدا چۆللەرنى كېزەرمەن،
كۆڭۈلدە دەردۇ غەملەرنى كېزەرمەن.
سېنىڭ يادىڭدا بولدى نەچچە ئاي-يىل،
بۇ چېھرەمنى كۆرۈپ ھالىمنى سەن بىل.
ئەلائەي خانەئى سۇنبۇل زەبانىم،
تەنىمدە چىقغالى ئاز قالدى جانىم.
نەچە يىللار بولۇپ سېنىڭ كويۇڭدا،
كى تاپتىم ئىستەبان سۇنبۇل بويۇڭدا.
سېنىڭ كويۇڭدا بولدۇم بىنەۋايى،
سېنىڭ يولۇڭدا بولدۇم بىر گەدايى.
جەمالىڭ تىيغەسىدىن كۆكرەكىم چاك،
فىراقىڭدا ساچارمەن باشىمە خاك.
بۇ يەڭلىغ بولغۇچە ئۆلگەنكى بېھراق،
نە ئىشدۇر ئول داغى مۇندىنكى بېھراق.
بەسى ئەفكار بولدۇم فۇرقەتىڭدە،
كى ئۆمرۈم سەرف قىلدىم ھەسرەتىڭدە.
بەيابانلارنى تەي قىلدىم كويۇڭدا،
بولۇپ خۇرسەندلىك ياخشى خۇيۇڭدا.
سېنىڭ يادىڭ بىلە گۇللار ئاچىلۇر،
سېنى كۆرمەي فىراقىڭدا ساچىلۇر.
سېنىڭ كويۇڭ ماڭا گۇلزار ئەمەسمۇ،
كېچەدىن تا سەھەر بىدار ئەمەسمۇ؟
سېنىڭ كويۇڭ مېنى شەيدا قىلىپدۇر،
جانىمغە يوق نېمە پەيدا قىلىپدۇر.
سېنىڭ دەردىڭ ماڭا دەرماندىن ئارتۇق،
قۇلۇڭ بولماغلىقىم سۇلتاندىن ئارتۇق.
ئايا لەيلىم ئىشتكىل ئۇشبۇدۇر ئەرز،
بويۇندىن ساقىت ئەتتىم بارچەدىن قەرز».
دېدى لەيلىكىم: «ئەي مەجنۇنى بىھال،
مېنىڭ ئۈچۈن بەسى بولدۇڭ گىرىفتار».

تىكىپ لەيلى كۆزىن مەجنۇن يۈزىگە،
مۇھەببەت زور قىلىپ ئىككى كۆزىگە.
«سېنىڭ ئۈچۈن بەسى قىلدى مەلامەت،
خەلايىق ئىشتىپ قىلدى ئەھانەت.
نە ئەيلەي، نە قىلاي مەزلۇم ئەمەسمۇ،
سېنىڭ كويىڭ ماڭا مەھزۇن ئەمەسمۇ.
سېنىڭ ئۈچۈنكى مەن ئۆلمەكچى بولدۇم،
سېنىڭ ئالدىڭدا جان بەرمەكچى بولدۇم.
شەھەر خەلقى بارىسى يىغلىشىبان،
مېنىڭ ئۈچۈن تولاسى يىغلاشىبان.
سېنىڭ يۈزۈڭنى كۆرمەي چىقماغاي جان،
ئەگەر ئۆلسەم ئىچىمدە كۆپدۇر ئارمان.
مەلامەت كۆپ قىلىپ شاھۇ گەدالار،
تولا سۆزلەدى بۇ ئۇششاق بالالار.
مەلامەت ئوقىغە بولدۇم نىشانە،
ئاتارلار ھەر تەرەفدىن بىر بەھانە.
سەن ئول مەجنۇنغە دائىم كۆيەسەنسەن،
ئانىڭ يادىدا دائىم يىغلامىشسەن.
ئۇ بىر دىۋانەدۇر سەن باي ئېرۇرسەن،
بارى بىر يولدادۇر سەن دام ئېرۇرسەن.
رەۋامۇ قەيسىغە بولماغلىقىڭ زار،
يۈرۈيدۇر كوچەدا ئىت، مىشلادىن خار».
كى شۇمداغلار دەيان قىلدى مەلامەت،
شەھەر خەلقى بارى قىلدى ئەھانەت.
تولا ئۆتتى ئارادىن گۇفت ئىلە گوي،
بارى ئەل ئاغزىدا سۆزگە قالىپ، ۋوي.
نە ئەيلەي، نە قىلاي بىچارەلىكنى،
سېنىڭ ئۈچۈن بەسى ئەۋۋارەلىكنى.
بۇ ئىككى مېھرىبان مۇڭداشتىلار كۆپ،
ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ يىغلاشتىلار كۆپ.
بىر ئوق مۇڭداشتىلار ئىككى دىل ئارام،
زەمانى تاپتىلار بىر يەردە ئارام.
بىرى بىرگە ھەمە ھالىن دېيىشىپ،
جۇدالىقداغى ئەھۋالىن دېيىشىپ.
ئۇ يەردە يىغلاشىپ ئىككى ۋەفادار،
ئۇچار قۇشلار ھەمە بولدى خەبەردار.
چۇنان دەردلەر بىلە يىغلاشتىلار كۆپ،
ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ بۇ ئىككى مەھبۇب.
بىرى بىرگە باقىبان ئۇرسالار ئاھ،
تۇتاشىپ ئوت جەھانغە ماھ تاماھ.
«كېچە ـ كۈندۈز ھەم ئۆرۈلسەم باشىڭدىن،
كېتەي ئەمدى تولا تۇرماي قاشىڭدىن».
جۇدا بولدى ئوشۇل ھەيىن بىر ـ بىرىدىن،
كىشى ئايرىلدى يا ئىككى كۆزىدىن.
«كى سەن ئۆيگە بارۇرسەن مەن كېتەيىن،
يۈرۈبان ۋەھشىلەر سارى يېتەيىن».
يانىپ كەلدى بۇ لەيلى زار يىغلاپ،
كى بۇمەجنۇن ئۈچۈن جانىنى داغلاپ.
بىر ئوق ھۇشىغە كەلدى زار يىغلاپ،
يۈزى كۆزىنى ھەم تىرماپ ـ تىرماپ.
ھۇشىغە كەلدى ئول ئىبنى سەلامى،
قەنى لەيلى دەيان سوردىيۇ ئانى.
ياۋۇق كەلدى ئوشۇل لەيلى دېگەن قىز،
ئەمەس ئىش بولدىيۇ نۇقسان قىلىپمىز.
سورادىلار خوجەدىن ھال نېدۇر،
ئايىتىڭ ئىشتالى بۇ فال نېدۇر.
خوجە دېدىكى: «ئەي بارچە يارانلار،
ئىشىتىڭ بۇ سۆزۈم ياخشى ـ يامانلار:
تۇشۇمدە بولغان ئېرمىشكى قىيامەت،
بارىغە بولغان ئېرمىشكىم ئەلامەت.
فەرىشتەلەر سۈرۈپ پىلسىراتىغە،
ئۆتەلمەي تۇشتۇم ئېرسە مەن دەۋزەخقە.
قىيىن كۆپ قىلغۇر ئېردى فەرىشتە،
قولۇمغە بەردى نامەم سەرنەۋىشتە.
ئوقۇدۇم ئۆز نامەم پارچە نۇقسان،
ھەمە قىلغان ئىشىمدۇر جۇرم ـ ئىسيان.
فەرىشتە ئايدىكىم: «ئەي مۇنافىق،
بەسى نۇقسان قىلىپسەن بارچە فاسىق.
كىم ئول لەيلىنى داغى سەن ئالىپسەن،
ئانىڭ ئۈچۈن بەلالارغە قالىپسەن.

ئانىڭ ئالدىدا تۇرغىل زار يىغلاپ،
قارا ئاغرامچىدا بوينۇڭنى باغلاپ.
خۇدا قىلغان بۇ مەجنۇنغە نەسىبە،
ئانى سەن قىلماغىل ھەرگىزلا شىۋە.
دۇئا قىلسۇن سېنىڭ بۇ دەردلەرىڭگە،
ئاڭا قىلغان سېنىڭ كۇلفەتلەرىڭگە».
بىر ئوق ئىبن سەلام ھۇشىغە كەلدى،
بۇرۇنقىدەك داغى سۆزىگە كەلدى.
بۇ تۇشنى كۆردىيۇ دېدىكى تەقسىر،
كى بارچەغە بېرىپ بىر-بىر تەقرىر.
خۇداغە قىلدى مىڭ تۇرلۇك مۇناجات،
تەقى يىغلاپ دېدى: «قىلدىم گۇناھات.
خۇداۋەندا گۇناھىمنى كەچۇرگىل،
ماڭا ئىشقى مۇھەببەتتىن ئىچۇرگىل.
ماڭا دەسگىر ئېرۇرسەن ھەيىي جەببار،
باري ئاسىيغە سەن سەتتارۇ غەففار.
مۇرۇۋۋەت سەندىن ئېرۇر ئەي ئىلاھىم،
كى يوق سەندىن بۆلەك پۇشتى پەناھىم.
ئىلاھا مەن قولۇڭنى خاك قىلغىل،
ۋۇجۇدۇمنى جەھاندا پاك قىلغىل.
بېرىپ تەۋفىق مەندەك روسىياھغە،
ئىبادەت يولىنى مەن بىنەۋاغە.
قىلىپ جۇرمى گۇناھى بىنىھايەت،
يەنە يوقتۇر مېنىڭدەك بىسەلاھەت.
بەلەند تاغلاردىن كۆپدۇر گۇناھىم،
ساڭاكىم ساغىنۇرمەن ئەي ئىلاھىم.
سېنىڭ ئالدىڭغە كەلدىم داد ئەيلەپ،
چەمەن بۇلبۇلىدەك فەرياد ئەيلەپ».
دەبان يىغلادى خوجە زار يىغلاپ،
يۈزى-كۆزىنى ھەم تۇفراقغە بۇلغاپ.

×

×

«قارا بولدى يۈزۈم كۆرمەسلىكىمدىن،
خەتا قىلدىم ساڭا بىلمەسلىكىمدىن.
كى سەندە بار ئىكەن تۇرلۇك كەرامات،
كى بىلمەي مەن ساڭا قىلدىم گۇناھات».
تەقى يىغلاپ خوجە ئۆزدىن ئۆزىگە،
«فەرىشتە بولدۇم ئەلنىڭكى سۆزىگە».
بۇلەيلىگە تەۋازۇئ بىرلە يىغلاپ،
يۈزى-كۆزىنى ھەم تۇفراقغە بۇلغاپ:
«ماڭا لەيلى قىلىڭكىم بىر دۇئايى،
كى دەفئ ئولسۇن مېنىڭدىن بۇ بەلايى.
ئارىغ كۆڭلۇك بىلە قىلساڭ مۇناجات،
قۇتۇلسام بۇ بەلادىن ئەي پەرىزات.
گۇنەھ بىرلە تەخى دەرماندە بولغان،
سېنىڭ ئالدىڭدا مەن شەرمەندە بولغان.
ھەرام ئەتتىم ئۆزۈمگە ئەي پەرىزاد،
دۇئا بىرلە كۆڭۈلنى قىلغىل ئازاد».
ئۇرۇغ-قاياشلارى خوجەغە يىغلاپ،
خوجە تۇرۇپ تەقى لەيلى باغلاپ.
دېدى لەيلى خوجەغە: «ئەي پىرى سال،
تولا قىلمە ئۆزۈڭنى ئۆزگە بەدھال.
دۇئا قىلغان بىلە قۇلنىڭ قۇلىمەن،
كى بۇ مەجنۇن ئۇچۇن ھەق بۇلبۇلىمەن».
دۇئا قىلدى شول ئەسنادا بۇلەيلى،
ئۇرۇغ-تۇقغان يىغىلدى بارچە خەيلى.
يۇمۇپ زاھىر كۆزىن باتىنىنى ئاچتى،
دۇئا قىلماق ئۇچۇن ئىلكىنى ئاچتى.
شەفىئ ئەتتى تەمام پەيغەمبەرىنى،
ئەۋەل ئادەم، ئاخىر خاتەم نەبىنى.
«ئۇچارلىقۇ تىنارلىق جانى ھەققى،
ھەسەن بىرلە ھۇسەيىننىڭ قانى ھەققى.
مەلائىك تەسبىھۇ ئەئزاسى ئۇچۇن،
تەمامى ئەنبىيالار زارى ئۇچۇن.
كى بىلمەي ئول داغى قىلدى خەتايى،
گۇناھىنى كەچۇرگىل ئەي خۇدايى.

ئىلاها، قىل دۇئالارنى ئىجابەت،
نىجات بەرگىل ئاڭا قىلغىل رەھمەت.
ئىلاها مەن زەئىفنىڭ هاجەتىن بەر»،
تەمام ئەتتى دۇئا ئەللاهۇ ئەكبەر.
شول ئەسنادا بۇ خوجە شاد بولدى،
بارى غەم ـ غۇسسەدىن ئازاد بولدى.
قويۇپ لەيلى ئۆيىگە باردى ئولدەم،
تەقى مەجنۇن ئۈچۈن قىلدى كۆزى نەم.
ئارادا نەچچە كۈنلەر ئۆتتى بىركۈن،
كىرىپ قىلغان گۇناھ كۆڭلىگە بىركۈن.
شول ئەسنادا قويۇپ چەرخ ئۇردى يىغلاپ،
كى بۇ مەجنۇن ئۈچۈن جانىنى داغلاپ.
خۇدايا بۇ گۇنادىن پاك قىلغىل،
مېنى بۇ قايغۇدىن ئازاد قىلغىل.
نەچۈك قىلسام گۇناھىمدىن ئېرىنغۇم،
بۇ ھەسرەت بىرلە ئۆلسەم، ۋەھ، نە قىلغۇم.
كى بۇ لەيلىگە بولدى بىر هۇزۇرى،
سەھەرلەردە بولۇبان بىهۇزۇرى.
ئەدا بولغاي ئىدىم مەن بۇ گۇناھدىن،
كېچە ـ كۈندۈز تىلەرمەنكىم خۇدادىن.
ئانىڭ كۆڭلىگە تۈشتى بىر خەيالى،
نەچۈك قىلسام ئادا بولغاي گۇناهى.
بارىبان مەككەدە فەرياد قىلسام،
كى ئاندا مىڭ تىيۋە قۇربان قىلسام.
نەچە يىللار تۇرۇپ هەقدىن تىلەسەم،
گاهال شەمشىرنى تاشقە بۈلەسەم.
شۇ ئاندا بۇ گۇناهىمدىن بولۇپ پاك،
جەهاندا يۈرمەگەي ئېردىكى ناپاك.
بارۇر بولدى بۇ هەجگە ئاندا لەيلى،
كى بارماقغە ئەجەب زوق بولدى مەيلى.
نەچە كۈنلەر قىلىپ جابدۇق تەييار،
ئالىپ نەزرى نىيازۇ ئاندا بىسيار.
بېرىپ بۇ پۇل ـ مالۇ يەتىم، بىيۋەگە،
تېخى قالغانلاردىن يۈكلەپ تىيۋەگە.
چىقىپ يۈردى بۇ لەيلى بۇ شەهەردىن،

ئۇزاتتى ئەل بارىپ بىرئانچە يەردىن.
بۇ يولدا قىرىق كۈنلۈك چۆل بار ئېردى،
بۇ چۆلدە ئۇشبۇ مەجنۇن يۈرۈر ئېردى.
يۈرۈبان لەيلى كەلدى جاڭگالىستان،
ئۇ يەر ئېردى بۇ مەجنۇنغە گۇلىستان.
بىر ئوق مەجنۇن تېخى لەيلىنى كۆردى،
باقىبان ئارقاسىغە لەيلى تۇردى.
بۇ مەجنۇننىڭ كۆزى لەيلىدە ئېردى،
بۇ لەيلىنىڭ كۆزى ئىتىدا ئېردى.
بۇ لەيلىنىڭ تەخى بىر ئىتى ئاندا،
بارۇر لەيلى بىلە ئۇشبۇ ياباندا.
قويۇپ لەيلى بۇ ئىتىنىڭ ئاتىنى باش،
كۆرۈنمەدى كۆزىگە ئىتى شاباش.
بىر ئوق قىچقىردى ئىتىنى ئاندا لەيلى،
بۇ ئاۋاز ئىشىتىپ مىڭ ئارتتى مەيلى.
بۇ قىچقىرغاچ ئىتىنى لەيلى «باش ـ باش»
تۇرۇپ قالدى بۇ مەجنۇن ئاندا شاباش.
كى بۇ لەيلىم مېنى تۇرسۇن دېگەندۇر،
يانىپ كەلگۈنچە ئول يۈرسۈن دېگەندۇر.
ئۆتۈپ كەتتى بۇ لەيلى كۆرمەي ئانى،
تەخى مەجنۇننىڭكىم سورماي ئانى.
يول ئۈستۈندە تۇرۇپ قالدى قارالاپ،
تەخى لەيلى ئۈچۈن جانىنى داغلاپ.
نەچە يىللار تۇرۇپ مەجنۇن ئاندا،
بۇ مەجنۇندەك جەفاكەش يوق جەهاندا.
باشىنىڭ ساچىيۇ تىزىغە تۈشكەن،
بۇ لەيلىنىڭ غەمى كۆڭلىغە تۈشكەن.
نەچە كۈندۈر تۇرۇبان مۇنتەزىر ئول،
يانى بەلگە باقماي ئوڭ يا سول.
كېچە ـ كۈندۈز تۇرۇپ مەجنۇن غەمدە،
بۇ مەجنۇننىڭ كۈنى بۇ بولدى چۆلدە.
بۇ لەيلىگە باقىپ ئاندا تۇرۇپدۇر،
تولا قۇش باشىدا جانگاھ قويۇپدۇر.
تولا قۇچقاچۇ فاختەكلەر، ساغىزخان،
تەخى مەجنۇن بۇ لەيلىنى ساغىنغان.

تۇرۇپ قالدى بۇ مەجنۇن يەتتەۋۇ يىل،
بۇ يەڭلىغ بولدى مەجنۇن ھالەتى بىل،
تەخى بۇ مەككەدىن ياندى بۇ لەيلى،
بۇ مەجنۇننىڭ تەخى مىڭ ئۆتتى مەيلى.
يەتىپ كېلۇر ئىدى يۇرتىغە ئاندا،
تۇرادۇر بىر نېمەرسە بۇ ياباندا.
كى ھېچكىم بىلمەدىكىم ئول نېمەدۇر،
بۇ چۆلدە ئول تەخى نېتىپ تۇرادۇر.
كېلۇر ئېردى تولا ئەل لەيلى بىرلە،
كى ھەرقايىسى كېلۇر ئۆز خەيلى بىرلە.
تاڭۋدى لەيلىكىم مەجنۇن بولغاي،
قايۇ چاغدىن كېلدىبان مۇندا تۇرغاي.
بارۇر ئېردى تىيۋە ئۈستىدە لەيلى،
بۇ مەجنۇننى كۆرۈپ مىڭ بولدى مەيلى.
بىرئوق لەيلىنى كۆردىيۇ يۈگۈردى،
تۈشۈپ لەيلى ئانىڭ سارى يۈگۈردى.
خەلايىق بارچەسى ھەيران بولدى،
بارى لەيلى ئۈچۈن گىريان بولدى.

×

×

تاپىشتىلار مەگەر بۇ ئىككى بۇلبۇل،
بۇ ئىككى بۇلبۇل ئاندا قىلدى غۇلغۇل:
«نە ھالدۇر بۇ نە مۇڭدۇر ئەي قاياشىم،
سەن ئوقسەن كۆڭلۈم ئىچرە بىر قۇياشىم.»
بۇ مەجنۇن ئۆپكىلەپ يىغلادى چەندان:
«قىيامەتغىچە يوقتۇر ماڭا خەندان.
ئەنە كۆرگىلكى ئەھۋالىمنى، ئەي يار،
نەچە يىللار تۇرۇپ يادىڭدا مەن زار.
سېنىڭ يادىڭ بىلە تۇردۇم بۇ چۆلدە،
مېنى سەن كۆرمەدىڭ ئىتنىڭ كۆزىدە.
سېنىڭ يادىڭ ماڭا گۇلزار ئەمەسمۇ،
سېنى كۆرمەكلىكىمگە زار ئەمەسمۇ؟
نە ئەيلەي، نە قىلاي پەيۋەندى جانىم،
ئەنە كۆر چىقغالى ئاز قالدى ھالىم».
بىرئوق لەيلى بۇ سۆزلەرنى ئىشىتتى،
بويى باشدىن-ئاياغ ئولدەم ئىسىتتى.
دېدىكىم لەيلىكىم: «مەجنۇن جانان،
ئەگەر ئۆلسەم ئىچىمدە قالغاي ئەرمان.
ماڭا سەنسىز تامۇغدۇر باغى گۇلشەن،
كۆزۈم بولدى سېنى كۆرگەندە رەۋشەن.
مېنىڭ ئۈچۈن نە ھاللارغە قالىپسەن،
مېنىڭ ئۈچۈن نە ئوتلارغە كۆيۈپسەن.
تىلەرمەن ئول خۇدادىن كېچە-كۈندۈز،
كۆيەدۇرمەن فىراقىڭدا شەبى-روز.
ئالىپ بارسام سېنى، تۇرسام قاشىڭدا،
كېچە-كۈندۈز ھەم ئۆرۈلسەم باشىڭدا».
دەبان يىغلاشتىلار بۇ ئىككى پۇرغەم،
بىرى-بىرىگە ئېيتىپ دەرد ئىلە غەم.
بارۇرمەن بولدى مەجنۇن كۆپ سۆيۈندى،
بۇ مەجنۇن كۆزى لەيلىگە تالىندى.
ئالىپ باردى بۇ مەجنۇننى ئوشۇلدەم،
بۇ لەيلىگە بولۇپ مەجنۇن ھەمدەم.
بارىبان تۈشتى لەيلى ئۆز ئۆيىگە،
بۇ مەجنۇن كىرمەدى لەيلى ئۆيىگە.
كېچە-كۈندۈز ئىشى گۇلخەندە ياتماق،
كېچە تاڭ ئاتقۇچە مىڭ ئاھ تارتماق.
تاڭ ئاتقۇنچە ئۆزىگە جەبر ئەيلەپ،
كېچەدىن تا سەھەرگە نەۋھە ئەيلەپ.
كېچە-كۈندۈز ئىشى ئەفغاندا بولدى،
بۇ مەجنۇننىڭ ئۈنى ئالەمگە تولدى.
جەھان خەلقى ھەمە بولدى ئاگا تىنغ،
تولا نادانۇ ئەھمەق سوقتى قاتىغ.
«تولا يىغلاماغىل لەيلى سېنىڭكى،
نەچۈك قىلساڭ قىلۇ مەيلىڭ سېنىڭكى.»
تەخى مەجنۇن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ،
يېڭىباشدىن تېخى زېھنىن كايىتىپ:

AltunOq

«نە ئەيلەي، نە قىلاي لەيلى ① كېرەكمەس،
تەخى ئانىڭ ماڭا مەيلى كېرەكمەس.
تەجەللى نۇردۇر قىلسام سەرەنجام،
سەبەب بىرلە قىلىپ لەيلىگە بەدنام...»
بارى ئەل كۆپ قىلۇر ئېردى مەلامەت،
تولاسى لەيلىگە قىلدى ئەھانەت.
«بۇ مەجنۇننى يىراق قوغلاپ سالىڭلار،
تەخى كەلسە ئانى قوغلاپ ئۇرۇڭلار.»
بار ئېردى مۇندا بىر دەللەئى فۇرفەند،
بۇ مەجنۇننىڭ ئىشىنى مەن قىلۇرمەن.
ئاپاراي مەن ئانىڭ زېھنىن كايىتماي،
ئىبەرەي مەن ئانى لەيلىگە ئايتماي.
ئانىڭ ھېچ بولماسۇن ئاتى سۇراغى،
كى تىنسۇن بۇ شەھەر ئەلنىڭ قۇلاغى.
چىقىپ مەجنۇنغە دېدى: «ئەي پىرى سال،
ساڭا لەيلىڭ ئايتتى بۇ نەدۇر ھال.
فەلان يەرگە باربان ئەتسۇ بوستان،
كى ئاندا قىلغۇسى تۇرلۇك گۇلىستان.
تەخى ئاغزى بىلە ئارىق چىقارسۇن،
تەخى تۇرلۇك مەئاشلار ئاندا قىلسۇن.
تەخى ئاغزى بىلە قارىم چاپىبان،
كى ئاندا باغۇ بوستانلار قىلىبان.
كى ئاندا مەن بارىپ سەيرى قىلۇرمەن،
بۇ باغۇ بوستان ئىچرە يۇرۇرمەن».
بۇ سۆز بىرلە بۇ مەجنۇننى ياراتتى،
بۇ سۆزنى ئىشىتىپ مەجنۇن سۆيۈندى.
مۇبارەك لەيلى ئاندا بارغۇسىدۇر،
بۇ بوستانلار ئىچىدە يۇرگۇسىدۇر.
ئەنە خۇشتۇر ماڭا لەيلىم دېگەن سۆز،
ئانىڭ يادى بىلە دائىم شەب ئەفرۇز.
ئوشۇل سائەت يۇگۇردى مەجنۇن ئاندا،
نەچە يىللار قالىپ يازى ـ ياباندا.
ئاغىز بىرلەن تەخى تاشلارنى كولاپ،
بۇ لەيلى يادىدا كۆڭلىنى ئاۋلاپ.
ئاغىز بىرلەن داغى كولاپ ئىدى تاش،
بۇ سۆز ئالەمگە ھەم تولدى بولۇپ فاش.
تەخى چاپقان ئارىقغە چىقمادى سۇ،
گەھى لەيلىم دەر ئېردى گاھى ياھۇ.
نەچە يىللار مۇنىڭ بىرلە بولۇپ زار،
بەياباندا بولۇپ ئىت ـ مىشلەدىن خار.
ئاغىز گۇشى بۇ ئۇفرايدۇر ئىڭەكى،
ئاچىلىپ قالدى ئاغزىنىڭ سۆڭەكى.
تەخى ئاغزى بىلەن تاشلارنى تىشلەپ،
بۇ لەيلى يادىدا چۆللەردە ئىشلەپ.
«بۇ لەيلىم يادىدا بوستان سالۇرمەن،
قەبۇل قىلماي ئۇقۇبەتكە قالۇرمەن».

×

×

«ئەلىق قەددىم ئىدى قەددىم خەمىدە،
بۇ ھالغە قالدىمۇ لەيلىم غەمىدە».
نەچە يىللار بولۇپ مەجنۇنى دىلتەڭ،
فەلەك بىرلە قىلىبان نەچچە يىل جەڭ.
كى بىر كۇن ئاغرىدى مەجنۇنى پۇرغەم،
ئاغىزدا قالمادى بىر زەررەئى نەم.
فەلەك جەۋرىسى ھەريان تاراشتى،
بۇ مەجنۇن لەيلى ئۇچۇن جان تالاشتى.
كى قىرىق كۇن جان تالاشتى چىقمادى جان،
«باشىمدا تۇرمادى ئول لەيلى جانان.
مېنىڭ ئەھدىم بۇدۇر سەن بولماغۇنچە،
جانىم چىقماس قاشىمدا تۇرماغۇنچە».
كى مۇنداغلار دەبان فەرياد ئەيلەپ،
بۇ لەيلىگە باقىبان نەۋھە ئەيلەپ.

① ئەسلى قول يازمىدا «مەجنۇن» دەپ يېزىلغان بولۇپ، مەنە ئېتىبارى بىلەن «لەيلى» دەپ ئۆزگەرتىپ ئېلىندى.



بۇ لەيلىگە خەبەر قىلدىلار ئاندا،
ياتىپ ئاندا مەجنۇن بۇ ياباندا.
چالا چالا ياتادۇر باشىنى ئول،
كىشى بارسا سورايدۇر لەيلىنى ئول.
باشىن كۆتەرگۈچە يوقتۇر مەجالى،
تىلىدا ئېيتادۇر لەيلىمۇ لەيلى.
«ئايا لەيلىم كېلىپ كۆرسەڭ يۈزۈمنى،
باشىمدا تۇرساڭۇ ئايتسام سۆزۈمنى.
كى ئاندىن ئالسەلەر بەرگەن ئەمانەت،
«قۇتۇلغايمەن بۇ ئەل قىلغان مەلامەت.»

×

بىر ئوق لەيلى يۈگۈردى باردى ئاندا،
ياتادۇر ئاندا مەجنۇن بۇ ياباندا.
قۇچاقىغە ئالىپ باشىنى يىغلاپ،
يۈزىنى، كۆزىنى هەم تىرماپ-تىرماپ.
دېدى: «جانان ئەي جانىم نە، بولدى،
مېنىڭ ئۈچۈن ئىچىڭ هەسرەتكە تولدى».
بىر ئوق ئاچتى كۆزىن لەيلىنى كۆردى،
تۈمەن تۈرلۈك فىغان لەيلىگە قالدى.
دېدى: «لەيلىم ۋەفادارىم سۆزۈم بار،
كى ئاندىن هەم ئۈمىدىمۇ كۆزۈم بار.
مەن ئۆلسەم قويسەلەر ئۆتكەن يولۇڭدا،
كى سۇ بەرگىن ئىچەيىن ئۆز قولۇڭدا».
دېدى مەجنۇنكى: «ئەي لەيلىم ۋەفادار،
مېنىڭ ئايتغان سۆزۈمدىن بول خەبەردار.
ئۆلەرمەن ئۇشبۇ فۇرقەت بىرلە يارىم،
ساڭا دەرمەن بۇ سۆزنى گۈلئۇزارىم.
مەن ئۆلگەندە تېخى بۇ كەپنى قىلغىل،
ئۆز ئىلكىڭ بىرلە مېنى دەفن قىلغىل.
سەن ئۆلگەندە مېنى قويسۇن يانىمدا،
گۆرۈمدە ياتايىن شۇندىن ئەماندا.

بۇ سۆزلەرنى تەخى لەيلىم قەبۇل قىل،
ئىشىتىپ بۇ سۆزۈمنى ياخشى بىلگىل.
سەن ئۆلگەندە كېلىپ تاپغىل مېنى سەن،
كى مەھشەردە سوراپ تاپقۇم سېنى مەن».
دېدى، «لەيلىم رىزا بولغىل» دېدى جان،
بىرئوق «لەيلىم» دېدىيۇ بەردى ئول جان.
بىرئوق مەجنۇن بېرىپ لەيلى ئۈچۈن جان،
يۈزىگە باقتى قالدى لەيلى ھەيران.
بىرئوق يىغلاپ يىقىلدى ئۈزەسىگە،
ئاياغلارىنى سۈرتتى يۈز - كۆزىگە.
بىرئوق يىغلاپ ياقاسىن ئەيلەبان چاك،
بىرئوق فەرياد ئېتىپ باشقە ساچىپ خاك.
تەخى يىغلاپ دېدى: «ئەي بوستانىم،
خەزان بولدۇڭ ئاخىر گۈلىستانىم.
سەن ئېردىڭ ئۇشبۇ دۇنيادا ۋەفادار،
سېنىڭ بۇ دەردىڭە قىلماي ھەۋادار.
ماڭا ئول يار ياۋەر مېھرىبانىم،
كى باشىم ئۆزرە ئېردى سەرۋ نازىم.
ماڭا ئول باغ ئىچىدە گۈلئۇزارىم،
ماڭا ئول بوستانىم سەبزەزارىم.
خۇدايا سەن بۇ مەجنۇننى نە قىلدىڭ،
باشىمغە كوھىقاف تاغىن يىقتتىڭ.
كىيەرمەن ئەڭنىمە بىر ئەسكى جەندە،
خۇدايا ئال ئەمانەت قويما مەندە.
بىرئوق يىغلاپدۇرۇر مەجنۇن يۈزىگە،
يۈزىنى سۈرتەدۇر مەجنۇن پۇتىغە.
دەر ئېردى: «ئاھ مەجنۇن، ئاھ مەجنۇن،
ئاخىر دەمدە بۇ يەڭلىغ زار مەجنۇن.
كۆزۈمنىڭ نۇرىيۇ ئەترۇ دىماغىم،
يۈزۈڭنى ئوخشاتۇرمەن ماھى تابىم.
يۈزۈڭ ئوخشايدۇر گويا ماھ سۇرەت،
جەھاندا يوق سېنىڭدەك ماھ تەلئەت.
.................................... ①

ھەركى خانەد دۇئا تەمەئدارەم،
زانكى مەن بەندەئى گۇنەھكارەم.
شۇد بىتەۋفىقى خۇدايى لايەنام،
ئىن كىتابەت روز پەنجىشەنبە تەمام.

(تۈگىدى)

① بۇ يەردىن بىرقانچە بەت يوقالغان.




## موللا سابىر بىننى ئابدۇلقادىر

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: توختى تۇراخۇن**

①61

[دىلنى قان] ئەتكەن لەبى ئېرمىش ئوشۇل مەنزۇرنىڭ،
ۋەھكى، مۇنداغ بولماغاي جەننەتدە مەگزى ھۇرنىڭ.
كۆڭلۈمە شۇرىش دەمادەم كەلتۈرۈر ئېرمەس ئەجەب.
خەتلەرىڭ يادىدا قوزغالماق خەيالى مۇرنىڭ.
كاكۇلۇڭدىن ئايرۇ كۆزلەر نۇرى يوق بولدى دېدىم،
زۇلمەت ئېركىن ئەسلى ھەر ياندىن كۆرۈنگەن نۇرنىڭ.
ئولتۇرۇپ جايىڭدا سەير ئەتمەك تىلەرسەن يۇم كۆزۈڭ.
بىر مەسەل ئەل ئىچرە باردۇركىم «تەماشا كورنىڭ»
مۇغتەنەم تۇت، ساقىيا، جامى سەفالىڭنى بەسى،
ئېھتىمالى باركى بولغاي خاكىدىن فەغفۇرنىڭ.
چىقسە فۇرقەت پەھلەۋانى ئىشق لەشكەرگاھىدىن،
كىم ئىكىن مەيداندا ئالدىن توسقاي ئول بەرزورنىڭ.
كۆرمەسەم ئول يۈزنى بىلمەسمەن كېچە-كۈندۈز نېدۇر،
ھۇسن مۇتلەق مەنشەئىدۇر نۇرئىلە دەيجۇرنىڭ.
شۇم تالېئىلىك سىرىشكىمنى ئاچىغ قىلسە نېتاڭ،
كىم سۈيى ئەلبەتتە ئاچچىغدۇر زەمىنى شورنىڭ.
كۆرمەيىن ئەيبىنى رەد قىلمە كىشىنى زىنھار،
شەرئ ھەم قويماس مۇرەددەد ھەر ئىشىن مەستۇرنىڭ.

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

يەتمەيىن مەقسۇدىغە ياندى ھەمە ئاشىقلارى،
بارچەگە يەتتى مۇكافاتىم مەنى مەھجۇرنىڭ.
..................① ئەتتى كۆكۈلنى، ئەي پەرى،
نې گۇناھى بار ئىكەن بىلمەمكى ئول مەجبۇرنىڭ.
شەنبەنىڭ فىكرى بىلە ياشلارغە جۇمئە تەلخدۇر،
ئاچچىغ ئەتتى ناقىس ئەيشىنى خەيالى كورنىڭ.

62

بىۋەفالار مېھرىدىن كۆڭلۈم مۇكەددەردۇر مېنىڭ،
گەرچە جانىم مۇرغى ئىشق ئىچرە سەمەندەردۇر مېنىڭ.
بارگاھى مەئنىدە سۇلتانى ئىززەت مەن بۇ كۈن،
گۈلخەنى سۇرەتدە گەر ۋەزئىم قەلەندەردۇر مېنىڭ.
زاھىدا، ئۇسرۇك چىقىپ رەسۋالىغ ئەتسەم ئەيب ئەمەس،
چۈنكى قىلغان ئىشلارىم بارچە مۇقەددەردۇر مېنىڭ.
باقمە ئەلفازىغە، ئەي داناكى، قىلغان سۆزلەرىم،
مەئنى ئەربابىغە بادامى مۇقەششەردۇر مېنىڭ.
بىنەۋا بول، ئاشىقا، ئالەمدە ئۇشبۇ شىيۋەدىن،
ھەيئەتىم دىۋارى شۇھرەتكە مۇسەۋۋەردۇر مېنىڭ.
مۇزتەرىب بولدى بۇ مېھنەتخانەدە چارەم قەنى،
كىم باشىمدا بىسۇكۇن چەرخى مۇدەۋۋەردۇر مېنىڭ.
ناقىس ئايتۇر شېئر ئارا ھەرلەھزە، ئەي ئەھلى كەمال،
تەكيەگاھىم سۆزدە ئاياتى مۇفەسسەردۇر مېنىڭ.

63

دوستلاردىن دەم بەدەم جەۋرۇ جەفا كۆرمەك كېرەك،
ھەرنەكىم لازىم ئېرۇر پايانىغە يەتكۈرمەك كېرەك.
مەن ھەيا كويىدا يۈردۈم ياردىن تاپتىم نىشان،
جانىغە بۇ ۋادىدا قۇربانلىقىغە ئۆلگۈرمەك كېرەك.
بۇ چەمەن مۇلكىدە مۇنداغ سەيردىن بىھبۇد يوق،
يارنىڭ ئىشكىدە ھەردەم نەچچە تەلمۈرمەك كېرەك.
ئەي كۆكۈل، يار ئىستەگەنلەر دائىما بىداردۇر،
ئۇيقۇنى كۆزدىن يىراق ھەريانىغە كەتكۈرمەك كېرەك.

① ئەسلى قولى يازمىدا بۇ ئورۇن پەرسۇدە بولغان.

چەكمەگىل رەنجۇ ھەۋا كىردارلىغ، ئەي بۇلھەۋەس،
گەر ئىلىككە گەۋھەرى مەتلەبنى كەلتۈرمەك كېرەك.
خاتىرەڭغە كەلسە يادى ياردىن ئۆزگە خۇتۇر،
توختاماي ئىتتەك ئانى ئاستانەدىن سۈرمەك كېرەك.
ئىشق دەئۋاسىن ئۆزىنى چاغلاماي قىلغان كىشى،
تاقەتى تاق بولسە ھەم مەقسەد لەبىن بۈرمەك كېرەك.
ئول سەنەمنىڭ ئىشقىدىن كىم قاچسە مۈھلىكدۇر دەبان،
ناقىسا، بۇتخانەدە جىسمىنى كۆيدۈرمەك كېرەك.

64

كۆرۈندى ئەل ئاراسىدىن ماڭا بىر ئەرغەۋان كۆڭلەك،
يىلان رەفتاردەك تىترەپ يۈرەكنى قىلدى قان كۆڭلەك.
نىگۇن بولدى بۇ ئالەم قەددى بىر جىلۋە كۆرگۈزگەچ،
ئەجەب ئېرمەس جەھان دەشتىن قىلۇر باغى جىنان كۆڭلەك.
ماڭا نې لالە لازىمدۇر نە گۈل نې ياسۇمەن، ئەي دىل،
بۇ يەڭلىغكىم قىلۇر جەۋلان كېيىپ ئول دىلىستان كۆڭلەك.
ئەجەب ئېرمەس قىزىلگۈل ھەجرىدىن بۇلبۇلغە بىخۇدلۇغ،
كېتەر ئۆزدىن كۆڭۈل چىقماس نىگار ئەيلەپ ئەيان كۆڭلەك.
جەفا قەسدىمۇ يا ئېھسانىمۇ ئول بىۋەفا ۋەشنىڭ،
كى بىر سائەت قەبا گۈلگۈنە ئەيلەر بىر زەمان كۆڭلەك.
ئېرۇر ھۆسنى جەھانغە شور سالغان، ئەي كۆڭۈل، بىلگىل،
كى بۇ ئىش قايدا بولغاي بولسە ھەم يۈز مىڭ جەھان كۆڭلەك.
ئېچۈكدىن مەيلى باغ ئەيلەر كۆڭۈللەر خاتىرى ھەردەم،
ئەگەر كەيمەپدۇر ئول گۈلنىڭ يۈزىدەك باغبان كۆڭلەك.
كېچە ئەل ئۇيقۇسىن قاچۇرسە باردۇر، ئەي كۆڭۈل، مەئزۇر،
كىم ئول كەيگەچ تەنى ئۈستىگە چەكمەكدىن فىغان كۆڭلەك.
نە غەم ناقىسغە ئۇريان دەپ قاچار ئەھلى خىرەد ئاندىن،
كى بولمىش يارىنىڭ شەۋقىدە خاكى ئاستان كۆڭلەك.

65

ئەي، كەرەمىڭ پايەسى كەلدى چۇ توقۇز فەلەك،
خانى سەلايىڭ ئۆزرە رىزەخورىڭدۇر مەلەك.
گەرچە مەلەففۇزدۇرۇر تىلدا چۇ ئەئلا دېمەك،

ئۇلۇۋۋى ئارا قەدرىڭ ئېرۇر جۇملە ئەلادىن بەيەك.
ئاشىقى دىلخەستەدىن قىلمە كەنارە بەسى،
بىلمەدىم ئانىكى مەن بەلمۇ ئايا بىلەك.
ئۆپكەلى نازۇك قولۇڭ خاكى رەھىگۇزۇر تەنىم،
ئولمەسە جەۋلان ئەگەر ھاسىل ئولۇرمۇ تىلەك.
سەرۋ قەدىڭدىن خىجىل بولمەسە نېچۈن بولۇر،
باغ ئارا جا تاپمايىن مەنزىلى جايى تېرەك.
چېھرەئى زەردىم مېنىڭ ئىشقىمە بولدى نىشان،
زەرگە چۇ خالىس ئېرۇر ھاجەت ئەمەسدۇر مەھەك.
ناقىسى بىكەس ئەگەر تەركى تەئەللۇق قىلۇر،
كويىدا ئول ماھنىڭ ئىت كەبى باقماق كېرەك.

66

زىھى يۈزۈڭدە كەمالى ئىلاھى تۇتمىش رەڭ،
نە تاڭ گەر ئولسە ساڭا ئەرش قەسرىدە ئەۋرەڭ.
نە زات نۇرى ئېرۇرسەنكى فىكرى شۇئلەكى،
شۇئائىڭا نەزەر ئەتكەچ قۇياشقە بولمىش تەڭ.
قەمەردە داغ دېمەگىم جەمالىڭ ھەجرىدىن،
غەرىب ئاينە يەگىلىغ يۈزىنى تۇتمىش زەڭ.
يۈزۈڭنىڭ ئايىغە شەمس ئەلبەتتە ئاشىق
ئىكەنكى، پەردەگە كىرمەكلىكىڭ قىلۇر ئاھەڭ.
كىشىكى رەۋزەئى پاكىڭ ھەۋاسىنى قىلماس،
ھەۋەس چۆلىدە ھەۋادىس باشىغە ئۇرسۇن سەڭ.
كىشىكى جانىدا مېھرىڭ ئەزىز جاندەكدۇر،
سېنىڭ ئۈچۈن تەنى، جانى بىلە قىلۇر كۆپ جەڭ.
سېنىڭ ۋىسالىڭە تالىب جەھاننى خوشلاماغاي،
كى سەنسىز ئولسە بىلۇر بۇ جەھان نې كامۇ نې نەڭ.
كۆڭۈل فىراقىڭە تۈشكەچ فىغان چېكەر ھەردەم،
تۇمۇزدا ئۇيلەكى ئەفغان تولا چېكەر خەرچەڭ.
ئەگەرچە ناقىسىڭ ئىتدىن بەتەر ئېرۇر ئاجىز،
تۇفەيلى رەۋزەئى پاكىڭ ئىتىگدىن ئەيلەمە نەڭ.

67

قەدىڭ نەخلىن ياشىل تون ئىچرە، ئەي مەھۋەش، چۇ ياشۇردۇڭ،
كۆكۈللەر ئاھىنى بىر ناز ئىنە كۆكلەردىن ئاشۇردۇڭ.
يوقۇڭدا سەرۋ، نەسرىن يۈز ئاچىپ جەۋلان قىلىپ ئېردى،
كېلىپ قەيد ئىچرە سالدىڭ سەرۋنى، نەسرىننى قاچۇردۇڭ.
نە قاتتىق نازدۇر، ئەي قاشى يا، يۈز يىلدا بىر ھەرگىز،
ئۆلۈپمەن ھەجرىدىن تىل چەكمەدىڭكىم «نېگە قايغۇردۇڭ».
قۇلاغىڭ زېۋەرى قەسدىدە چۇن چىقتىڭ خىرام ئەيلەپ،
مېنى مەھۋ ئەيلەدىڭ بىر سۆز بىلە، زەرگەرنى ئازغۇردۇڭ.
مېنىڭ زەئمۇم ئۇچۇنمۇ ياكى ئايىنى مۇھەببەتمۇ،
قىلىپ دۇشمەننى ۋاسىل، دوستنى ھىجرانغە تاپشۇردۇڭ.
يولۇڭدا ناقىسى بىخانمان يىللار مۇقىم ئېردى،
يۈز ئاچىپ تابىدىن ھەيران قىلىپ، ئەي شوخ، يازغۇردۇڭ.

68

بىر پەرى جىلۋەسىدىن بولدى جەھان رەڭگارەڭ،
كىم خىرەد كۆرسە يۈزىن ئۆزنى قىلۇر سىنا رەڭ.
گەرچە ئالەم ھەمەسى رەڭ بىلە پەيدادۇر،
يوقدۇرۇر ھېچ بىرىدە ھۇسنى كەبى پەيدا رەڭ.
لەئلىنىڭ كۆلكۇسىدىن قۇرسۇ قەمەر بىر پەرتەۋ،
يۈزىنىڭ شۇئلەسىدىن مېھرى فەلەك فەرسا رەڭ.
ئاچماسا چېھرەسىنى كەۋنۇ مەكان ئىچرە ئەگەر،
ھەرنە مۇمكىندۇر ئاڭا بولماس ئىدى ئەسلا رەڭ.
بىر سەنەم يادى بىلە جانۇ كۆكۈل بولدى ئەدەم،
كىم ئانىڭ رەڭگى ئەمەس دېسە كىشى ئەنقا رەڭ.
قەترەلىك ۋەسفىنى تۇت ۋەسلى ئەگەر مەتلەبدۇر،
بولسە تۇق قەترەلىكىڭ ھاسىل ئولۇر دەريا رەڭ.
كاكۇلى فىكرەتىدىن ئەقىل ئەياغى بەند ئولدى،
بۇدۇرۇر ئىستەسە كىم فۇرقەت ئارا شەيدا رەڭ.
باغ ئارا كىرسەڭ ئەگەر فىكر كۆزىن بىنا قىل،
كىم ئەمەس گۈللارى ئول گۇل يۈزىدىن ئىللا رەڭ.
لەئلىدىن نۇش تىلەپ خەستە كۆكۈل ھەيراندۇر،

كىم ئەمەس بەرگەي ئاڭا بادە بىلە سەھبا رەڭ.
ناقىسى رىندى نەما ھۇشۇ خىرەد خىرقەلەرىن،
تاڭ ئەمەس رەھن قىلىپ قالسە يىپىلىڭ مىنا رەڭ.

69

ئەي مۇغەننى، بەزم ئارا سەۋتۇڭنى ھەريان چەكمەگىل،
ئوت ياقىپ ئىشق ئەھلى كۆڭلىگە پۇشەيمان چەكمەگىل.
مەن نەۋا كۆرمەي مەلال ئولدۇم بەسى ئۇششاق ئارا،
ئايغاچ ئۆز ھالىمنى بىخۇدلۇقدىن ئەفغان چەكمەگىل.
خالى فىكرىدە چۇ كۆڭلۈم جەمئدۇر ئەغيارىدىن،
كاكۇلى يادىدا ئاھەڭگى فەرىشان چەكمەگىل.
ھەجر ئارا ئىچمەك باغىر قانىن ماڭا بەسدۇر نەسىب،
دەم-بەدەم تەكلىفى ۋەسلى لەئلى خەندان چەكمەگىل.
ياغماي ئىمكان يوق جەفا بارانى چەرخى ئىشقىدىن،
سادىق ئولساڭ ئىشق ئارا باشىڭغە قالقان چەكمەگىل.
ئەيكى، دەرسەن ۋەسلى خۇشدۇر ھەجرىدىن قىلغىل ئىلاج،
بىر نەفەس ۋەسلىغە ئاندىن يەتۇ ھىجران چەكمەگىل.
ۋەسلۇ ھىجران چۇنكى قىسمەتدۇر ئەزەل دىۋانىدىن،
مىننەتىن شەيخى زەمانىڭ بولسە ئىمكان چەكمەگىل.
كەچ سەدايى تاردەك قانۇن رەسمى خەلقدىن،
كۇلغەتۇ تەھسىنۇ رەددى ئەھلى ئىھسان چەكمەگىل.
بەزم ئارا ناقىس مەقامىڭدىن چۇ كەتسە ھالىدىن،
كۆڭلۈك ئىچرە غەيرى فىكرى جامى ئىرفان چەكمەگىل.

70

ئىلاھا، ئىستەرەم دائىم تەۋەسسۇل،
ئىچۇك تاپقۇم سىنىڭ ۋەسلىڭنى مەن قۇل.
جەمالىڭ گۇلشەنى ھەجرىدە يىغلاپ،
بولۇپمەن گويىيا دىۋانە بۇلبۇل.
خەيالىڭدىن ئىرۇر مەسجىدلەر ئىچرە،
شەرەرلىك ئاھ ئىلە تۇرلۇك غۇلاغۇل.
سىنى ئەيلەر تەلەب ھەيۋانۇ ئىنسان،
ئەگەر بولسۇن ئەلىيۋەر بولسە دۇلدۇل.

يۈزۈڭ كۆرمەك ئۈچۈن باشىن چىكەرلەر،
چەمەندە لالەۋۇ نەسرىنۇ سۇنبۇل.
كەرەمدىن قىلماغىل ناقىسنى نەۋمىد،
ئەگەرچە ئاسىيدۇر، ئەيلەر تەۋەككۇل.

**71**

ئەي كۆڭۈل، ئۆمر ئولدى زايىئ ئەھلى دەۋراندىن ئۈزۈل،
ھەرنەكىم ۋەقتىڭنى زايىئ ئەيلەگەي ئاندىن ئۈزۈل.
ئەرسەئى ئىمكاننى مەزرەئدۇر دېمىش ئۇقبا ئۈچۈن،
ھاسىل ئەت تائەت ھۇسۇلىن زەرئې ئىمكاندىن ئۈزۈل.
ئەيكى، قىلدىڭ ئەينى تەكلىفى دۇخۇلى خانىقەھ،
تەرك ئېتىپ تەزۋىرۇ مىكرىڭنى بۇ دۇكاندىن ئۈزۈل.
كۆزلەرىڭ ياشىغە ياشلىغ بىرلە مەغرۇر ئولماغىل،
ساف قىل كۆڭلۈڭنى جەيھۇن بىرلە ئۇممانىدىن ئۈزۈل.
ئىت كەبى نەفسىڭ ئۈچۈن ئەفغان چىكەرسەن ھەركېچە،
تۇت نەفەسنى پاس، ئەي ئەبلەھكى، ئەفغاندىن ئۈزۈل.
دەھر زالىن خۇش كۆرۈپ قەيد ئەتمە دىلنىڭ تەۋسىفىن،
قىل ھەزەر ئول سىپھرگەردىن رەنجى زىنداندىن ئۈزۈل.
گۈلشەنى ئىمكاندا بۇيى ئىشقدىن تەيب ئەت دىماغ،
بۇ فەنا باغ ئىچرە بۇيى شاخى رەيھاندىن ئۈزۈل.
يارسىز ئۇمر ئۆتسە ئارىغە نەفەس خەنجەر بولۇر،
ۋەسلى يار ئىستەردە ئاندىن ئۆزگە جاناندىن ئۈزۈل.
كەچمەيىن تا ماسەۋادىن ۋەسلىنىڭ ئىمكانى يوق،
ناقىسا، سەئيى ئەيلە ئىمكانىچە ئىمكاندىن ئۈزۈل.

**72**

ئۇرۇجى ھىممەتى ئەھلى زەماننى قەئرى دەريا بىل،
كەرەم ۋەقتى سەداسىن قاف ئارا پەرۋازى ئەنقا بىل.
غەنىمەت ھالدۇر تەرك ئەيلە ئاقىلسەن تەرەددۇدنى،
كى فۇرسەت يوقلۇغىدىن فال ئالىپ بۇ كۈننى فەردا بىل.
ئېرۇر نادان ئەلايىق مۇبتەلاسى دەھرى فانىدا،
يىراق چەككەن ئۆزىن ئازادەنى ھۇشيارۇ دانا بىل.
كۆڭۈل ئاۋلاپ كىشى مەسجىدنى بۇزسا ئول مۇسۇلماندۇر،
كىشىنى ئاغرىتىپ مەسجىد بىنا قىلغاننى تەرسا بىل.

فەلەك خۇرشىددەك ئەئلا قىلىپ كەزدۇرسە ھەركىمنى،
ئەگەر بولسە تەكەببۇر باشىدا كۈن يوق سۇرەيىيا بىل.
ساقالۇ مويى لەب چىققان بىلە، ناقىس، دېمە ئادەم،
كى ھەركىم دەھر ئارا ھىممەتسىز ئولسە ئانى خۇنسا بىل.

73

چەرخى زالىم مېھرىدىن ئىمىن ئەمەسدۇر بۇ كۆڭۈل،
كىم بولۇپدۇر زەئفدىن ۋەھشەت بىلە بىرمۇ كۆڭۈل.
رەنجە بولماس ھەر جەفايىدكىم چېكەر ئەغياردىن،
يار يادى بىرلە ئادەت ئەيلەگەن خۇشخۇ كۆڭۈل.
دەردمەندىكىم كۆڭۈل كامىغە جانىن سەرف ئېتەر،
باردۇرۇر ئەلبەتتە جانىدىن ئاڭا دىلجۇ كۆڭۈل.
چەكمەگەي رەنجى ئاياغ ئۇرماق تەماشا قەسدىدە،
ھەر گەداكىم بولسە جامى جەم كەبى كۆزگۈ كۆڭۈل.
گەرچە قىلماس ئاشيان ھېچ يەردە ئول ئەنقايى پاك،
قۇمردەك فەرياد ئېتىپ ھەرلەھزە دەر كۇ-كۇ كۆڭۈل.
بىر نەزەردىن مەھۋ ئەگەر بولماس كىشى ئاشىق ئەمەس،
ئاشىق ئولدۇركىم قىلۇر يادىدا ئېرىپ سۇ كۆڭۈل.
تاشلاغىل، ناقىس، رىزا دەشتىغە قويماي ھالىغە،
گەر سېنى تىندۇرماسا ھەريان سۇرۇپ خۇد رو كۆڭۈل.

74

ئىلاھا، يول يۈتۈردۇم يولغە سالغىل،
خىزر يەڭلىغ قۇرۇق ئىلكىمنى ئالغىل.
تىلىم ھەرھەرف ئىلە ئەيلەر سېنى ياد،
دىلىم ئەيتۇركى: دەم سۇرمە، ئۇيالغىل.
سېنىڭ ئالدىڭدا ئاجىز فىل تەنلەر،
بۇ نەفسىم دۇشمەنىمدۇر، يەرگە چالغىل.
سېنىڭ ھەجرىڭدە نالايمەن فەلەكدىن،
ئاتارمەن ئاھ ئوقىنىكىم، قادالغىل.
ئەزازىل قايدا بارسام ھەمرەھىمدۇر،
نە بولغاي بىر دېسەڭكىم: يولدا قالغىل.
دېدىلك ئەرزىڭنى، ناقىس، پادىشاھغە،
ئەدالەت شەۋقىدىن نەققارە چالغىل.

## 75

هال تارتىپ كىمسەنى كۆرمەس مۇھەققەر ئەھلى هال،
گەرچە فەرق ئەتمىش كىچىكۇ چوڭنى شەرئەن ئەھلى قال.
ئەجز مۇرغىدۇر يېتەر ئۇچماقدا شاخى قۇدسىغە،
ئەيلە ئەنقانىڭ خەيالىدىن ئۇرۇجۇڭنى خەيال.
قايناسا خۇمى مۇھەببەتدە شەرابى ئىرتىبات،
سۇرگەلى مەھبۇب سارىدىن يېتىشكەي رويمال.
قوزغاغاي ئاخىر مەكانىڭدىن سېنى بەرمەي ئەمان،
چىق بۇ ۋەھشەتخانىدىن بولماي دېسەڭ گەر پايمال.
يار چىرلايدۇر ۋىسالىدىن نىشانلار كۆرگۈزۈپ،
نى ئاغىرلىقدۇر قىلۇر بىزلەرنى بارماقدىن [مەهال].
دىلرەبالار هۇسنى شەيداسى كۆڭۈل ئېرمەسكى گول،
ئەي كۆڭۈل، باردۇر ئۇلاردىن ياخشى هۇسنى لايەزال.
ئەل ۋەفاسىز دەپ كۆڭۈل ئۈزمەك جەهاندىن خوب ئەمەس،
كىم ۋەفا سەندىن ئۇلارغە يەتمەگەچ باردۇر مەلال.
چەرخى دەۋرىدىن ئەگەر بولساڭ... ①، ئەي هەردى،
كەچ تەئەللۇق باردىن بىر جامى مەي ئىلكىڭگە ئال.
ئاي باشىن، ناقىس، بىلەلمەيمەنكى قايسى كۈن ئېرۇر،
كۆرگەلى ئول ئاي قاشى ئۈستىدە ئەنبەرگۈن هىلال.

## 76

ئەي، خەيالىڭدىن ئۇلۇس باشىدا سەۋدايى مەهال،
كىم بۇ سەۋدا بىرلەدۇر هەر باش باشىدا يۈز خەيال.
جەننەت ئىچرە تۇبىنىڭ قەددى پۈكۈلدى غەم بىلە،
جىلۋە قىلغاچ ناز ئىلە ئول گۇلبەدەن زىبا نىهال.
بولسە يۇسۇفكە زىلەيخا كۆڭلىنىڭ پىچانلىغى،
كۆرمىش ئولغاي ئاندا هۇسنۇڭدىن جەمالى بىمىسال.
لەيلى هەجرىدىنكى مەجنۇنغە بولۇپدۇر دەشت جاي،
باردۇرۇر لەيلى يۈزىدە سۇنبۇلۇڭدىن قارە خال.
قازدى فەرهادى بەلاكەش شەۋقى شىرىن بىرلە تاغ،
تامدى چۈن شىرىن لەبىڭدىن لەئلىڭە بىر قەترە بال.

---

① ئەسلى قول يازمىدا بىر سۆز چۈشۈپ قالغان.

گۇل تاپىپ تابى رۇخۇڭدىن لەمئەئى رۇخسار ئۆزە،
بۇلبۇلى شورىدە جانىن كۆيدۇرۇر فەسلى ۋىسال.

تاپتى چۇن ئۇزرا ئۇزارىڭ تابىدىن ئەندەك نەسىب،
ۋامىقى بىكەس خەيالىدىن تەنىنى ئەتتى نال.

زەررەتۇن سەندىن نەزەر تاپتى قۇياشكىم باش چىكەر،
شەۋقىدىن نىلۇفەرى ژولىدە مويى خەستە هال.

هاسىل ئولكىم، هەرنەكىم كۆرسەتتى نۇر كەۋنەين ئارا،
ئەقل ئاجىزدۇر دىگەيسەن يا ئەمەس، ئەي زۇلجەلال.

ئۇشبۇ مەئنىدىن هەقىقەت ئەهلى هەم كۆپ نۇكتەلەر
سوردىلار، لىكىن يىتەلمەي يولدا قالدى قىيلۇ قال.

كىمكى، ناقىس، لەب تىگىپ ياد ئەتسە كۆڭلىدە ئانى،
گەرچە ناقىسدۇر تاپار مەئنى دەرەختىدەك كەمال.

77

[بىۋەفا دەۋران] غەمىدىن قىلمە ئۆزنى پايمال،
بادە ئىچكىل دەم-بەدەمكىم، مەي ئىرۇر دەفئى مەلال.

بادە سۇز، ساقىكى. بۇيى زۇلفىدىن يەتتى نەسىم،
كىم هەمانا دەير ئارا كەلگەي كىرىپ ئول لەئلى بال.

مازىيۇ مۇستەقبەل ئەهۋالىن، رەفىقا، قىلمە ياد،
كىم مۇبادا كەتمەگەي چىقىقان نەفەسدىن زەۋقى هال.

بۇ فەنا ۋادىدا ئىرسەم بىسۇكۇن ئەيب ئەتمەگىز،
كىم مۇقىممىز ئىلە قىلماي بولۇرمۇ ئىنتىقال.

بەزمى ۋەسل ئىچرە رەقىبلەر لەئلىدىن تاپقاچ نەسىب،
هەسرەتىدىن قان يۇتۇپ ئاقتى لەبىمدىن كۆپ شەهال.

روزگارىم قارە بولماقغە سەبەب بىلدىم، ئىكەن،
ئول قارا كۆزلەر تاپىپ بۇ كىچە زىيبۇ ئىكتىهال.

ساكىنى مەيخانە بىرلە مۇستەقىمى مەدرەسە،
ئەيلەگەيمۇدەك بىلىڭ فىكرىدە قىلدەك قىيلۇ قال.

مۇهتەسىب سىندۇردى خۇمنى، مۇفتى تەهسىن ئەيلەدى،
بۇ جىهەتدىن ئىككىسى ئۇمرى ئارا تاپماس هەلال.

فەسلى گۇل يەتمىش چەمەندە بۇلبۇل ئەيلەر زەمزەمە،
رەقس قىل، ناقىسكى، بۇدۇر نەغمەئى زەۋقى ۋىسال.

78

قامەتىڭ نەخلىغە بەرگۇ مېۋە گەر قىلسام خەيال،
كۆرگۈزۈر كۆڭلۈمگە ئالتۇن تۇگمەلىك كۆكلەك جەمال.
گۈلشەنى ئىمكاننى كەزگەنلەر بۇ دەم تەھسىن ئىلە،
نەفە ئېتەرلەر ئۇيلەكىم يوقدۇر قەددىدەك بىر نىهال.
فەيز مۇرغى چۇن قانات ياپتى ئىشىڭ پۇتتى سىنىڭ،
ئۇمرۇ دانىش تاپتى شەفقەت ئەيلەگەچ سىمۇرغى زال.
ۋەھ، غەلەت قىلدىم تەكەللۇم دەپ سىنىڭ شەئنىڭدەكىم،
فەيز سەندىن فەيزدۇر، هال ئولسە [هەم] سەن بىرلە هال.
كىم مۇئەززەز بولسە، سەن قىلماي مەدەد يوقدۇر مۇئېز،
بەس مۇسەللەم ئىككى ئالەمدە ساڭا ئىززۇ جەلال.
ئەهلى هۇسن ئىچرە تەفازىلدىن غۇلاغۇللار بەسى،
قۇللاردىدۇر بارچە، قىلدۇرمە ئۇلارنى كۆپ جەدال.
گۈلشەنى ئىمكانتى ئەنبەرنىڭ ئىسى تۇتمىش هەمە،
بارچە دەرلەر سۇنبۇلۇڭ تارىنى پۇترابى شەمال.
تەلپۈنۈر ئاشىق كۆڭۈللەر سەيد ئۇچۇن هەريان، ۋەلې
تاپماغايلار كۆزلەرىڭدەك هېچ بىر رەئنا غەزال.
هەر نەزەر سەندىن جەهانغە مۇجىبى سەۋدا بولۇر،
قايسى ئەنبەر جەۋهەرىن ئول كۆزلەر ئەتتى ئىكتىهال.
هەرنەچە ساف ئولسە سۇدىن دانە مەئلۇم ئولماغاي،
ناقىسا، ئول يۈزدە رەۋشەندۇر قۇياشدەك ساف خال.

79

بىر قەدى رەئنا خەياللىنىڭ ئەسرىدۇر كۆڭۈل،
گويىيا مۇلكى فەرەڭىستان ئەمىرىدۇر كۆڭۈل.
دېمەگىل بىلمەس تەغافۇل ئەيلەسەم غەفلەت بىلە،
كىم ئەرىستۇدەك ئەجەب رەۋشەن زەمىرىدۇر كۆڭۈل.
گاهى ئەنقا گاهى هۇدهۇددۇر دېسەم ئېرمەس ئەجەب،
يار يادى بىرلە هەر ئىشقە قەدىرىدۇر كۆڭۈل.
هەرنەكىم كەلسە قەزادىن ئۆزنى چۇن تەسلىم ئېتەر،
هەجرىنىڭ يا مالى فۇرقەتىنىڭ خەمىرىدۇر كۆڭۈل،
ئاهدىن ئۆزگە نىشان تاپمانكى، ئۆتتى دەۋرلەر،

فەهم قىلدىم ئەمدى ئەنقانىڭ نەزىرىدۇر كۆڭۈل.
ئول سەرى كوي ئىچرە ئىتلارنىڭ بولۇبدۇر خادەمى،
قىل كەرەم ئول مۇلكىنىڭ كەمتەر فەقىرىدۇر كۆڭۈل.
جانى مىسكىننى ۋىسالىڭنىڭ ئۈمىدى ئۆرتەدى،
بارى دۇيارىڭغە ئول بىدىل سەپىرىدۇر كۆڭۈل.
بىر ئۇلۇغ سۇلتانى ئەكرەمدۇر ھەقىقەت مۇلكىدە،
دېمەگىل، ناقىسكى، ئاشىقلار ھەقىرىدۇر كۆڭۈل.

80

ۋەھكى، ھەر سائەت ھەۋادىس تاشلارى ئەتكەچ نۇزۇل.
ئاسماندا بار سەمان يولى كەبى ھەريان جۇدۇل.
دەھر باغىدا گۇلى يوقكىم نىشات ئەفزا ئەمەس،
لېك بىردىن ئۆزگەسى بۇلبۇلغە بولمابدۇر قەبۇل.
چىققاسەن ئاخىر بۇ كۇلفەتخانەدىن تاپماي ئەمان،
قايدا فۇرسەتكىم خۇرۇجۇڭدۇر ئاڭا بولغان دۇخۇل.
ئىلم خۇرشىدى زەۋال ئولماس ئەگەر مىڭ يىل ئۆتەر،
يافماسا ئېردى ھۇجۇم ئەيلەپ ئانى زىللى جۇھۇل.
ئاڭلامايدۇرسەن نەسىھەتنى تەجاھۇلدىن، كۆڭۈل،
بولغۇسى مەنىڭ غەلەت قىلساڭ ئىبارەتدە زۇھۇل.
قەد خەمى، ساچ ئاقى قەتلىڭنىڭ گۇۋاھىدۇر سىنىڭ،
كىبرۇ نەخۋەتدىن بۇلارنى بىلمەدىڭ ئەمما ئۇدۇل.
مۇجىبى ئىبرەت كىفايەتدۇر ساڭا ھەربىر نەفەس،
ئىنتىقالى جۇملە مەزمۇنىغە لەفزىدۇر شۇمۇل.
ھاسىل ئىستەپ ھاسىلىڭ قولدىن كېتىپ ھەم بىلمەدىڭ،
ئەمدى يەتمىشدۇر زىمىستان نەيلەگۇڭ، ئەي بىھۇسۇل.
دەئۋەئى جان ئەتسە مۇنكىرسەن ئەجەل، ۋەقتى قەزا،
نەفئ قىلمايدۇر قەسەم قىلماق بىلە ئەتمەكنى گول.
ۋەسلىدىن دەم سورمە، ئەي غافىلكى، مۇمكىن يوق مەھەل،
نې ئېرۇر ۋاسىل بىلە مەۋسۇل تا تاپغاي ۋۇسۇل.
باش كۆتەر، ناقىس، خەيال ئابادى ۋەھمىڭدىن بۇ دەم،
كىم تەكەللۇم چاغى جۇرئەتدىن خىجىلدۇر ھەم خۇمۇل.

81

ئەي زەبۇن ھىممەت، مەتائى دۇننى دەپ بولمە زەلىل،
پەست ھىممەتلىك زەبۇنلۇقغە ئېرۇر رەۋشەن دەلىل،

قىلسە ھەركىمنى مۇئىز ئىسمى بىلە تەكرى ئەزىز،
دېمەگىل ھەرگىز ھەسەددىن ھەققىدە سەن قالۇ قىيل.
بىئەدەبلىكدىن ئۇلۇغلار مەنزىلىگە قويمە پۇت،
كۆرمەدىڭمۇكىم ھەلاك ئولدى نېدىن ئەسھابى فىل.
تا ئەلايىق يار ۋەسلى يار ئېرۇر سەندىن يىراق،
يار ۋەسلىن گەر تىلەرسەن ئەيلە مالىڭنى سەبىل.
يەركى سۇ ئۈزرە كۆپۈك ئېرمىش مۇقىم ئولماق نە سۇد،
فىلھەقىقەت بارچە ئادەمدۇر بۇ لەڭگەردىن رەھىل.
ھەقدىن ئۆزگە بارچە فانىدۇر دېسەم بار ھۇججەتىم،
كىم ئېرۇر ئالەم ئىشى ھەرلەھزە بولماق نەچچە خىل.
جاھ ئىلە دەۋلەت ئەسىرىنىڭ ھەياتىدۇر غەلەت،
كىم زەۋالى فىكرىدىن ھەردەم بولۇر مىڭ يول قەتىل.
باقمە ھەقدىن ئىززۇ ھەر جانىبغە كىم مەھرەم ئەمەس،
باقسە نامەھرەمگە ھەركىم ياقىلۇر كۆزىگە مىل.
تالىبى ھۇسنى بەقا بولساڭ ئەگەر كەۋنەين ئارا،
قىل نەزەز مۇسھەفكە كۆرگۈگىدۇر جەمالى بىبەدىل.
جۇملەئى زەرراتى مىھر ھۇسن مۇتلەق مەزھەرى،
ئەللاھ-ئەللاھ، نې جەمال ئېرمىشكى بۇ يەڭلىغ جەمىل.
ناقىسا، قالىڭ تەمام ئولماي داغى ھال ئىستەمە،
ھال ھەم لازىم كۆڭۈل ئىچرە دېسەڭ ئەيزەن ئەدىل.

82

شەمئى جەمالىڭ يارۇت، مېھرنى ئەيلە خىجىل،
كۈن داغى قالسۇن تۇرۇپ چىقمە ئۆيۈڭدىن دېگىل.
دەئۋەئى ئىشقىڭنى قىلسپ ئايسە ئاتىڭنى كۆڭۈل،
دارغە مەنسۇردەك تەن قەفەسدە ئاسىل.
فۇرقەتىڭ ئەييامىدا تاقەتى كۆيسە نېتاڭ،
خەستە كۆڭۈلنىڭ كۆزى كۆردى لەبىڭنى قىزىل.
مۇنچە جەفا جويلۇغ كۆزلەرىڭ ئايىنىدۇر،
كىم قۇتۇلالماس كىشى جاننى ھەم ئەيلەپ سەبىل.
جۇملەئى جانان ئارا شاھ سەن ئولساڭ نە سۆز،
كىم بىرى ئېرمەسدۇرۇر سەن كەبى خۇبۇ جەمىل.
مەقبەرەزارى جەھان تولدى شەھىدىڭ بىلە،

ناۋەكى مىژگان ئىلە قىلمە ئۇلۇسنى قەتىل.
هۇسنۇ لەتافەت ئەگەر هۇرۇ پەرىدە بولۇر،
لۇتف ئىلە هۇسنۇڭ ئېرۇر ئىككىلەسىگە كەفىل.
هۇسن سەرىرى ئۈزە بولدى جۇلۇسۇڭ سېنىڭ،
بىر شەهى ئادىلكى سەن، يوق ساڭا ئەسلا ئەدىل.
هۇسن غۇرۇرى سېنى مەست قىلىپدۇر بەسى،
خەنجەرى نازىڭ بىلە ئۆلسە بۇ جاندۇر بەخىل.
كىمكى ئەمەسدۇر ساڭا مەهۋ ئەزەلدىن ئەبەد،
دېسە رەۋادۇر ئاڭا هەجر ئوقى بىرلە قىرىل.
ناقىسى دىلخەستەنى زەئفگە سالدى بېلىڭ،
قىل كەبى دىققەت بىلە ئەيلەدى قالىنى قىل.

83

لەيلى يەڭلىغ بىر قارا كۆزلۈككە هەيراندۇر كۆڭۈل،
دەشت ئارا مەجنۇن كەبى سەرمەستى جاناندۇر كۆڭۈل.
كەئبەئى كۆيۈڭغە ئېهرام ئەيلەدىم، ئەي ئاي، بۇ كۈن،
بىر قەدەم قويماي تۇرۇپ مۇشتاقى قۇرباندۇر كۆڭۈل.
مەسجىد ئىچرە بارچەنىڭ مېهراب سارى مەيلى بار،
نې ئەجەب قاشىڭ سارى قاشىڭدا مەيلاندۇر كۆڭۈل.
رەهم قىل هالىغە، ئەي مەهۋەش، لەبىڭنىڭ يادىدىن،
غۇنچە يەڭلىغ قان يۇتۇپ باشدىن ئاياغ قاندۇر كۆڭۈل.
دېمە نې قاندۇر يولۇمغە هەر تەرەفدىن جۇش ئېتەر،
كاكۇلۇڭنىڭ قەيدىدە مەزرۇبى مىژگاندۇر كۆڭۈل.
بەرگى گۇلدەك تەبرەمەكدىن بىر نەفەس ئارامى يوق،
ۋەسل ئارا هەمنىشى هىجراندىن هەراساندۇر كۆڭۈل.
بولغالى كويۇڭدا قويمايدۇر قەدەم نارى، مۇقىم،
ئاستانەڭ ئالدىدا گوياكى دەرباندۇر كۆڭۈل.
پەندى بەردىم بولمە دەپ ئاشىق، قەبۇلى تۇشمەدى،
بۇ زەمان هەجر ئىچرە ئول ئىشدىن پۇشەيماندۇر كۆڭۈل.
بولسە لەرزانمەن، يوق ئولسە خاكدەك ئەفسۇردەمەن،
جانىم هەيراندۇر، كۆڭۈلدۇر يا بۆلەك جاندۇر كۆڭۈل.
دوستلار تەڭرى ئۈچۈن ئاغرىتماڭىز هەرگىز ئانى،
كىم ئىككى-ئۈچ كۈن تۇرۇپ يانماقغە مېهماندۇر كۆڭۈل.

ناقىسا، ساقلاپ ئەدەب تەئزىمۇ تەكرىم ئەيلەگىل،
كىم دىيارى قۇدس ئارا كۆردۈمكى سۇلتاندۇر كۆڭۈل.

84

گۇل ئەييامىدا، ئەي كۆڭلۈم، كىرىپ باغ ئىچرە بۇلبۇل بول،
خەيالى بىرلە ئول گۇلنىڭ سەدا چەك كانى غۇلغۇل بول.
تەمەننا ئەيلە دىيدارىن، لەبى يادىدا مەي ئىچكىل،
كى ئەيلەرسەن ھەۋەس خۇشلۇق تولۇپ مەي بىرلە مۇلمۇل بول.
تىلەرسەن ئىززۇ ئىستىئلا كۆتەر ئەلنىڭ يۈكىن ھەردەم،
ئېشەكدۇرسەنكى سۇرەتدە بۇ مەئنى بىرلە دۇلدۇل بول.
بولالماسسەن ئەگەر ۋاسىل، قولۇڭغە كىرمەسە ھاسىل،
تەئەللۇقدىن كۆڭۈل ئۈزگىل، ئاچىلسۇن غۇنچە گۇل-گۇل بول.
بويۇنكەش بولمە مىينادەك، ئۆزۈڭنى بىلمە ئەنقادەك،
تەمەۋۋۇج قىلمە دەريادەك، نەفەس پەست ئەيلا قۇل-قۇل بول.
سەدا كۆپ چەكمە دەف يەڭلىغ، چۇرۇك بولمە سەدەف يەڭلىغ،
يىگىل پەيكان ھەدەف يەڭلىغ، مەفاخىر بولمە جۇل-جۇل بول.
زەمان ئەھلىگە، ئەي ناقىس، قەبۇل ئولماق ئېرۇر مەتلۇب،
بارى ئەھكامۇ دىندىن كەچ، تاپىپ دۇنيانى فۇل-فۇل بول.

85

ئەي ساچىڭدىن ھەرتەرەف سەۋدايى يۈزمىڭ جانۇ دىل،
قامەتىڭدىن سەرۋ، زۇلفۇڭدىن ئېرۇر سۇنبۇل خىجىل.
سۇرەت ئېرمەس دەير دىۋارىدا جانسىز، ئەي پەرى،
نازىرىدۇر كىم كۆرۈپ ھۆسنۇڭنى [بولغاندۇر ئىجىل].
قەسد ئېتەر قاتىل كۆزۈڭ قانىمنى تۆكمەكنى بۇ دەم،
شەرتى بۇكىم بىر باقىپ تۆكسەڭ ئېرۇرمەن مەن بىھىل.
باستۇرۇپ رەخشىڭگە ئۆلتۈرمەك مېنى ھاجەت ئەمەس،
ھەجر چۇن غەم لەشكەرى ئاستىدا قىلدى مۇزمەھىل.
دەشت ئىچىدە لالەزار ئېرمەس تەئەممۇل ئەيلەسەڭ،
كۆز ياشىمدۇركىم سىنىڭ ھەجرىڭدە ئاقمىشدۇر قىزىل.
كېچەلەر ئەنجۇم فەلەكلەر دادىمە، رەۋشەن دېگىل،
كىم يۈز ئاچمىش قەسرى تاقى ئۆزرە ئول شەمئى چىگىل.

ناقىسا، كۆڭلۈك ئول ئاينىڭ كويىدىن كەتمەك تىلەر،
كۆپ سىياسەت بىرلە ئايغىلكىم: «بۇ فىكرىڭدىن يېنگىل.»

**86**

ۋەفالىغ يارنىڭ دىيدارىنى گۇلزارى جەننەت بىل،
خەيالىن كۆڭلۈك ئىچرە جا بېرىپ تەشرىفى ئۇلفەت بىل.
«مۇھەببەت» مىمىدىن گەرچە ئەسەر يوق لەۋھى ئىمكاندا،
كۆكۆل ھالىنى سورسا ھەر كىشى لەۋھى مۇھەببەت بىل.
دېمە يالغۇز جەھاندا ئەيشۇ ئىشرەتنى غەنىمەتدۇر،
بەدەن بەھرىدە مەۋج ئۇرغان نەفەسنى ھەم غەنىمەت بىل.
كۆرەرسەنكىم يۇمۇپ كۆزلەرنى ئاچماي كۆز يۇمار ئادەم،
كۆز ئاچ ئىبرەت بىلە يۇمغۇنچىلىك ھالەتنى فۇرسەت بىل.
كىشىگە ئەيلەپ ئېھسان، لەبنى تىك مىننەت ھۇرۇفىدىن،
كۆكۆلگە كەلتۇرۇپ، ئەلگە بەيان قىلماقنى مىننەت بىل.
ئۆزۈڭگە كۆز سالىپ ئىللەتلەرىڭگە قىل تەلەب دارۇ،
كىشى ئەيبىنى كۆرمەكنى كۆزۈڭگە ئەينى ئىللەت بىل.
خەيالىڭدا بۇ كىم، مەندىن كىشىگە يەتمەدى كۇلفەت،
يامان ئۇ، ياخشى بۇ، دەپ تىلغە چۇن بەلگۇردى كۇلفەت بىل.
تولا ئەلنى خەلايىق ۋەسف ئېتەركى مۇتتەھەم ئېرمەس،
ئەگەر يوق ئىشنى ئەلدىن نەقل ئېتەر ئەلبەتتە تۇھمەت بىل.
ئەمەس سۇلتان جەھان مۇلكىن ئالىپ ئەلدىن خىراج ئالغان،
جەھان سۇلتانى ناقىس ھالى سورغان ئەھلى ھىممەت بىل.

**87**

بارمۇدۇر دەۋران ئارا مەندەك يەنە غەمكىن كۆكۆل،
كىم خۇش ئولماس نەغمە قىلسە رەھزە ھەم مىسكىن كۆكۆل.
يار ھەجرىدىن يوقاتمىشدۇر قەرارىن ئۇيلەكىم،
تاپماغاي ۋەسل ئىچرە ھەم ۋەھشەت بىلە تەسكىن كۆكۆل.
ئايماغىل كۆڭلۈك نىفاق ئەيلەپ ماڭا يەكرەڭ ئەمەس،
فۇرقەتىڭ شەمشىرى زەخمىدىن ئېرۇر رەڭگىن كۆكۆل.
گەر بۇ يەڭلىغ سالسە كۆڭلۈمگە خەيالىڭ داغدۇغە،
ۋەھ، قاچان تاپقاي نەسىھەت خەيلىدىن تەسكىن كۆكۆل.
ھېچ ئالەمدە مۇھەببەت مۇلكىدىن يوقدۇر نەزىق،

مەسكەن ئولماس گەۋھەرى ئىشقىغە ھەر كىرگىن كۆڭۈل.
ھەرقاچان ئەنقا قاناتىنىڭ سەفىرى مەۋج ئىرۇر،
لىك غەفلەتدىن قۇلاق سالماس ئاڭا سەگىن كۆڭۈل.
يار ھۇسنى پەردەدىن چىقمىشكى، ئىستەپ ئايىنە
بولدى مەھرۇمى ۋىسالى ئەكسى بۇ زەڭگىن كۆڭۈل.
ناقىسا، دەۋراندا دەۋر ئەتتىمكى ئىستەپ ئوخشاشىڭ،
ھېچ تەن مۇلكىدە سەندەك تاپمادىم چىركىن كۆڭۈل.

88

گەر سەفا تەبئىدگە ئىزلەرسەن تەلەب كىردار بول،
تۇرما تۇرغۇن سۇ كەبى ئاق ھەر تەرەف سەرشار بول.
بەرقدەك كەلمەكلىكىڭ ئالەمگە كەتمەك ئەيىندۇر،
ئەي سەفەردىن بىخەبەر، فۇرسەت تاپىپ تەييار بول.
ھېچكىمگە كىبرۇ نىخۋەتدىن مۇخالىف بولماغىل،
تۆرت مەزھەبنىڭ ئاياغى ئاستىدا بازار بول.
ناتەۋانلىغكىم كەرەم ئەربابىنىڭ مەنزۇرىدۇر،
قەترەلىغ ۋەزئىن تۇتۇپ دەريا بىلە ھەمۋار بول.
خاكدەك ئەفسۇردە بولماقدىن يوق ئەتمە ئىئتىبار،
ئەي زەبۇن ھىممەت، جەھانغە ئوت كەبى دەركار بول.
كۆز ئاچۇق ئەمما قۇلاغىڭ پاختالىغ، ئۇيقۇدەسەن،
كۆز يۇمۇپ ئاڭلاپ نىدايى ئىرجىئى بىدار بول.
بىر قەدەم يولدۇر تىرىكلىكدىن ئەدەم مۇلكىغىچە،
ئەشكسەن كىرفىك ئۇچىدا، ناقىسا، ھۇشيار بول.

89

ئەي كۆڭۈل، مەرھەم تىلەپ زەھمىڭغە ئەفغان چەكمەگىل،
ئىشق دەردىن خۇش تۇتۇپ تەشۋىشۇ دەرمان چەكمەگىل.
تەرك ئېتىپ ئۆزلۈكنى بولغىل ئىشق ئىقلىمىغە شاھ،
دىلدا فىكرى جامى جەم، تەختى سۇلەيمان چەكمەگىل.
جان ئۈچۈن خەلق ئولدى سىيمۇ زەر، جاۋاھىر كانلارى،
مال ئۈچۈن جانگە يېتىپ ھەرلەھزە بىر جان چەكمەگىل.
سەمرۇتۇپ نەفسىڭنى ئىسيانىدىن، قىلىپ رۇھۇڭ زەئىف،
قىل ھەزەر، ئەي بۇلھەۋەس، بىر كۈن داغى قان چەكمەگىل.

مۇشكىل ئىشدۇر جاھ ئەۋجىدە مۇقىم ئولىماق بەسى،
بۇ ئاغىر يۈكنى، ھەماقەتۋار ئاسان چەكمەگىل.
فەقىر مۈلكىدە سۈكۈنەت قىل تىلەپ ئىززۇ غىنا،
مىننەتى قەيسەر بىلە تەشۋىشى خاقان چەكمەگىل.
چۈن ئۆلەر ناقىس فەنانىڭ دەشتىدە بىكەس بولۇپ،
دەفن ئېتەرگە جىسمىنى زىنھار ھەريان چەكمەگىل.

90

ئەي كۆڭۈل، ھەرگىز دېمەيدۇرمەن سېنى ئاگاھ بول،
بىر نېمە بول، خاھى بول ئاگاھ يا گۇمراھ بول.
ھىممەتى دۇندىن يول ئۈزرە ياتماغىل دىۋاردەك،
بىر قانات مىقدارى ئۆرلەپ ماھغە خىرگاھ بول.
چاكەرى نەفس ئولمە ۋەئىز ئەيلەردە ھەرگىز، ئەي فەقىھ،
رۇھ يەڭلىغ ھەر نەفەسدە خالىسەن لىللاھ بول.
باش چېكەرسەن تا فەلەككە خەلقنىڭ ئىكرامىدىن،
ئەي ھەماقەت پىيشە، ئەمدى مۇستەئىددى چاھ بول.
گەر تىلەرسەن ھۇسنى جاۋىدان نەفەسنى پاس تۇت،
ئۇمر ئۆتمەكدىن تۈگەر ھۇسنۇڭ ئەگەرچە ماھ بول.
تاقىنىڭ ئەۋجىدە ساكىنلىق خەتەر مېئراجىدۇر،
يۈز تۈبەن تۈشمەك مۇرادىڭدۇر ئۇلۇسقە شاھ بول.
شەمئ يەڭلىغ چەكمە گەردەننى كىرىپ مەجلىس ئارا،
گەر ساڭا مەتلۇب تىرىكلىكدۇر بويۇن كوتاھ بول.
ئايرىلىپ قالغان جەمائەتدىن شەياتىن سەيدىدۇر،
بەرمە كۆڭلۈڭنى قويۇپ تەنھا، ئاڭا ھەمراھ بول.
كوھ ئىلە سەھرادا تەڭ يۈرگەي سەمەندەر فەيزى ئام،
فەرقى يوق، ناقىس، گەدا بول ياكى ساھىب جاھ بول.

91

ئىلاھا، بىنەۋا، كۆڭلى ئۈزۈكلەرگە ئىنايەت قىل،
تۇفەيلىدىن ئۇلارنىڭ مەن بەلاكەشنى ھىدايەت قىل.
قالىپمەن نەفسى شۇم ئىلكىدە ئىت يەڭلىغ بويۇن باغلىق،
بۇ ئىتنىڭ ئىلكىدىن قۇتقازغىلۇ ئەھلى سەئادەت قىل.
غەرىبۇ بىنەۋا، بىخانىمان، بىچارە بەندەڭمەن،

كەرەم ئەيلەپ ھەمە قىلغان دۇئايىمنى ئىجابەت قىل.
بىرىپ ئالتۇن-كۆمۈش قارۇن كەبى قىلمە بەخىل ھەرگىز،
ئۆزۈڭنىڭ شىرىدەك ھىممەت بىرىب ساھىب سەخاۋەت قىل.
ئەگەر دۇشمەن مىنىڭ رەسۋالىغىمغە سەئىي ئېتەر، بىر يول،
ئانى ئالەم ئارا ھەر كۆنلۆكى يۆزىمىڭ خىجالەت قىل.
[ئۆزۈم] قىلماي ئەمەل، ئەلگە شەرىئەت ھۇكمىن ئايتۇرمەن،
ئەمەل ئەيلەپ ئەتا، ھاجەتلەرىمنى ھەم كىفايەت قىل.
بۇ ناقىس بەندە ھەردەم فەيزى ئامىڭدىن كەمال ئىستەر،
ئانى نەۋمىد قىلمە ھەرنەكىم ئىستەر كەرامەت قىل.

92

ماڭا قىلماس تەرەھھۇم نەيلەيىن ئول ماھتابانىم،
ئەگەرچە مېھرىدىن توققۇز فەلەكدىن ئاشتى ئەفغانىم.
ئىچىمدە ھەر تەرەفدىن لەشكەرى غەمكىم ھۇجۇم ئەتمىش،
نېچۆك جان ساقلاغاي بۇ قەلئەدە ئەمدى ھەزىن جانىم.
مەتائې ھۇسن ئۆچۆن ئەيب ئەيلەمەڭ بەرسەم، مۇسۇلمانلار،
مەلامەت رەستەسىدە ئول پەرىغە نەقدى ئىمانىم.
قىيام ئىلە ھەيات ئەيىيامىنى پايانغە يەتكۆزدۆم،
رەفىقا، تا ئەبەد كۆممەڭكى يەرگە تەگمەسۇن يانىم.
كىشى تەدبىر ئىلە تەقدىرىنى بۇزماق ئەمەس مۇمكىن،
مۇقەددەر ئېرسە مەجنۇنلۇغ بولۇرمۇ بۇزماق ئىمكانىم.
بولۇپ خىلۋەتنىشىن تەنھالىغىمنىڭ بائىسى بۇدۇر،
كىم ئىككى-ئۆچ نەفەس ئول تەبئ نازۇك بولدى مېھمانىم.
يېمەي يوقدۇر دېسەڭ تەگرى بۇيۇرغان رىزقىنى ئىمكان،
دېمە ھەرگىز كىشىگە بەزل قىلغاننى مىنىڭ نانىم.
نە كەلسە سەرف ئېتىپ ئىلكىم قۇرۇق قالغاچ قاچارلار ئەل،
بەلى، مۇندىن بۆلەك، ناقىس، جەھاندا بارمۇ نۇقسانىم.

93

غەمىمنى كىمگە بەيان ئەيلەيىنكى يوق ھەمدەم،
ئەگەر تاپىلسەمۇ، ئاندىن كۆرۈنمەگەي جۇز غەم.
مەنى شىكەستەنى دەۋران شىكەستەرەك قىلدى،
كۆزۈم ياشىنى ئاقىزدى، تامىر ئىدى تەم-تەم.

نىگار ئاغزىنى لەئل قىلىبدۇرۇر پىنھان،
بىلىنمەگەي خەت ئىچىدە ھۇرۇف ئىسە مۇدغەم.
كەرىملەرنى ئۇلۇغ بىل ۋەلى لىۋەجھۇللاھ،
كەرەمنى ئەيلەدى تەگرى ئۆز ئالىدا ئەكرەم.
بۇ بارىگەھدە قەبۇللۇق ئەساسى ھىممەتدۇر،
كى كۆزگە ئىلمەدى ئاندىن بۆلەك ئىشىن ئەدھەم.
يامانۇ ياخشىغە ياخشى كۆرۈنگەلى بولغاي،
بولۇپ ئەدەب بىلە ھەركىم ئۆزىنى تۇتسە كەم.
جەفانى ۋامىقۇ مەجنۇن چېكىپمۇدۇر يالغۇز،
ئەمەسمۇ ئېردى جەفاكەش كەمىنە ناقىس ھەم.

94

زىھى ھۇسنۇڭ قۇياشى نۇرىدىن پەيدا بولۇپ ئالەم،
نىتاڭ فەرزەندىلىك ئۇلسە ئۇشبۇ مەئنىدىن سىنىڭ ئادەم.
مۇبارەك ئىسمى پاكىڭ ئەۋۋەلا سەرچەشمەئى مەۋجۇد،
مۇئەييەندۇر ئانىڭدا سىررى ئىسمى ئەئزەمى مۇبھەم.
ئول ئاقشامكىم ۋەرائى ئەرش ئىدى خىلۋەتگەھىڭ، ئەمما،
ئەمەس ئېردى خۇدادىن ئۆزگە ئول خىلۋەت ئارا مەھرەم.
ئەجەب خىلۋەتكى، سىغماي ئىككىلىك، ئەنۋارى ۋەھدەتدىن،
ئەھەددە ئەھمەد ئولدى جىسمدە جانى كەبى مۇدغەم.
جىھەت بىرلە مەكاندىن يوق ئەسەر ئاندا زەمان يەڭلىغ،
ئىشتىڭ رازلاركىم يوق خىرەد ئالىدا كەيفۇ كەم.
ھەرىمى كەئبە خاكى مەقدەمىڭدىن تا ئەبەد مەسرۇر،
لۇئابىڭ شەۋقىدىن مەھشەرغىچە سورىش قىلۇر زەمزەم.
بىرەۋ نۇش ئەتسە سۇ كويۇڭ ئىتى سىنغا يالاغىدىن،
ھەۋا قىلماس شەكەر ئىچمەك ئۈچۈن ھەرگىزكى جامى جەم.
نە بولغاي ناقىسى غەمكىنگە بىر يول، يا رەسۇلىللاھ،
يۈز ئاچىپ غۇنچەدەك كۆڭلىنى قىلساڭ گۇل كەبى خۇررەم.

95

بەزمغە چۇن يار چىرلايدۇر كۆرۈپ سارغارماغىم،
تاڭ ئەمەس بارماغدا بارماغ تىشلەبان يالبارماغىم.
يار ئەيلەپ ئىمتىھان كۆكسۇمنى يارماغ ئىستەدى،

داغلار كۆرگەچ دېدىم: ۋەسلىڭ بەھاسى يارماغىم.
بادە ئىچمەك تەرزىنى ساقى ماڭا بەرگىل سەبەق،
كىم خەرابات ئەھلىگە ياقماس قەدەھ سىپقارماغىم.
قەد پۈكۈلدى سەرۋ قەدلەر ۋەسلىنى ئىزدەر كۆڭۈل،
كىم كۆلەر ھەركىم مۇڭا بولغاچ پۈكۈلمەك قارماغىم.
نۇھ ئۇمرىدە ئەگەر مەتلەب ئۈچۈن قىلسام شىتاب،
شەۋق زورىدىن ئەمەس مۇمكىن يۈرۈشدىن ھارماغىم.
ۋەئدەئى ۋەسل ئىچرە ھەسرەتدىن ئۆلۈم تاپتى مېنى،
تاڭ ئەمەسدۇر تاڭلا مەھشەردە ياقاڭدا تىرناغىم.
كۆرمەگەندىن ھۇسنى خۇرشىدىن قاراڭغۇدۇر جەھان،
لې ئەجەب ھەجرىدە يوق بولسە مېنىڭ ئاڭقارماغىم.
تاپتى شەبنەم مېھرغە بىدارلىغ زەمىنىدە يول،
ئول قۇياشقە تاڭ ئەمەس يەتكۈرسە بۇ ئىڭجارماغىم.
ئىشق دەشتىغە قەدەم قويمىش يەنە مەجنۇن كۆڭۈل،
ھەجر خەۋفىدىن ئەمەس مۇمكىن ئانى قايتارماغىم.
ئاڭلادىمكىم ئىتلارى ئۇششاقىغە رەھبەر ئىمىش،
بولدى لازىم، ناقىسا، ئۇممىد ئىلە بىر مارماغىم.

96

خۇداۋەندا، سېنىڭدۇر يوقۇ بارىم،
ئېرۇرسەن بارئىلە يوقلۇقدا يارىم.
بولۇپمەن نەفس ئىلكىگە گىرىفتار،
خەلاس ئەت ئاندىن، ئەي پەرۋەردىگارىم.
بىلۇرسەن ھەر بەلايىكىم ئاڭا مەن،
بولۇپمەن مۇبتەلا، ئەي كىردىگارىم.
سېنىڭ رازىلىغىڭ دەپ رازى بولدۇم،
ۋەگەرنە قايدا ئېردى ئىقتىدارىم.
زەمان ئەھلىدە ھالىم سورغۇچى يوق،
يوق ئولمىشدۇر ئۇلارغە ئېئتىبارىم.
ئۆزۈڭ خەلق ئەيلەگەن بىر بەندەدۇرمەن،
ساڭادۇر بارچە قىلغان ئاھۇ زارىم.
ئۆزۈمنىڭ خۇيىدىن ئازۇردەدۇرمەن،
مەلال ئولدىكى مەندىن غەمگۇسارىم.
بۇ بەدخولۇقنى مەندىن دەفئ قىلغىل،

كىم ئاخىر قىلغۇدەكدۇر شەرمىسارىم،
باشىمدا بىر غەمىكىم كۆرسە ئانى،
ھەزەر قىلغاي ھەمە ئەھلى ھىسارىم.
بۇ كۈن بىر نەچچە يىلدۇركىم چىكەرمەن،
بەرابەردۇر مىنىڭ لەيلۇ نەھارىم.
بۇ ناقىس قۇلغە رەھم ئەتكىل، ئىلاھا،
كى ئۆتمىش ھەددىدىن كۆپ ئىنتىزارىم.

97

ۋەھكى، بولدۇم دەشتى ھىجران ئىچرە مەجنۇندەك مۇقىم،
مەركەزى پەرگاردەك قىلدىم كۆڭۈلنى مۇستەقىم.
شەۋقى ۋادىسىدا مەن يەڭلىغ قەنى جەھد ئەتكۈچى،
كىم ئەسەر قالماپدۇرۇر «مەن» دىن كىېتىپ تۈن بىرلە مىم.
چىقمادى سەھرايى ئىمكانغە ئەدەمنىڭ شەھرىدىن،
سەن كەبى سۇرەتكە فىكرىڭدىن مۇسەۋۋەردۇر ئەدىم.
دىمەگىل ھۇسنۇم كۆرۈپ ئىشقىڭنى ئىنشائ ئەيلەدىڭ،
ھالا بىلدۈردۇم ساڭا ئەمما ئىدى بۇ ئىش قەدىم.
نائۇمىد ئولمە كۆڭۈل ناز ئەتسە ئول قاتىل ئەگەر،
كىم يۈزۈڭدە باغرى قاتتىق بولسە كۆڭلىدۇر رەھىم.
بىر نەزەر ئاندىن ئىېرۇر سەررىشتەئى نۇر شادلىغ،
كۆرسە ھالىمنى ئۇتۇفەتدىن پۆتەر ئىېردى كەمىم.
قىلمە غەمكىم ئاخىرەتدە نىي بولۇر ھالىم دەبان،
سۇد قىلماس بولسە ھەر ئىش غەم يىېمەك بولغاچ رەقىم.
ياشۇرۇپ بولماس ئىكەن، ناقىس، رەمۇزى ئىشقنى،
ياش ئاقىپ كـۆزدىن دەما دەم ئاھ دەپ قەلبى سەقىم.

①98

ئاغزى فىكرىدىن ئەدەم دەشتى بولۇبدۇر مەنزىلىم،
ئۇمرلەر كەچمىش ۋەلي مەئلۇم ئەمەس ئايۇ يىلىم.
ھاجەتىم قالماس جەھان خۇرشىدى بىرلە شەمئىغە،

① ئاپتور بۇ غەزىلنى قول يازمىغا كۆچۈرۈپ بولغاندىن كىيىن، نىمە ئۈچۈندۇر ئۇنى يەنە ئۆزى قەلەم بىلەن سىزىپ ھەممىسنى ئۆچۈرۈپ تاشلىغان، شۇنداقتىمۇ قالدۇرماي ئىېلىندى(م)

بولسه ئەۋۋەل كىچەلەر خىلۋەت چىراغى مەھفىلىم،
سەرۋەدەك رەئنا قەدىڭ يادىدا باش چەكتىم ۋەلې،
ئاقىبەت ئول ئوق غەمىدىن يا كەبى بولدى بېلىم.
ئەي مۇئەببەر تۇشدە كۆرمىشمەن گۈلۈ سەۋسەننى بىر،
«گۈل - يۈزى، سەۋسەن - كۆزىدۇر» دەپ ھەل ئەيلە مۇشكىلىم.
ئەي ئەجەل، قورقۇتمە جاندىنكىم بۇ فانى دەھر ئارا،
بىر نەفەس مىڭ خار سانچىپ رەنجە قىلمىشدۇر دىلىم.
ساقىيا، زۇھد ئەھلى دەير ئىچرە مېنى چۇن ئاختارۇر،
بادە ھەققىكىم، مېنى ياشۇر، ئۇلار ئېرمەس ئېلىم.
[ تاڭ ] ئەمەس بولسە سەدائىم دەم - بەدەم مەيخانەدە،
چۈنكى باردۇر، ناقىسا، گۈلگۈنە مەيدىن سەندەلىم.

99

خالى خەتتىڭ ئۆزرە ئەي زىبا سەنەم،
نۇقتە يەڭلىغدۇر فەم ئۈستىدە رەقەم.
قاشلارىڭدىن بولدى سەۋدايى جەھان،
مۇشكدىن ئېرمىش مەگەر چەككەن قەلەم.
فىكر ئېتىپ ئاغزىڭنى كۆڭلۈم بولدى يوق،
ۋەھ، ئەجەب مەۋجۇد ئېرمىشكىم ئەدەم.
تۇرفە ئەنقاسەنكى تاپمايمەن نىشان،
ئەل ئارا ئىسمىڭ ئەلىملەردىن ئەلەم.
مىڭ كۆڭۈلنىڭ خىلۋەتى مېھمانىسەن،
قويمايىن خىلۋەت سەرادىن بىر قەدەم.
مارى زۇلفۇڭ مۇبتەلاسى ەمىڭ زەھاك،
جامى لەئلىڭنىڭ ئەسىرى نەچچە جەم.
ناقىس ئەيلەر ئارزۇيى گۈلشەنىڭ،
غۇنچەدەك كۆڭلىدە مۇزمەردۇر بۇغەم.

100

ئاھكىم، دەۋرانىنى سەير ئەتتىم ۋەفاگەر تاپمادىم،
دەۋر ئېلى جەۋرۇ جەفاسىدىن قاچار يەر تاپمادىم.
فىكر ئىلە جەننەت ئىچىن كەزدىمكى مەھبۇب ئاختارىپە
ۋەھكى، ئانداغ خۇب سۇرەت ھۇر پەيكەر تاپمادىم.

گەر قىيامەت ۋەقتى كەۋسەردىن ئۆتۈپ كەتسەم نېتاڭ،
لەئلى نابىدەك ئول ئاينىڭ مۇندا كەۋسەر تاپمادىم.
قەيد ئېتىپ بولماس كۆڭۈللەرنى قۇيۇندەك بەند ئىلە،
باغلادى كۆڭلۈمنى گىيسۇ بىرلە چەنبەر تاپمادىم.
ئىستەدىم ئالەمنى تاپقايمەن ئۆزۈمدىن كەمنى دەپ،
ھېچ ئىتنى مەن ئۆزۈمدىن زەررە كەمتەر تاپمادىم.
دەھر مەيدانىدا جەۋلان ئەيلەگەن ھەر پەھلەۋان،
ۋەقتى ھاجەتدە ئانى غەيرى قەلەندەر تاپمادىم.
ئىمتىھان ئەتتىم جەھاننىڭ مەرجىئى مىقدارىنى،
بىر نەزەر قىلماققە لايىق ھېچ مەنزەر تاپمادىم.
ناقىسا، ئەيب ئەتمە ئالەم ئەھلىنىڭ قىلغان ئىشىن،
كىم ئۇلاردىن ھېچ بىر كۆڭلى مۇنەۋۋەر تاپمادىم.

101

بەرابەردۇر مېنىڭ كۆڭلۈم جەھاندا يوق ئىلە بارىم،
ئانىڭ مەن بىرلە يوق كارى، ئانىڭ بىرلە مېنىڭ كارىم.
ئۇكۇمدا يوق تۇشۇمدە چۇن كۆرەرگە ئېھتىمال ئېردى،
ئېرۇر مەھرۇم ئۇيقۇدىن نېتەيكىم ئىككى بىدارىم.
كەرەمدىن جامىمە ئەفيۇن ئېزىپ مەي بەرگىل، ئەي ساقى،
كى باسماس بادەئى خالىس مېنىڭ ھەجر ئىچرە خۇمارىم.
دېسەم، قەيدىغە كۆڭلۈمنىڭ قەنى زەنجىرى مۇستەھكەم،
دېدى: گىيسۇ كىفايەتدۇر ئانىڭدەك مىڭغە بىر تارىم.
ئاچىل ئەي غۇنچە، قوپ ئەي سەرۋ ئىقبالى ئەبەد كۆز تۇت،
كى ئەتمىشدۇر چەمەن سەيرى ھەۋاسىن يارى دىلدارىم.
مەگەس ئاۋازى تەبئىگە كىراندۇر سۇرى نەغمىدەك،
ئىشتمەيدۇر ئاشار گەرچە فەلەكدىن نالەۋۇ زارىم.
كىرەي مەيخانەغە دېسەم مېنى مۇغبەچە مەنئ ئەيلەر،
مەگەر ياقماس جۇنۇنۇمدىن ئىچەردە بادە ھەنجارىم.
تەئەللۇق تارى بوينۇمدا تەلەبدىن دىلغە مانىئدۇر،
فەلەكدەك بىر قەدەھ، ناقىس، قەنى قىلغاي سەبۇكبارىم.

102

ئەي، كەرەمىڭ ئالىدا بارچە گۇنەھدۇر ئەدەم،
ئەفۋ قىلۇردا قەنى كىمسەگە لاۋۇ نەئەم.

كافىرۇ مۇئمىن ئارا سەندىن ئېرۇرلار جەدەل،
بۇ دېدى گەرچە ھەمىد، ئۇ دېدى گەرچە سەنەم.
ئەھلى سەئادەتكە يوقدۇر زەخ بەرزەخ غەمى،
بىلگەلى بولماس ئۇچۇن ھەر كۆڭۆل ئىچرە بۇ غەم.
بولمادى ھەرگىز شەقى ياخشى ئەمەلدىن سەئىد،
ئۆتتى ئۇلارگە ھەمە مۇددەتى جۇففۇلقەلەم.
زىلزىلە كۆڭلۇمدەدۇر كېچەۋۇ كۇندۇز مېنىڭ،
مەئلۇم ئەمەسدۇر ئىكىن كىمگە قىلۇرسەن كەرەم.
كۆردى كۆزۈمكىم مېنىڭ نەچچە قۇرۇغان چۇقەھ،
خەت كەبى پەيدا ئىكەن جەبھەسى ئۆزرە رەقەم.
ئانچە تەئەممۇل قىلىپ يەتمەدى فەھمىم ئاڭا،
بولسە ئەزەلنىڭ خەتى مالەھۇ ھەددۇلفەھەم.
لېك بىر ئالەم ئارا ئەھلى سەئادەت دېگەي،
بولسە كىشىنىڭ ئەگەر ئىلكىدە مالۇ دىرەم.
بولمەسە ھەركىمدە پۇل، ئەل دېگۇسىدۇر شەقى،
فەقر ئېلى باشىغەدۇر مۇنچە غەم ئۆزرە ئەلەم.
دەفئى ئەلەم قىل ئۆزۈڭ غەم بىلە تۇرسۇن باشى،
مۇئمىنى ۋەھدەتغەدۇر غەم بىلە يۇرمەك ئەھەم.
بولسە ئىبارەت بۇ غەم خەۋفى غەزەبدىن ئەگەر،
كەتمەسۇن ئانچە فۇرۇ مەئنىسى مەزكۇرغە ھەم.
چۇنكى رىجانىڭ يۇزى غەمگە مۇقابىل تۇرۇپ،
غەمنى مۇرەججەھ بىلىپ سۇرگەلى بولغايمۇ دەم.
ھاسىلى ئەرزىم بۇدۇر ئەيلە ئۇمىدىم قەۋى،
فەقر يولىدىن باراي كويى فەنايى ئەتەم.
بولسە بۇ ھاسىل ماڭا دەم-بەدەم ئەيلەي دۇئا،
ئەي، سەرى كويۇڭ ماڭا گۇلشەنى باغى ئىرەم.
دېسە ھەبىبىڭ رەسۇل فەقر ئېلى باردۇر قەبۇل،
بولسە بولۇرمۇ مەلۇل رەھمەتى ئۇرسە ئەلەم.
فەقرۇ فەنانى دېمىش مەسنەدۇ فەخرىم مېنىڭ،
شاھى سىپاھى ئەرەب، زىيبى كۇلاھى ئەجەم.
ناقىسى بىخانىمان ئەيلەدى بىر سۆز ئەيان،
كىم ھەمە ھادىس بەيان لېك مەئانى قىدەم.

### 103

كۆڭۈل بىر ئاتەشنى يۈزدىن كۆيەر ھەركىچە، ئەي ھەمدەم،
كى ھەرگىز مېھرىدىن خۇرشىدنى يان ئەيلەمەس شەبنەم.
خەيالى زۇلفىدىن كۆڭلۈم ئارا زەنجىرى پىچا-پىچ،
قەدىنىڭ فىكرىدىن داغى ئەلىف جانىمدا مۇستەھكەم.
ۋىسالى شەۋقىدىن فۇرقەتغە تۈشكەن مىلڭ كۆڭۈل مەسرۇر،
فىراقى بىيمىدىن ۋەسل ئەھلىنىڭ كۆڭلىدە يۈزمىڭ غەم.
ساچار بىر جىلۋەدىن ئافاق ئارا ھەرلەھزە ھەريان ئوت،
يۈزىدىن مېھرىغە كۆز ياش بولۇپ زەرراتدىن تەم-تەم.
دەما-دەم قان يۇتۇپ مىسكىن كۆڭۈللەر ھەجرىدىن ئانىڭ،
بىرى بولماي ۋەلې ھەرگىز ۋىسالى سىررىغە مەھرەم.
ئانىڭدەك شوخ بىپەرۋا تاپىلماغلىق ئەمەس مۇمكىن،
فەلەك ئۆزرە مەلەك، جەننەتدە ھۇرۇ دەھر ئارا ئادەم.
ساۋۇق سۇۋۇ سىنۇق كاسەگىنى، ئەي ھەمدەم، غەنىمەت بىل،
قۇرۇپدۇر ئابى ھەيۋان ھەم سىنىپ كەتمىشكى جامى جەم.
يولۇڭدا، ئەي پەرى، ناقىس غۇبار ئولدى چېكىپ ھەسرەت،
نە بولغاي رەھم ئېتىپ قويساڭ باشى ئۆزرە قەدەم بىردەم.

### 104

كۆرگەچ يۈزىنى ئەل ئارا ساھىبى نەزەر ئولدۇم،
يوق بولدى كۆزۈم ئۆز بىلە ئەينى بەسەر ئولدۇم.
كۆڭلۈم دېدى: ئالدىم خەبەرىن تۇرمە سەن ئەمدى،
ھەريان قارادىم بارچە تەرەف بىخەبەر ئولدۇم.
ئول مەھلىقا بىر كۆرۈنۈپ پەردەگە كىردى،
شۇندىن بىرى دىۋانە كەبى دەر-بەدەر ئولدۇم.
ئەسرارى مۇھەببەتنى دەر ئېردىم سەمەرى دىل،
ساچتىم ھەمەنى ئالەم ئارا بىسەمەر ئولدۇم.
خۇرشىد كەبى چېھرە ئاچىپ ئۆتتى چۇ يىلدام،
ھەسرەتدە كۆيۈپ داغىكى داغى قەمەر ئولدۇم.
ھەجرىدە دېدىم سەبر قىلىپ ياخشى بولۇرمەن،
تاقەت يوقىدىن ......................①

① ئەسلى قول يازمىدا بۇ ئورۇن پەرسۇدە بولۇپ، 3 مىسرا يوقالغان.

ھۇسنىنى كۆرۈپ بەزم ئارا گۇلچېھرە سەنەمنىڭ،
ناقىس كەبى غەمدىن ھەمە خۇنىن جىگەر ئولدۇم.

105

مەنى مەھزۇن گەدايى دەر-بەدەر ھالىغە، ئەي گەردۇن،
نە بولغاي رەھم ئېتىپ ئول ئاي يۈزىگە قىلماساڭ مەفتۇن.
ئەگەرچە ئاڭلادى لەيلى پەيامىن دەم-بەدەم ئەلدىن،
ۋىسالىن تاپمايىن بىرلەھزە ئارام ئالدىمۇ مەجنۇن.
مۇغەننى، بىر نەۋاساز ئەيلە شەفقەتدىن بۇ سائەتكىم،
بولۇپدۇر بىۋەفا ئەل جەۋرىدىن كۆڭلۈم بەسى مەھزۇن.
جەھان باغىدە، ئەي گۇل، ئافىيەت بۇيىن ھەۋا قىلمە،
كى ئېرمەس ھېچ گۇل دەۋران جەفاسى ئىلكىدىن مەئمۇن.
بۇ گۇلشەن ئىچرە ھەريان جىلۋەگەر بەرگى شەجەر ئېرمەس،
ۋەرەقلەردۇر يازىلغان خەتلەرى يەكسەر خەزان مەزمۇن.
غۇرۇرۇ نازدىن، ئەي خاجە، يەرگە قويمە قاتتىق پۇت،
كى باردۇر ھەر كۆرۈنگەن تەل ئارا يۈز بىنەۋا مەدفۇن.
كۆرۈپ ئۇريان گەدانى رەنجى قىلمە، ئەي بەرادەركىم،
بۇدۇر ئەتۋارى ئەكسەر ئارىفى بىللاھ ئەدەب مەشھۇن.
ئۇمۇرى دۇنيەۋى شۇغلىن كۆرۈپ ئەلنى دېمە ھۇشيار،
كى جۇش ئەيلەر ئۇلار مەغزىدە ھىرسۇ ئار ئىلە مەئجۇن.
فەنا دەير ئىچرە ناقىسنى يالىڭ كۆرگەچ دېمە تەلبە،
كى قىلمىش بادە ۋەجھىگە ھەمە كەيگەن ئىگىن مەرھۇن.

106

بولدى كۆڭلۈم تىيرە، ئەي ساقى، چەمەن بولغاچ خەزان،
بادە تۇت كۈندەك قەدەھ بىرلە قىلىپ ھۇسنۇڭ ئەيان.
دەفئى غەم ئەيلەرگە مەي ئىچسەم يېمەڭ غەم، ئەي فەقىھ،
كىم ماڭا بۇ ئىشنى ئىرشاد ئەيلەدى پىرى مۇغان.
ئەيكى، دەۋراندىن مۇكەددەر خاتىرۇ ئازۇردەسەن،
كىر فەنا دەيرىغە، ئەي بىكەس، ئېرۇر كەڭرۇ جەھان.
گەر جەفا ئەلدىن دەما-دەم يەتسە، مەي ئىچ دەم-بەدەم،
مەيدىن ئېرمىشدۇر ھۇزۇرى راھەتى رۇھى رەۋان.
چېھرە ئاچ بەزم ئىچرە مەھزۇنلار ئۇچۇن، ئەي مۇغبەچە،

AltunOg

كىم يۇزۇڭنىڭ ھەجرىدىن بولدى ئۇلارنىڭ باغرى قان.
دەپ ئىمىششەنكىم «كۆڭۇل بەرسۇن ماڭا ئاشىق كىشى»،
ۋەھكى، كۆڭلۇم سەندەدۇر، بەرسەم كېرەكدۇر ئەمدى جان.
مەي ئىچىپ چېھرەڭنى گۇلگۇن ئەيلەبان كۇلدۇك ماڭا،
بىيمۇ ئۇممىد ئىچرە كوڭلۇم مۇزتەرىب، چېھرەم سامان.
ئۇمر يار ئولسە فىدا جانىم ساڭا قىلغاي ئىدىم،
ئاھكىم، نەيلەي بۇ مەقسەدگە ئەجەل بەرمەس ئەمان.
رەھىم ئېتىپ ناقىسغە مەي بەرسەڭ فەلەكنى جام قىل،
مەست ئولۇپ دەير ئىچرە كۆكدىن ئاشۇرۇپ چەكسۇن فىغان.

**107**

رەفىقا، كەلمەگەچ بۇيى ۋەفا ئول گۇلئۇزارىمدىن،
تىكەن ئورنىدا ھەسرەت باش چېكەر خاكى مەزارىمدىن.
بۇ يەڭلىغكىم غەمى دەۋراندىن ئولدۇم بىسەرۇ سامان،
ئىبارەت كەلتۇرۇپ بولماس مېنىڭ يوق ئېئتىبارىمدىن.
خەلايىق روزگارى تىيرە بولسە تاڭ ئەمەس، باردۇر،
بۇلۇتلار ئاسماندا ھەجرى ساۋۇرغان غۇبارىمدىن.
كۆڭۈل جاندىن بولۇپ بىگانە ۋەسلىڭنى تەلەب ئەيلەر،
ۋەلې ۋەسلىڭ ئەمەس بىگانە بۇ جانى فىگارىمدىن.
ئېرۇر كۆپ سەرۋ قەد مەھبۇبلار بۇ باغى ئىمكاندا،
ۋەلې مەھبۇبراق ئىمكانى بولماق يوق نىگارىمدىن.
نېچۇك ئەيلەي گىلېھ زالىم فەلەك دەپ، ئەي بەرادەركىم،
قەزا قىلسە جۇدا تاشلاپ يىراق يارۇ دىيارىمدىن.
.......................................................
بىر ئاي ھەجرى ......................... قەرارىمدىن.
........................................ ئۇلتۇرۇر ھەردەم،
تىرىكلىك لەززەتى ئۆلسەممۇ كەتمەس جانى زارىمدىن.
①.......................................................

**108**

②.......................................................
[بولدى دەۋراندا] ئەلفىدەك قامەتىم بىنۇقتە نۇن.

---

① بۇ بەتتىكى نۇرغۇن چېكىت قويۇلغان ئورۇنلار ئەسلى قول يازمىدا پەرسۇدە **بولغان بولۇپ، جەمئىي 6 مىسرا شېئىر يوقالغان.**
② ئەسلى قول يازمىدا بۇ ئورۇن پەرسۇدە بولغان.

مەئرىغەتدىن ھەر قەيى ئالەم ئەگەر غافىل ئېرۇر،
مىنھۇ خەيرى فىلھەقىقەت ۋەللەزى لايەئلەمۇن.
شەرئى ئەمرىدىن چىقىپ ئابىد ئەگەر تاپسە كەمال،
ئىشق ئەيىندىن نەسبە ئالماغاندۇر ئول جۇنۇن.
ئۆزلۈكىن سەلب ئەيلەمەي سالىككى كەشف ئىزھارئېتەر،
ئول ئېرۇر خاتۇنكى ھەيز ئىچرە قىلۇر ئىزھار خۇن.
بولمايىن فانى فەنا دەيرىدە ھەركىم مەست ئولۇر،
باردۇر ئول گويا ھەۋەس دەشتىدەكى جىننى قۇيۇن.
تاكى قىلماي پىرى كامىلغە ئىرادەت دەھر ئارا،
پۇتمەگەي ئىش گەر كىشى ھەرچەند بولسە زۇفۇنۇن.
گەر تىلەرسەن ئەقل، مەجلىس تۇز ئۇلۇم ئەھلى بىلە،
ھەر كىشى بىئىلم ئىلە ئولتۇردى ئانداغ بولدى دۇن.
قىلمە، ناقىس، شىكۆە بەختىڭدىنكى چەكتىم رەنج دەپ،
ھەرنەكىم تەقدىرى قىسمەتدۇر ئانىڭغە سۇن بويۇن.

109

شەمئى رۇخسارى، شۇئائى بۇرقەئى فانۇسىدىن،
ئۆرلەتۇر مۇشكىن تۇتۇن گىيسۇيى ئەنبەر بۇسىدىن.
ئىستەمەس ھەرگىز مەسىھادىن نەفەس جان بەرسە ھەم،
مەن كەبى ھەركىمكى كۆز تۇتسە لەبىڭ دارۇسىدىن.
تىيرە بولغان روزگارىمنى يارۇغ قىلسام ئېتىڭ،
كېچەلەر ئاھىم يەلىدىن پۇتراغان گىيسۇسىدىن.
ھەر نېچۇك ئىش بولسە نەفسىڭنىڭ خىلافىن ئىستەگىل،
كىم بەلاۋۇ فىتنە باش چەككەي ئانىڭ ئەفسۇسىدىن.
قوي قەدەم مەيخانەغە پىرى مۇغانىدىن فەيز كۆر،
ئىش ئاچىلماسدۇر رىيايى خانىقەھ سالۇسىدىن.
دەھر خارەزمىدە فارىغلىق بىلە ئەمن ئىستەگەن،
بىخەبەر ئېرمىش مەگەر زالىم فەلەك جادۇسىدىن.
ناقىسا، بىلمەن مەشامىمغە يېتەر خۇشبۇ نەسىم،
يا گۇزەر قىلدى بۇيان ئول كوينىڭ ئاھۇسىدىن.

110

كۆڭلۈم ئىستەر بىر نىشان بەرمەس تەمەننادىن نىشان،
ئىستەگەندەك ئەھلى ھېكمەت جىسمى ئەنقادىن نىشان.
كوخشاتۇرمۇ خۇلد ئارا تۇبىنى گۆرگەج قەددىغە،

ياش تۆكۈپ ئەفغان چېكىپ ھەرلەھزە دەريادىن نىشان.
قەترە ئىكرامىغە يۈز قويغان بىرەۋكىم ئىستەگەي،
ئىستەگەن كەۋنەيىن ئارا ئول سەرۋ رەئنادىن نىشان.
يار لەئلىن، ئەيكى، ئىزدەرسەن بۇدۇر شەرتى ئانىڭ،
كىم كىرىپ دەير ئىچرە ھاسىل ئەيلە سەھبادىن نىشان.
خاكسار ئول دەھر ئارا ئىستەر ئېسەڭ بولماق بەلەند،
تاپتى شەبنەم ئەجزىدىن ۋەسلى سۇرەييادىن نىشان.
فانى بولغىل گەر ساڭا تاپماق [بەقا] مەقسۇددۇر،
يوق بەقا تا بولسە باقى سەندە دەئۋادىن نىشان.
ئىستەسەڭكىم ئاقىبەت ئەمرىن يېڭىل مەھشەر ئارا،
جەھد قىل تا قالماسۇن ئىلكىڭدە دۇنيادىن نىشان.
ھاسىل ئەتمەك مۇندا ئەخلاقى ھەسەن مۇجىبدۇرۇر،
فەزل ئىلە تاپماقغە ھۇسن ئەمرى ئۇقبادىن نىشان.
ناپەدىد ئول خەلقىدىن، ناقىسكى، تاپقۇڭ ئاقىبەت،
ئۇشبۇ ئىشدىن يوقلۇق ئولغان سەلب پەيدادىن نىشان.

**111**

ئەي، لەبى لەئلىڭ شۇئائىدىن جەھاندۇر گۇلىستان،
ھەسرەتىڭدىن ھەر تەرەف بىر بۇلبۇل ئەيلەر يۈز فىغان.
نەخلى قەددىڭدىن كۆڭۈللەر قۇشلارى فەرياد ئېتەر،
ئەيلە جەۋلانكىم ئۇلارنى قىلماغىل ئازۇردە جان.
كۆرگەنۇر بەھرام قان تۆكمەكنى بۇ ئىمكان ئارا،
يەتمەسۇن دەپ كۆزلەرىڭگە تۇھمەتى تۆكمەكدە قان.
ئۇردى ئول مىژگان ھەزىن جانىمغە خەنجەرلەر بەسى،
ئەيلەسەڭ ھەريان نەزەر بارغاي داغى ئاندا رەۋان.
ئېردى دەۋزەخدىن لەبىڭنىڭ فۇرقەتى قاتتىق ماڭا،
نې ئۇچۇن دەپدۇر رەقىبى بىخرەدكىم تەۋئەمان.
غەرق ھەيرەتدۇر سېنىڭ ۋەسفىڭ دېمەكدە ئەقل كەل،
كىم ھەمە سەندىن نىشان ئېرمىش، داغى سەن بىنىشان.
قىل ھەزەر ئۇششاق ئاھى ئوقىدىن، ئەي قاشى يا،
كىم يىقىلدى بىلمەيىن سەندەك نەچە ئەبرۇ كەمان.
بەرمەدىل ھەرگىز جەھان بىرلە ئالىڭدا بارغە،
كەتكەسەن ئاخىر ئۇلارنى تەرك ئېتىپ قالماس جەھان.

قىلمە سۆز، ناقىس، فەنا بىرلە ئانىڭ ئەسرارىدىن،
بولمەسە پىرى مۇغانىنىڭ لەفزىدىن سىررى ئەيان.

**112**

تەكەللۇم ئەيلەمە، كۆڭلۈم فىراق شىددەتىدىن،
تىلىندى چاكى جىگەرلەر فىغانىڭ ھىددەتىدىن.
ۋىسالى ۋەئدەسى باردۇر فىراقدەك گويا،
كى ئۆتتى ئۇمرلەر ئانىڭ قەرارۇ مۇددەتىدىن.
دىمە، فىراق ئارا ھالىڭ نىچۇكدۇرۇر، ئەي جان،
ئەمەسمۇ ئىردى مەدارىم ۋىسالى قۇۋۋەتىدىن.
سىنىڭ يولۇڭدا مەزەللەت ماڭا ئىرۇر ئىززەت،
خۇتۇرى خاتىرىم ئولماس كىشىنىڭ ئىززەتىدىن.
فىراقۇ ۋەسلىكى مۇنداغ ماڭا ئىرۇر مەئلۇم،
گەپ ئۇرمە شىددەتى دەۋزەخ، ھۇزۇرى جەننەتىدىن.
دىيەمكى: ياندى بۇ كۆڭلۈم فىراقىڭە چىداماي،
دىگەيكى: يوق ماڭا پەرۋا ئانىڭ بۇ رىددەتىدىن.
ۋىسال ئۇمىدىدە چىققان نەفەس سىنار ھەسرەت،
ۋەلى ئاداشتى بۇ كۆڭلۈم ھىسابۇ ئىددەتىدىن.
ۋىسال شەربەتى ناقىسنى سەرگەردان قىلمىش،
كى كەچمىش ئەمدى جەھانىنىڭ شەرابى لەززەتىدىن.

**113**

تۇت ساچى يادى بىلە ئول گۇلى سۇنبۇل ئىتەكىن،
بۇلبۇل ئانداغكى تۇتار ئىشق ئارا ھەرگۇل ئىتەكىن.
كۆپ سەدا چەكمە قىلىپ زاغىنى تەقلىد، ئەي دىل،
تۇت نەۋاساز بولۇپ غەمزەدە بۇلبۇل ئىتەكىن.
تالىبى سادىق ئىسەڭ ئەيلە تەلەب كامىلنى،
تۇتماغىل غافىل ئولۇپ ئادەمى دۇمبۇل ئىتەكىن.
تۇتمە بۇ بىيشە ئارا كەررەئى خەر قۇيرۇغىنى،
مەقسەدىڭ بولسە فەنا يار تىلە دۇلدۇل ئىتەكىن.

خاتىرىڭ جەمئ تىلە خىلۋەت ئارا ساكىن بول،
نارى بول ئەل قاتىدىن تۇتمەكى غۇلغۇل ئېتەكىن.
تالىبى ئاخىرەت ئول فۇلدىن ئۆتەر فىكرىنى قىل،
يا كېچىپ دىن يولىدىن ئۇشلا بارىپ فۇل ئېتەكىن.
ناقىسا، ئەيلەمە غەم فانى جەھان شەۋكەتىدىن،
كىر فەنا دەيرى ئارا قولغە كەتۇر مۇل ئېتەكىن.

**114**

قۇتۇلماق دەۋر ئارا غەم تامى باسماقدىن قەنى ئىمكان،
مۇنىڭدەككىم تۆكەر ھەردەم فەلەك كۆك تاقىدىن باران.
ئەگەرچە تامچىدۇر ۋەھشەت قىلۇر ئۆتكەي دەبان تامچى،
يوقاتمىش خۇشلۇغىن قورقۇنچىدىن ئۆز ھالىغە ھەرجان.
سەدا گەر رەئد ئىلە ھەريان چاقىنغان ئوت شۇئائىدىن①،
②..................................................
بۇلۇتلار رەڭگىدىن ھەرلەھزە نازۇك تەبئىلەر قورقۇپ،
لەھەدنىڭ يادى جەۋلان كۆرگۈزۈپ جانلار چېكەر ئەفغان.
ياتالماي كېچەلەر ھەريان باقىپ توختار خەيالىدىن،
كۆڭۈللەر ۋەھمىلىك، كۆزلەر بولۇپ ئايىنەرەڭ ھەيران.
تولۇپ ھەر كوچە سۇدىن ئەل ماڭالماي ھىچ يان يەھلا،
داغى ئۆيلەردە كەركى يىرلە قازىپ ئورەلەر ھەريان.
ئەگەر قالىسە تۆكەپ ئۆيلەردە غەفلەتدىن چىراغ ياغى،
كۆرۈنۈپ نۇھ تۇفانى كەبى مەئدۇم ئولۇپ دەرمان.
بۇدۇر ئالەمدە ئىنسان خەيلىغە يالغۇز غەمى يامغۇر،
مۇنىڭدەك يۈز تۈمەن غەملەرگە دائىم مۇبتەلا ئىنسان.
شىكايەت قىلمە، ناقىس، لەبنى باغلاپ رازىلىق كىرگۈز،
كى ھەر تۈرلۈك ھەۋادىسكىم كېلۇر ھەق سارىدىن مېھمان.

**115**

كەۋن باغى نەۋبەھار ئولدى لەبىڭ ئەفسۇنىدىن،
ئالتە يان بەلگۈردى كۆزلەر ئىچرە كافۇ نۇنىدىن.

---

① ئەسلى قول يازمىدا بۇ مىسرا ئېنىق ئەمەس، پەرەز بىلەن ئېلىندى.
② ئەسلى قول يازمىدا بۇ مىسرا يېزىلغان ئورۇن پەرسۇدە بولغان.

ھۆسن شەمئىن يارۇتۇپ بەزم ئەيلەدىڭ ئۇششاق ئۈچۈن،
بولدى مەستانە كۆكۈللەر ئىشقىنىڭ مەئجۇنىدىن.

بولدى خەم كاكۇللارىڭ فىكرىدە جانلار مۇزتەرىب،
سەبر ئۇممىدى يىراقدۇر سىھرىنىڭ مەفتۇنىدىن.

لەبلەرىڭ تەبرەنسە تىترەيدۇر كۆڭۈللەر دەم-بەدەم،
قەتل مەئلۇم ئولدى گويا خەتلەرى مەزمۇنىدىن.

تا يۈزۈڭ رەۋشەن سەۋادىدۇر كۆڭۈلنىڭ مەقسەدى،
ئەيلەدى ھاسىل ئەمانلىغ ئافىيەت مەشھۇنىدىن.

ساقىيا، تۇتساڭ قەدەھ تەگرى ئۈچۈن بىر بەيت ئوقۇ،
ئول دىلئارامى ستەمگەر قامەتى مەۋزۇنىدىن.

ناقىسى مەھزۇن خەيالى ۋەسلىدىن خۇرسەنددۇر،
تاكى ساقى تاشلادى جامىغە ھەجر ئەفيۇنىدىن.

**116**

ياغىپ ئالەمگە تەگرى رەھمەتى بىر نەچچە كۈن يەكسان،
جەھاندا قالمادى نەم بولماغان ئەنجىرۇ يا خىرمان.

قىلىپ باغ ئىچرە گۈللار يافراغى رەڭگىن زۇمۇررەدگۈن،
ئاچىلدۇردى چەمەندە لالەنى لەئلىن قىلىپ خەندان.

شەجەرلەر شاخىدا بىر كەھرەبا ھەردانە زەرد ئالۇ،
داغى ھەردانە تۇرغاچ بولدى گويا بىر قىزىل مەرجان.

يىراقدىن تاغلار كۆزلەرگە زاھىر بولدى فىرۇزە،
ۋەلې ھەر جىلغەدىن شۇلار ئاقىپ تەئمىر ئېتىپ ئەييان.

فەرىشان خاتىر ئولغان غەم يەلىدىن بىنەۋالارغە،
بولۇپ ھاسىل ياغىندىن خاك يەڭلىغ نەم بىلە سامان.

ھەۋا ئۆزرە بۇلۇتلار رەڭگىدىن كۆزلەر بولۇپ رەۋشەن،
بولۇپ ئاشىق كۆڭۈللەر رەئدىنىڭ ئاۋازىدىن رەقسان.

چاقىن ھەر ياندىن ئولغاچ يولسە يەردىن تا فەلەك زاھىر،
تەجەللى شەۋقىدىن ئارىفغە خىلۋەت مەسكەنى جانان.

بۇلۇت رەفتارىدىن باغ ئىچرە قوزغالغاچ شەجەر بەرگى،
ئەسىپ سەير ئەيلەگەن ئەلنىڭ دىماغىغە گۈلى رەيھان.

فەنا گۈلشەندە، ناقىس، ھاسىل ئەتسەڭ دىيدەئى ئىبرەت،
ئېرۇر ھەر قەترە شەبنەم بەندەگە ھەق سارىدىن ئېھسان.

**117**

كۆزۈك ئاچ، ئەي پەرى، ئىبرەت بىلە سەير ئەيلە بۇ ئىمكان،
تەماشا قىل كىرىپ گۈلشەنگە ئاندىن ئاختارىپ جانان.
قىزىلگۈل بەرگىدە ھەرقەترە شەبنەم كۆز ئېرۇر گويا،
كىم ئاچمىشدۇر كۆرەي دەپ يارىنى قالمىش بولۇپ ھەيران.
گۈل ئېرمەسدۇر ئاچىلغان ھەر تەرەف بىر ئاشىقى مىسكىن،
ئۈزارى شەۋقىدىن ھەسرەت چېكىپ قىلمىش جىگەرنى قان.
دېمە نەرگىس ئەرىقلەر بويىدا زەررىن كۆلەھ كەيمىش،
مۇجەررەد ئۆزنى قىلغان بەرگىدىن دەرۋىشى سەرگەردان.
ئەمەسدۇر نەستەرىن، بىر بىنەۋادۇر يار ھەجرىدىن،
كۆزىدىن قان تۆكۈپ ۋەسل ئىستەبان رۇخسارى سارغارغان.
دېمە سەۋسەن كۆرەرمىش باغ ئارا ھەجر ئىلكى كاجىدىن،
سەھەر ۋەقتىدەكى بىدار ھەسرەتكىم يېگەن چولغان.
نە قىلغاي ياسۇمەن گۈلشەندە تەھقىق ئەيلەسەڭ باردۇر،
نىگارى گۈلىدىن لەئلىگە شەيدا تاجلىغ سۇلتان.
فەلەك سارى پىلەك چەككەن ئەمەسدۇر ئىشقىپىچانكىم،
نىگارى سەرۋ قەد يادى بىلە جاندۇركى چىرماشقان.
گۇمان قىلمە گۈلى ئەنبەر ئىنمىشدۇركىم ئاچىلىپدۇر،
دېگىل بىر خاكسارى ھەجر دەستىدە ۋەتەن تۇتقان.
دېمە، ناقىس، جەھان باغىدا بار ئولغاي كۆكۈل غەمسىز،
كى كۆرمەسمۇ كۆزۈڭ بىر غۇنچەگە مىڭ خار ئېرۇر پەيكان.

**118**

پەرىۋەشكى كۆكۈللەر خەيالىدىن مەجنۇن،
بۇ خەستە زارنى [قىلدى] جەمالىغە مەفتۇن.
ئەگەر مۇنگدەك ئولۇپدۇر ھەۋادىسى ئالەم،
قالۇرمۇ شاھۇ گەدالار غەم ئوتىدىن مەئمۇن.
فىدائى ساقىئى مەستانە بولمىشەمكى مۇدام،
قاچانكى دەۋر مېنىڭدۇر ئېزىپ بېرۇر ئەفيۇن.
يۈزۈڭ قاشىدا ياشىمنى تىيە ئالالمايمەن،
بىرى فىرات كۆزۈمنىڭ، بىرى ئېرۇر جەيھۇن.
كۆكۈل ھەرىمىغە ئىشقىڭ قىلىپدۇرۇر تەشرىف،
ئېرۇر جەمىئى كۆكۈللەر تەمەئ بىلە مەمنۇن.

بۇ خەستە كۆڭلى خەيالىڭ خەزىنەسى بولمىش،
خەيال دۇررىدىن ئۆزگە نە بولغۇسى مەخزۇن.
دېدىمكى: ۋەسلىنى فىراق ئارا تۇشتۇم،
دېدىكى: ئىيدىڭ ئولۇپدۇر مۇبارەكۇ مەيمۇن.
سۇكۇنەت ئەيلەمە كۆڭلۇم بۇ دارى كۇلفەتدە،
ئەگەرچە ئىسمى مۇزافە ئىلەيىھدۇر مەسكۇن.
چۇ بولدى شېئر ئارا ناقىس ئىبارەتى ناقىس،
نە غەم كەمال ئىلە زىينەت تاپىپدۇرۇر مەزمۇن.

**119**

پەيدا بولۇپدۇر بىرمۇنچە نادان،
رۇستەم جەسامەت ئەمما يېرىم جان.
مەي شىشەسىدەك بوينى تۇزۇتلۇك،
پەرداز بىرلە مەڭزى قىزارغان.
گۇلدار دوپپى، تاجى مۇرەسسەئ،
قۇندۇزى تەلپەك باشىدا قالغان.
دەۋلەت توغى دەر چىققان ساقالىن،
مېھنەت قاراسى ئاندىن گۇرىزان.
فاخىر لىباسى ئۇستىدە دائىم،
مەزلۇملاردەك ھەريان خىرامان.
تىللا مەسەللىك ئالدىدا مىس پۇل،
خۇرشىد قۇرسى ئالدىدا بىر نان.
مىڭ يىلدا بىر پۇل چىقماس قولىدىن،
ئاغزىدا لېكىن ئىنزھارى ئېھسان.
ئۇمرىدە ئىچسە بىر كاسەئى چاي،
ئەيلەپ پۇشەيمان قىلغاي قىزىل قان.
ناقىس، يىراق يۈر ئول فىرقەدىنكىم،
بولماس دېگەلى ئاخۇن ۋەيا خان.

**120**

ئەي، شۇئلەلىغ ئارەز بىلە كەۋنەين ئارا پەرتەۋ فىشانە
سەن جىلۋەگەر ئەھلى نەزەر قىلسە نەزارە ھەرقايان.
زەرراتى ئالەم بارچەسى ئىشقىڭدا سەرگەردان ئېرۇر،

ئاي بىرلە كۈن مۇمكىنمىدۇر سەندىن ماڭا بەرگەي نىشان.
سەن بولماساڭ جەننەت ئارا كىم ئارزۇ قىلغاي ئانى،
ھۇسنۇڭ چەكى ئاچىلماسە ھەر گۈلكى بار بولغاي خەزان.
شورىش ئەمەس مەھشەر ئارا جۇرمۇ گۇنەھ ئاشۇبىدىن،
شەۋقۇڭ ئوتى ئۇرغاچ شەرەر ئاشىقلارىڭ ئەيلەر فىغان.

121

باردۇرۇر ھەريان يازىلغان گىيسۇيى ئەنبەر فىشان،
يا ئەلىف ئەھمەد يۈزىدىن مىم ئىلە بولدى ئەيان.
ئول بىرىدىن بولدى ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى ئىبتىدا،
بۇ بىرىدىن بولدى مۇسانىڭ باشى ئالەم مەكان.
قەددى ۋەسفى زاتى ھۇرىدەك دېسەم ئېرمەس ئەجەب،
كىم ئەلىف سۈرەتدە ھەمدى شەكلىگە تاپمىش قىران.

122

دېمە، يالغۇز سەفا ئەھلىگە دەۋراندىن ستەم كەممۇ؟
بۇلۇتلارنىڭ كۆزىدىن ھېچ كۆرمەمسەنكى نەم كەممۇ؟
سىپېھرى دىلنى بۇزدى گەرچە بۇ زالىم فەلەك جەۋرى،
ئاڭا ھەم دەرد خەيلى ئاھىدىن تىيرى ئەلەم كەممۇ؟
قەرارىن قەسد ئېتىپ ئەۋۋارە كۆڭلۈمنىڭ دېسەم شاد ئول،
دېگەيكىم، بۇ خىتابىڭدىن مېنىڭ باشىمغە غەم كەممۇ؟
خەيالى پۇچدىن ھەرباشقە بىر ئاغرىق ئېرۇر پەيدا،
ھۇباب ئاسا ئۆزىن يوق قىلسە دەريايى ئەدەم كەممۇ؟
قەنائەت تەركىدىن سۇلتانغە ھاسىلدۇر گەدا ۋەزئى،
قەنائەتلىك گەداغە دەۋلەتى داراۋۇ جەم كەممۇ؟
فەرەھ ئىستەب مۇغەننى مىننەتىن چەككەن ئېرۇر نادان،
ھۇزۇرى دىل بىلە چىققان نەفەسدىن زىرۇ بەم كەممۇ؟
نە ھاسىلدۇر ھەسەدنىڭ نەفئ قىلماس كىردىدارىدىن،
دېگىل ھەركىمگە نەققاشى ئەزەل چەككەن رەقەم كەممۇ؟
فۇلۇسى قەلب ئوچۇن كۆڭلۈگدە يۈزمىڭ پىكر باتىلدۇر،
تەئەممۇل قىل ئەلەملەر داغىدىن يۈزمىڭ دىرەم كەممۇ.
..............................①، ناقىس، ھەۋەس قىلما،
نەفەسدىن ھەر نەفەس كەلگەن پەيامى دەم-بەدەم كەممۇ؟

① ئەسلى قول يازمىدا بۇ ئورۇن پەرسۇدە بولغان.

**123**

دوستلار ھىجراندا مەن چەكمەي جەفامۇ قالدىمۇ؟
كۆرمەگەن فۇرقەتدە ئەندۇھۇ بەلامۇ قالدىمۇ؟
ۋەسلىنى ئىزدەپ يارنىڭ ھەجرى ھەلاك ئەتتى مېنى،
مۇندىن ئارتۇغراق بەلالىغ مۇددەئامۇ قالدىمۇ؟
ھەر نېچۈك كۇلفەتكى چەرخ ئەتتى ماڭا چەكتىم ئانى،
كۇلفەتى مەن كۆرمەگەن يانا رەۋامۇ قالدىمۇ؟
يار ئۈچۈن ئەھباب تەرك ئەيلەپ مېنى تەرك ئەتتىلەر،
ياد ئېتەرگە گاھى-گاھى ئاشنامۇ قالدىمۇ؟
جاننى كۆڭلۈم ئازدۇرۇپ، ئىشق ئىچرە باشلاپ تۇتتى يول،
بولمايىن ئەۋۋارە ئول يۈزى قارامۇ قالدىمۇ؟
ۋەسل تەسخىرىغە ۋىرد ئەتتىم ۋەزايىفلەر بەسى،
قىلماغان مەن ۋىرد ھەجر ئىچرە دۇئامۇ قالدىمۇ؟
يار يادىن غەيرىدىن ئايرىپ قىلۇرغە، ئەي رەفىق،
گۇلشەنى ئىمكانىدا ئىمكانى خەلامۇ قالدىمۇ؟
ھەرنەكىم كۆڭلۈم رىزاسىدۇر ئاڭا قويدۇم قەدەم،
بولمايىن بىر ئىشدا ئول سەركەش رىزامۇ قالدىمۇ؟
ناقىسا، يارىڭنى سەرف ئەيلەپ بەھايى ۋەسل ئۈچۈن،
ھا دېگەي، سورساڭكى زەممەمدە بەھامۇ قالدىمۇ؟

**124**

كېلىپ ئولتۇردى بىر دىلبەر كىيىپ زەيتۇنى تون ئۇترۇ،
قىزىل كۆرۈنگەنىدىن كۆزلەرىمدىن چىقتى خۇن ئۇترۇ.
يۈزىدە ئەنبەرىن چۈمبەل، باشى ئۈستىدە كۆك تاقى،
كۆرۈپ كافۇرى رومالىن ماڭا بولدى جۇنۇن ئۇترۇ.
نەبات رەڭلىك، كىيىك كۆزلۈك، قاشى قەۋسۇ قۇزەھ گويا،
ۋەلى باقماس باقىپ تۇرسا مېنىڭدەك مىڭ زەبۇن ئۇترۇ.
قەدى ئەرئەر، لەبى شەككەر، رۇخى مەرجان، كۆزى چولپان،
ئەھەس مۇمكىنكى بۇ يەڭلىغ يولۇقماق رەھنەمۇن ئۇترۇ.
دېدىم: كۆڭلۈمگە بىر كۆرگىل، كۆرەر بولساڭ ئاڭا كۆيگىل،
چىقاردى، ئاھكىم، بولماس، ئاڭا يۈز مىڭ قۇيۇن ئۇترۇ.
ۋىسالۇ ھەجرى بىيمۇ ئۈمىدى ئىچرەكىم قالدىم،
مېنى قىلسە تەلەب ھەركىم بۇ كۆڭلۈم چىقتى ئون ئۇترۇ.

AltunOq

قايانكىم ئەزم قىلدىممەن تاپاي دەپ ھەمدەمى ئاقىل،
يوق ئولسۇن ئۇشبۇ تالىئىكىم بولۇپدۇر چەرخى دۇن ئۇترۇ.
كەمەندى زۇلفى سۆدرەردىن قەدىمنىڭ نەخلى دال ئولدى،
قاچاي دەپ ھەرقايان بارسام يولۇقتى كافۇ نۇن ئۇترۇ.
ئانىڭدەك مەھۋەشى دىلكەش جەفا ئەندىشە شىرىنۋەش،
قىلىپ ناقىس كەبى سەركەش كىشىگە بولماسۇن ئۇترۇ.

**125**

ئەي، ئەزەل ئەفسەر، ئەبەد مەسنەد كەرەملىك پادىشاھ،
سەندىن ئالمىشدۇر سەلاتىن خەيلى تەختۇ بارىگاھ.
بولدى پەيدا سەنئەتىڭ بىرلە ۋۇجۇدى مۇمكىنات،
ھېچ شەھد مۇلكىندە مۇمكىن يوق بۇ يەڭلىغ كارگاھ.
نى جەلالەتلىغ ئۇلۇغ شەھسەنكى مەدھىڭ ئايغالى،
دەشتۇ سەھراغە تىل ئولمىشدۇر ھەمە بەرگۇ گىياھ.
يوق خەلەل مۇلكۇڭغە ھەر كۇن بولسە يوق جانىن بېرىپ،
دەرگەھىڭ تۇرىدا يۈز مۇسا چېكىپ مىڭ ئاھۇ ۋاھ.
قايسى سەركەش بەندە يۈز ئۆيرۈپ يولۇڭدىن قاچقاي، ئول،
تاپمادى كويۇڭ باشىدىن ئۆزگە باش ئېلتۇر پەناھ.
ھەر قارا يۈزكىم بويۇن چەكتى بولۇپ دۇشمەن ساڭا،
قويمادى قەھرىڭ شەمالى گەردەنىن قىلماي دۇتاھ،
ئولكى تەسدىق ئەتتى بىردۇر دەپ سېنى تاپتى ئەمان،
چىقتى ھېفزىڭدىن كىشىكىم ئەيلەدى ئول ئىشتىباھ.
يوق غەمى جۇرم ئەھلى كۆڭلىنىڭ تۇتۇپ سەندىن ئۇمىد،
يوق بولۇر مەۋج ئۇرسە دەريايى كەرەم دەپ ھەرگۇناھ.
ناقىسى دىۋانە ۋەسلىڭنى تىلەپ ھەردەم چېكەر،
شەۋق تەنبۇرنى باتىل دەپ جەمئى ماسەۋاھ.

**126**

كۆڭلۇمدە بۇكىم، ئەي پەرى، كۆرسەم يۈزۈڭنى گاھ-گاھ،
بولماس مۇيەسسەر مۇددەئا چەكمەيدۇ ھەردەم ئاھ-ئاھ.
سەنسەن سەلاتىن سەرۋەرى لۇتفۇڭغە ئالەم مۇشتەرى،
دەرگاھىڭ ئالدىنى يەرى قىلماي نە قىلغاي ئەھلى جاھ.
يارەب، ئول ئاينىڭ نۇرىدىن خۇرشىدۇ مەھ بىر زەررەدۇر،

خۇرشىد ئەگەر يۈزمىڭ ئېرۇر، ئاندىن زىيادە بولسە ماھ.
ياتمايمۇ ئىشكى ئالدىدا، ئەي ئىت، خىتابىن ئاڭلادىم،
كەۋنەين ئارا ئاندىن بۆلەك نې ياندا تاپىلغاي پەناھ.
نەفسىڭنى سەن ئىسبات قىل. ئىزھار كۆپ ھاجات قىل،
ئىللا بىلە ئەۋقات قىل، تا ئۆلمەگىل دەپ لائىلاھ.
قىلساڭ ئەمەل غەم قىلماغىل مەھشەر سارى بارماغدىن،
غەم قىلماغاي قىلسە سەفەر ھەر يانغە ئەھلى دەستىگاھ.
قىلماي مەدەد بىر سۇر ياغاچ كۆيمەس پىلىك رەۋشەن بولۇپ،
ئىلكىڭنى بەرگەيسەن تاپىپ توغرى كۆڭۈل بىر قىبلەگاھ.
ناقىس، ئۆزۈڭنى ئەمدى تۈز، فانى جەھاندىن كۆڭلۈڭ ئۈز،
كەلتۈر خۇدا سارىغە يۈز، باتىل ئېرۇرلار ماسەۋاھ.

127

شاھىدى سادە كېرەك فەيز تەلەب موللاغە،
مۇترىبۇ بادە كېرەك رىندەئى بىپەرۋاغە.
بادەدۇر دىل قەدەھىن ساف قىلۇر غەملەردىن،
مۇبتەلايى غەم ئېتىڭ جانىنى گەرەۋ سەھباغە.
كۆربەگەي مەئنى يۈزىن ئۆمر ئىچىدە ئالىمكىم،
ئىشقىسىز چۆمسە ئەگەر ئىلىم دېگەن دەرياغە.
تىلەسەڭ ئەيشى ئەبەد غەم يېمەگىل يوقلۇقدىن،
بولماغىل شاد داغى ئۆمرى ئەبەد پەيداغە.
خاكلىغ ۋەزئىنى تۇت كامىڭ ئەگەر يەتمەكدۇر،
گەردەنىڭ يەتسەمۇ ھەم گەر فەلەكۇلئەئلاغە.
جەمئ قىل داغى كۆڭۈل ۋەسل ئۈچۈن، ئەي ئاشىق،
كۆيدۈرۈپ بارۇ يوقۇڭ ئۇت كەبى بىر رەئناغە.
بىۋەفا ئالەم ئۈچۈن چەكمە بەلا، ئەي ئاقىل،
دىل بېرىپ جاھ تىلەپ شۇئبەدە خو دۇنياغە.
دەم - بەدەم ئاھ چېكەر كۆز ياشىنى جارى قىلىپ،
نې جۇنۇن تەگدى بۇ كۆن ناقىسى بىمەئۋاغە.

128

يارنىڭ ۋەسلى يىراق تالىب ئەگەر بار ئولسە،
ئىكى ئالەم يوق بولۇر جىلۋەگەر ئەر يار ئولسە.

ئىشق سىررىنى ياشۇرماقنى خەيال ئەيلەمەگىل،
گەر يۈزۈڭ سارىغ ئولۇپ ئىككى كۆزۈڭ زار ئولسە.
ياخشىدۇر بۇلبۇلى بىچارەگە گۇلنىڭ يوقىدىن،
گۇل يۈزى تازەلىغى گەرچە تەنىم خار ئولسە.
ئىشق ئارا سادىق ئەمەس ئولكى بىلىڭ، يالغاندىن
زاھىرى فەقر نەما باتىنىدا ئار ئولسە.
قىلمە مۇترىبى كۆڭۈل ئويغاتقالى ئۆچتار ھەۋەس،
بول نەۋاساز ئەگەر ئازۇ تولا تار ئولسە.
بولدى غەم قۇشلارى ساۋۇغ نەفەسىمدىن ھەريان،
تارقاشۇر كوھ ئىلى ھەريانغە ئەگەر قار ئولسە.
خاسى مەنسۇرى ئەمەس سىررى ئەنەلھەق رەمزى،
ئايغۇچى كۆپدۇر ئەگەر ئوشۇ سىفەت دار ئولسە.
بىر قۇياشدۇركى يارۇغ قىلغاي ھەمە ئالەمنى①،
شەرقدىن غەربغىچە......ئولسە②.
ئىچمە كۆكنارنى بىر ئۆلفەتى شىرىن لەبسىز،
گەرچە، خۇمماردا يەر-كۆك ھەمەسى نار ئولسە.
تا كۆڭۈلكىم ھەۋەسى ئەلگە قوشۇلماقنى قىلۇر،
ئەھلى بازارى ئىرۇر گەرچە ۋەتەن غار ئولسە.
ئەي پەرى، ناقىسى دىۋانەگە كۆرگۈز يولكىم،
مەقسەدىن قايدا تاپار دەھر ئەگەر تار ئولسە.

129

ئەدادۇرمەن قارا كۆز دىلبەرى زىيبا ستەم جوغە،
ئەسىر ئولغان كەبى مىسكىن مۇسۇلمان شاھى ھىندۇغە.
ئۆچۈپ بولماق خەلاس ئول زۇلفدىن بولغايمۇ ئىمكانى،
كى باغلانمىش مىنىڭدەك يۈز تۈمەن بىچارە بىر موغە.
قەمەر تەلئەت نىگارى گۇل بەدەندۇركىم، كۆيەر جىسمىم،
كى ئۆچمەس ھەرنەچە غەرق ئەيلەسەم ھەم ئەشكىدىن سۇغە.
شىئارى ئىشق ئارا كامىل ئىسەڭ يادى ساقا بەسدۇر،
كى قانىئدۇر دىماغ ئەھلى دىلى گۇل ۋەسلىدىن بۇغە.
نەزەر سۇرەتكى قىلماس ھەركىم ئول مەئنى تەلەب بولسە،

①، ② بۇ ئىككى مىسرا يىيزىلغان ئورۇن ئەسلى قول يازمىدا پەرسۇدە بولغان. ساقلىنىپ قالغان قىسىملىرى قىياسەن ئىلىندى.

فىدا كۆڭلۈڭنى قىل، ئەي بۇلھەۋەس، يارى ئەدەب خوغە.
ماڭا ھەرلەھزە يۈز يول كۆرگۈزۈر يۈز - يۈز فەرىشانلىق،
گىرىفتار ئۇلغالى كۆڭلۈم قۇشى ئول تارى گىيسۇغە.
كىشى گەر ئىشق ئارا ھاسىل غەنا قىلسا نەزەر سالماس،
نىگاۋى تىشلارىدىن ئۆزگە ھەرگىز دۇررۇ لۇئلۇغە.
كەسەل بولسە كۆڭۈل ھىرس ئوتىدىن تەب ئىللەتى بىرلە،
فەنا مەئجۇنىغە مۇئتاد بول قول سۇنمە لىمۇغە.
بۇ ۋەھشەتخانەدە، ناقىس، ئەگەر مەتلۇب ئېرۇر ئارام،
مۇقىم ئولغىل رىزا كۇنجىدە مايىل بولمە ھەركوغە.

130

مۇغەننى چەك مەقامى راكنى بەزم ئىچرە مەستانە،
ساچىپ ئەربابى مەئنى لەفزىدىن مەجلىسغە دۇردانە.
سېنى ياد ئەيلەبان مۇڭلۇغ كۆڭۈللەر ئەسرۇ مەھزۇندۇر،
كى سەن ھەم ياد ئېتىپ تۈز چەببەيادىڭ، بولمە بىگانە.
چىقىپ قاتىپ نەفەس چىقماقغە بائىس بىلمەسەڭ نېدۇر،
تەرەننۇم قىل سىگاھ ئاھەڭگى بىرلە نەغمە رىندانە.
كۆڭۈل چۇن مۇزتەرىبدۇر تۆرت مەزھەبدىن نېدۇر مەقسەد،
ئىشتىكىل چارگەھنى فەھم قىلغىل سىررى مەيخانە.
كۆڭۈل مۇلكىنى شاھەنشاھى ئىشقىڭ چۇن مەقام ئەتتى،
ئاچىپ يۈز پەنجىگەھ نەققارەسىن ئۇرغىلكى فەرزانە.
ئېرۇر ئىشق ئەھلى كۆپ مەھزۇن باقىپ پەرگارى لەئلىڭغە،
چېكىپ ئۇششاق ناخۇن بىرلە قىلغىل راست دىۋانە.
زىلەيخائى جۇنۇن لەشكەر چېكىپ ئەيلەر سىياسەت كۆپ،
بەياد ئاھەڭگىدىن تاشلارمۇسەن كۆڭلۈمنى زىندانە.
بۇ بەزم ئەھلىگە غەفلەت لەشكەرى يەغما تەرەننۇمدۇر،
كېرەك نىش ئاۋەرەك تىغى بىلە جەۋلانى مەردانە.
تەكەللۇم ئىستەبان شىرىن لەبىڭدىن بىنەۋا بولغاچ،
كۆيەرمىز بىر-نەۋا ئۇممىدىدە بىر جەمئى پەرۋانە.
دېسۇن كۆڭلۈم مەقامى ئەجز ئارا ئۆز ھالىنى، ناقىس،
ئەجەم بىرلە ئىراق ئەھلى بۇ سىررنى بىلمەسۇن يانە.

131

نەزەر قىل، ئەي كۆڭۈل، بىردەم زەمانغە، ئەھلى ئالەمگە،
نىشات ئىستەپ قالىپدۇر بىخىرەدلەر سەر بەسەر غەمگە.

قاچىپ غەمدىن ئۆيىمگە كىرسە ھەم بىردەم خەلاش تولماس،
غەمى ئاندىن فەلەككە ئۆرلەگەن ئاۋازى ماتەمگە.
قىلۇر زاھىر غەمى بىھەددۇ پايان يوقۇ بازىدىن،
مۇلاقات ئەيلەسەك غەم ئايغالى ھەرقايسى ئادەمگە.
يۈگۈرۈر ھەر تەرەف بولسۇن زىيادە مال ئىلە فۇل دەپ،
ھارىپ كۈندۈزدە كۆرگەچ تولغانۇر ئاخشامداغى كەمگە.
كىشى يوقكىم نەسىبە بولماغان ئەسباب ئۈچۈن تولماس
قولىغە كەلتۈرەلمەي كۆزلەرى ھەسرەت بىلە نەمگە.
ئەجەب ئەھمەقكى چەككەي مۇنچە مىھنەت كېچەۋۇ كۈندۈز،
ئەزەلدە قىسمەت ئولغان خام ئىگىن بىرلە پىشىق يەمگە.
زىھى تەۋھىدى ۋەيران بىخىرەددۇركىم، ساغىنماس ھىچ
خۇدانىڭ ھىفزىغە، ئەمما، ئىشەنگەي لەۋك بىلە دەمگە.
ئەسەلدۇر زىكرى ھەق لەززەت تاپار كامۇ لەبىڭ ئاندىن،
ئۆزۈڭنى ئۇرماغىل شەككەر يېيدىم دەپ ئۆلتۈرۈر سەمگە.
سەمائۇ رەقس ئېتەر دۇمباق ئۈنىدىن زايىل ئەيلەپ ھۇش،
تەئەممۇل ئەيلەمەس تەنبۇر چەكسەك زىر ئىلە بەمگە.
قىلىپ ۋاجىب ئەداسىن تەرك نەفل ئەتسەك دېگەي مۇمسىك،
ھىرۇۋ نىسبەت گۈنەھغە خەجلەگەن مەسرۇفنى ھاتەمگە.
قەنائەتدىن سەفەر تەرك ئەيلەسەك نادانۇ ئەھمەق دىر،
قىلۇر ھىرس ئەھلىنى قىلغاچ سەفەر تەشبىھ ئەدھەمگە.
بىھەمدۇللاھكى، ئاقىس بارچەدىن ئۆزمىش كۆڭۈل ئىلكىن،
ئەمەس مۇھتاج خۇسرەۋ تەختى بىرلە كاسەئى جەمگە.

132

قالدى باغلاغلىق كۆڭۈل ئول بىۋەفا گىيسۇيىغە،
دوستلار زەنجىر ئېتىپ تاشلاڭ مىنى ھەم كويىغە.
گۈلشەنى ئىمكاندا بۇلبۇل يوقكى سەۋدايى ئەمەس،
پۇتراتۇر يەتكەچ سەبا گىيسۇيى سۇنبۇل بۇيىغە.
كىمنى كۆرسەك بۇ فەنا دەۋراندا سەرگەردان ئېرۇر،
باغلىق ئېرمىشدۇر ئول ئاينىڭ زۇلفىنىڭ بىر مويىغە.
ھۇرنا تەرك ئەتكەي ئىدىم ئول بىۋەفانىڭ كويىنى،
بولماسا شەيدا كۆڭۈل بىچارە ئانىڭ خۇيىغە.
چەرخى زالىدىن ئۇمىد ئەيلەپ ۋەفا بەرمە كۆڭۈل،
بەرمەگەي ئاقىل كۆڭۈلنى غەيرىنىڭ دىلجويىغە.

يوق قىلۇر ھەررەڭگى ئىمكانىنى ھەۋادىس يامغۇرى،
باقماغىل مەككارەئى دۇنىنىڭ قىزارغان رويىغە.
ئۆرتەسە ئۇيقۇ ئەجەب يوقدۇر بۇ غەفلەتخانەدە،
بىۋەفالار جەۋرىدىن ۋەيران كۆڭۈللەر ھۇيىغە.
ناقىسا، كەۋنەيىن فىكرىدىن خەلاس ئولساڭ نىتاڭ،
چۈنكى باغلىقسەن ئول ئاينىڭ كاكۇلى ھىندۇيىغە.

133

ئاچىلۇر باغ ئارا گۈل ئاچسە يۈزىن گەر ئول مەھ،
گۈلغە ئوخشاتقان ئىبرۇر ئارەزىنى كۆپ ئەبلەھ.
ئىسفى شەھر ئولماغۇچە بولماس ئىدى بەدر ھىلال،
بارچە شەھر ئىچرە يۈزۈڭ بەدر كەبى رەۋشەن، ۋەھ.
قاشلارىڭ ياسى بىلە كىرپىك ئوقىن ئاتقان چاغ،
خەستە جان رىشتەسىدىن قىلدى قەزا شاھى زەھ.
ھەجرىنىڭ شىددەتىدىن قايسى كۆڭۈل بولسە كەسەل،
لەبلەرىڭ شەربەتىدىن ئۆزگە بىلە بولماس بەھ.
زۇلم دەپ شىكۋە قىلۇر كەلسە جەفا ناقىسلار،
لىك كامىللار ئارا سەن كەبى يوق ئادىل شەھ.
دىل كۆزى بولسە ئاچۇق ئايت ئۇنى ھەم رەھبەردۇر،
ۋەرنە ھاتىف بىلە ھەم تالىب ئىبرۇر بەس گۇمرەھ.
... ... ... ... [كۆڭلۈ]م ئىتەر كۆپ ئەفغان
................................ ①
[بەرق] ئىلە رەئد مۇدۇر بولسە ياغىن فەسلى بەھار،
قىلدىمۇ لەئلى لەبىڭ يىغلار ئىبسەم يا قەھقەھ.
................................
... ... ... ... ... ... ... ... ... تەھ-تەھ. ②

134

جانىنى بىر چابۇك ئىسارى ئەيلەدىم نەيلەي يەنە،
تەننى مەيدانى غۇبارى ئەيلەدىم نەيلەي يەنە.

---

① ② ئەسلى قوليازمىدا بۇ ئورۇندىن تۆت مىسرا پەرسۇدە بولغان.

ئەي كۆكۈل، ھەجر ئىچرە قالدىم دەپ مەلال ئولماق نېدۇر،
مۇلكى تەننىڭ تاجدارى ئەيلەدىم نەيلەي يەنە.

دەردى يوق ئەتۋارى ئاشىقلىقنى بىلمەيدۇر دېمە،
بىر كۆزى ساھىرنى يارى ئەيلەدىم نەيلەي يەنە.

جەۋرىمە رازى ئەمەسدۇر كىم دېمە، يىغلار مەنى
كۆز ياشىمدىن لالەزارى ئەيلەدىم نەيلەي يەنە.

پەرتەۋى ھۇسنۇڭ تەماشاسىن خەيال ئەتكەن ئۈچۈن،
ئانى بىر گۇلگۇن ئۇزارى ئەيلەدىم نەيلەي يەنە.

يارلىغ بۇدۇرمۇ، ئەي گۇلزارى ھۇسنى مۇمكىنات،
ئەلنى خىلۋەت ۋەقتى نارى ئەيلەدىم نەيلەي يەنە.

ناقىسى مىسكىننى قاۋمە ئىت كەبى ئاستانەدىن،
كېچەۋۇ كۈندۈزدە زارى ئەيلەدىم نەيلەي يەنە.

135

ھەزىنۇ ئەجز ئېرۇر سالىكغە رەھبەر ئەۋجى ئېرفانغە،
نىياز ئولماي يېتىشمەك مۇمكىن ئېرمەس يارۇ جانانغە.

ئىشكلەردە شەمال يەڭلىغ كېزىپ بولمە ھەۋاپەيما،
ئەدەب كۈنجىدە بولغىل مۇئتەكىف زىيب ئەيلە ئىمانغە.

تىرىك زاھىر ئارا دەپ جىسم پەرۋەرغە ئىلىك بەرمە،
ئۆلۈكدەك يوق ئىلە بارىڭنى تاپشۇر ۋاسلى جانغە.

قۇلاق، باش، قول، ئاياغدىن ئادەم ئولغان مۇئتەبەر ئېرمەس،
بۇ يول قەتئىدە بىھەد شەرت ئېرۇر مەشرۇتى ئىنسانغە.

قەزىردۇر يا مۇدىردۇر مەئنىدىن خالى ئەمەس زاھىر،
تەئەممۇلسىز نەزەر ئەينى خەتەردۇر ئۇشبۇ ئىمكانغە.

ئۇزۇندۇر قىسقا ئۇمرۇڭ يار يادىن ئەيلە، ئەي غافىل،
مۇھىتى دەھر ئارا كۆپ چەكمە زەھمەت ئابى ھەيۋانغە.

مۇساھىب بول ئەگەرچە خەسمدۇر دانا بىلە دائىم،
فىدا جان قىلسە ھەم يانداشماغىل ھەرگىزكى نادانغە.

ئىت ئولساڭ ھەم مۇقىمى ئاستانى بىر ئىشىك بولغىل،
ئەدەب بۇكىم، قەنائەت تەرك ئېتىپ يۈز قويمە ھەر يانغە.

ۋەفا كۆزلەپ جەھان ئەبنائىدىن ناقىس كەبى، ئەي دىل،
ئەدەدسىز رەنجۇ مېھنەت بارىدىن ھەبس ئولمە زىندانغە.

### 136

چەمەندە بەزم قىلغاچ خۇشلىقا ئەھبابلار بىرلە،
مۇئەددەب بولدى كۆڭلۈم بىلمەگەن ئادابلار بىرلە.
ئەگەر قىلساڭ تەمەننا شادلىق ھەر دەم جەمال ئاچقاي،
مۇساھىب بول قاراقاش دىلرەبا نايابلار بىرلە.
تىلەرسەن ئافىيەت ئالەمدە ھاسىدلار جەفاسىدىن،
لىباس ئەتمە تەنگگە شاھىيۇ كىمخابلار بىرلە.
غەنىمەت بىل تىرىكلىك كۈن يۈزىن مۈلكى سۈلەيماندەك،
تولا ئەۋۋارە بولمە بىۋەفا ئەسبابلار بىرلە.
خۇسۇمەت ئەيلەسەڭ ھەركىمگە ئاخىرغە باقىپ ئىش تۇت،
تولا ئوييناشماغىل قىلماي ئەدەب ئەربابلار بىرلە.
كىشى ئالدىڭدا سىرلىق بولسە ئەيلە ئېھتىيات ئاندىن،
ئاقىپ كەتتى بۇرۇنلار دارۇ دەپ سىمابلار بىرلە.
ۋەلى بولساڭمۇ ئىشنى يارىڭ ئالدىغە سالىپ قىلغىل،
پەيەمبەر ھەم قىلىپدۇر مەسلەھەت ئەسھابلار بىرلە.
ئېرۇر كۆڭلۈمدە ھەردەم بىر قارا قاشنىڭ خەيالىدىن،
دەما ـ دەم سەجدە قىلماق، ناقىسا، مېھرابلار بىرلە.

### 137

يار ھۇسنى پەرتەۋى تۈشكەچ كۆڭۈلدۇر چەترى شاھ،
جىلۋە قىلماڭ كېچەلەر ئەمدى ماڭا، ئەي چېھرى ماھ.
دېمەگىز ئەنجۇم فەلەك ئەۋجىدە ھەريان جىلۋەگەر،
كىم ئېرۇر چىققان شەرەرلەر ئىشق ئېلى چەككەندە ئاھ.
رەھمەتۇ قەھرى ھەقىقەتدە ئۆزىنىڭ فېئلىدۇر،
نې سەبەب رەھمەتكە تائەتدۇر، نە قەھرىگە گۇناھ.
دەۋر جەۋرىدىن كۆڭۈل ئازۇردە بولسام غەم يېمە،
كىم ئېرۇر مەيخانەدە پىرى مۇغان لۇتفى پەناھ.
دەستىگاھى ئاخىرەت قىلساڭ تەلەب ئازادە بول،
ئۆزلۈكۈڭدىنكىم بۇ تەرك ئەتمەك قىيامەت دەستىگاھ.
بەندە تائەت چاغى، ئەي ناقىس، ئەگەر خالىس ئېرۇر،
يوق بىلىپ ئۆزنى دېسۇن ھەقنى كۆرۇبان لائىلاھ ①.

① ئاپتور ئەسلى قول يازمىنىڭ ھاشىيەسىگە مۇشۇ سۆزنىڭ ئۇدۇلىغا كەلتۈرۈپ، «ئىللەلا۔ لاھ» دېگەن سۆزنى قوشۇپ يازغان.

138

شەۋقى رۇخسارى ئانىڭ قىلدى مېنى دىۋانە،
زەۋق ئېتەر كۆرسە ئەگەر شەمئ بىلە پەرۋانە.
تاپمادىم چەرخ ئۇرۇپ چەرخ كەبى دەۋراندا،
مېھرى يوق سەن كەبى بىر شىيۋە جەفا جانانە.
هۇققەئى لەئل دېسەم ئاغزىنى ئەيب ئەيلەمەڭىز،
دېدىڭىز تىشلارىنى دوستلارىم دۇردانە.
ئۇفۇق ئۇستىدە ئەمەس بارچە بۇلۇت ئاق تۇرغان،
ئول قۇياش يولىدەكى ئەسكى چاپان دىۋانە.
دېمەگىل فەقر بىلە فەيزىنى بولماس تاپىپ،
كىم ئېرۇر كۇنجى يەرى بارچە بىلۇر ۋەيرانە.
نازدىن قاچسە يىراق بولمە باقىشدىن نەۋمىد،
ئاشىقى خەستەگە ئول ئېرمەس ئىمىش بىگانە.
نۇش ئېتەركىمكى لەبى يادى بىلە مەي دۇردىن،
رىندىلەر بەزمىنى دەر مەئرىكەئى شاھانە.
قىلماغىل هۇش تۇرۇپ ئىشق سۆزدىن، ئەي ناقىس،
نۇكتە سۇر بادە ئىچىپ مەست بولۇپ مەردانە.

139

كۆيەر كۆڭلۇم چىراغى ئىشقدەك تۇرى تەجەللىغە،
كى ئېرمىش ئول مەهەللى دائىمى نۇرى مۇجەللىغە.
ئەگەرچە چەرخى ئەخزەر باشىغە خۇرشىد تاج ئولدى،
ئېرۇر مۇهتاج باشىن چەرخ ئېتىپ خۇرى تەجەللىغە.
غۇرۇرى زورىدىن، ئەي شىر، ئازار ئەيلەمە هەرگىز،
ئاياغىڭدا كۆرۈپ بىچارەۋەش مۇرى تەجەللىغە.
يەدى بەيزائى مۇسا بىرلە هەم ئېرفان يولىن ئاچماس،
زەلالەت دەشتىدە گۇلخەن نىشىن كورى تەجەللىغە.
كۆڭۈل نەخلى ئۇمىدى تۇخمىنى بىر ئاق تىكمىشكىم،
نەۋا بەرمەس كەمالى نازدىن سۇرى تەجەللىغە.
يارۇغ ئەتمەس جەهان ئەيۋانىنى مىڭ شەمئ كافۇرى،
سەهابى تىيرەدەك بەدبەخت مەهجۇرى تەجەللىغە.
بىهىشتۇ هۇرنى مەهشەردە هەرگىز ئاررزۇ قىلماس،
كۆڭۈلكىم خۇي ئالىپ ئۇلفەت تاپار هۇرى تەجەللىغە.

سرافىل سۇرىدىن ئويغانماغى مۇمكىن ئەمەس ھەرگىز،
قۇلاغىن مۇنتەزىر تۇتقان كىشى سۇرى تەجەللىغە.
①.................................................

## 140

خۇشدۇرۇر بەزم ئەيلەمەك ئەھبابى سادىقلار بىلە،
بادە نۇش ئەتمەك فەرەھ ئىستەب مۇۋافىقلار بىلە.
تىل قۇرۇپ نەم كۆرمەيىن كەتكۈك جەھان ② جاڭگالىدىن،
ئۇلفەت ئەيلەرسەن قۇرۇق تىل نارى ھارىقلار بىلە.
فارىغ ئولماسسەن كۆڭۈلنىڭ رەنجىنىڭ دارۇسىدىن،
ئىختىلات ئەتسەڭ جەھالەت پىشە ھازىقلار بىلە.
كىر فەنا دەيرىغە مەقسۇدۇڭ ئەگەر بولسە ئەمان،
رەنجە چەكمە، ئەي كۆڭۈل، مەسجىددە فارىقلار بىلە.
ئەيش ئەگەر تاپساڭ بۇ كۇلفەتخانەدىن پىنھاندا تۇت،
يولغە تۈشمە ھازىر ئول قەتتائى تارىقلار بىلە.
باردۇرۇر ئەنقا جەھان ئىچرە مۇۋافىق ئاشنا،
قىل قەنائەتكىم ئاداش ئولمە مۇنافىقلار بىلە.
كۆرمە ئۆزدىن كەم قوتۇر ئىت بولسە ھەم، دەرۋىشى سەن،
تاپتى شۇھرەت بىر نەچە ھەيۋانمۇ خارىقلار بىلە.
ئەلدىن ئۆتمەكدۇر غەرەز كۆڭلۈڭدە، ئەي دانا، ئەگەر،
كىرمەگىل مەجلىس ئارا بىئىلم سابىقلار بىلە.
تەرك ئېتىپ ئۇيقۇڭنى ھازىر بول ئۆزۈڭگە، ناقىسا،
كىم ئېرۇرسەن نەفسى شەيتان يەئنى سارىقلار بىلە.

## 141

كۆڭلۈم قۇشى پەرۋاز ئېتەر ئول سەرۋ گۇلرۇخ باغىغە،
بارماقنى ئەتكەن ئارزۇ ئاھۇ كەبى يايلاغىغە.
ھەجرىڭكى جان ئالماق ئىشىن بەردى ئەجەلگە، ئەي پەرى،
دېھقان كەبىكىم ئورمەسىن تاپشۇردى ئول ئورتاغىغە.

---

① ئەسلى قول يازمىدا بۇ يەردىن ئىككى مىسرا پەرسۇدە بولغان.

② ئەسلى قول يازمىدا بۇ سۆز «جەھان كەتكۈك» دەپ يېزىلغان، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن «كەتكۈك جەھان» دەپ ئېلىندى.

ھەريان ئەگەر ئەزم ئەيلەسەڭ مەن خەستەنى ئاگاھ قىل،
تەييار ئىتەي كۆڭلۈم ئىتىن ئەرگەش بولۇپ بارماغىغە.
ئەي گۇل بەدەن، ئىشقىڭ ئوتى ئالەمنى گۇلزار ئەيلەمىش،
بىلگىلكى بائىسى ئانىڭ ئاھىم ئوتى يانماغىغە.
چۇن تۈشتى مېھرىڭ پەرتەۋى جانىم ئارا، ئەي مەھلىقا،
مەكتۇبدۇر ئاتىڭ سېنىڭ تاش نەقشىدەك ھەر داغىغە.
كىرپىك بىلە سەيد ئەيلەدى يۈز مىڭ كۆڭۈل قاتىل كۆزۈڭ،
ھەرگىز قۇتۇلماس سەيدكىم تۈشسە ئانىڭ تىرناغىغە.
مەيدانىغە چۇن ئەزم ئەيلەدى ياغدۇرغالى ئاشىققە تاش،
گويا قەزا بەند ئەيلەمىش ئوقلار ئانىڭ ساغداغىغە.
ئەي تاش يۈرەك شىرىنلىقا، شىرىنمۇ ھەم قىلماپ ئىدى،
سەندەك جەفا، بارغان كۈنى فەرھاد قازغان تاغىغە.
ناقىس بۇ غەملەركىم چېكەر ۋەسلىڭ تىلەپ ئالەم ئارا،
باردۇر ئۈمىدى كۆڭلىنىڭ ھالىن ساڭا ئايماغىغە.

142

ئۈچتى كۆڭلۈمنىڭ قۇشى گۇلزارى ۋەھدەت سارىغە،
قالدى ھەسرەت ئىچرە بۇلبۇل نالە بىرلە زارىغە.
ئول پەرىۋەش ئالدا خامۇش ئىسەم ئەيب ئەيلەمەڭ،
كىم سوراپ بۇ سىرنى ئاڭلاڭ ئۇچراغاندىن يارىغە.
باغ ئارا گۇل بىرلە سۇنبۇل بەرگىدە غۇنچە دېمەڭ،
ئول كۆڭۈللەردۇر ئاسىلمىش زۇلفىنىڭ ھەر تارىغە.
قىلماسام دەۋر ئەھلىنىڭ دانالارىغە ئىختىلات،
نې قىلۇر ئېردى ئولار ھىكمەت جۇنۇن ئەتۋارىغە.
كىمكى يەتمىشدۇر سەبۇكەشلىككە دەير ئەھلى ئارا،
ئۆزنى تەڭ قىلماس جەھان بازارىنىڭ ئەتتارىغە.
مەئرىفەت شەرئىگە بولماي يوق ھەقىقەت سارى يول،
تانىماي مەھرەم، كىرىپ بولمەس سەلاتىن دارىغە.
بىلسەلەر ئېردى ئۆزىن ئۆلتۈرگەي ئېردى بايلار،
بىنەۋالارنىڭ ئولار تەۋرىدىن ئەتكەن ئارىغە.
يارنىڭ رەئنا قەدى نەخلىن مۇسەۋۋەر گەر چېكەر،
سۇرەتى دىۋار ئولۇر ھەيرەت قىلىپ رەفتارىغە.
چەكمە زەھمەت ناقىسى مەھزۇن كۆزىدىن، ئەي ھەكىم،
كىم ساقايماس تۈشمەگۇنچە يارنىڭ دىدارىغە.

**143**

ئەي، كۆزۈ قاشى مېنىڭ جانىمنى كۆيدۈرگەن بالا،
تاشلابان ھەجر ئىچرە ھەر كۈن نەچچە ئۆلتۈرگەن بالا.
ئىلتىبان كويىغە ۋەسلىدىن بىشارەتلەر بېرىب،
ئۆلتۈرۈپ كويى فەنا دەشتىدە كۆمدۈرگەن بالا.
ۋەسل خانىدىن تەمەتتۇ كۆز تۇتۇپ بارغاچ يەقىن،
ھەجرىنىڭ گىردابىغە بىر نەچچە چۆمدۈرگەن بالا.
ئاچچىغ - ئاچچىغ يىغلاتىپ كۆرگەچ مېنى ئۇششاق ئارا،
ئۆزگەلەرنى لۇتفۇ ئېھسان بىرلە كۈلدۈرگەن بالا.
لەئلى نۇشىدىن نەچە يىلدۇر مېنى مەھرۇم ئېتىپ،
ئول رەقىبى بىخىرەدنى نەچچە سۆيدۈرگەن بالا.
ئەيلەبان ئىتلارنى مەھرەملىغ بىلە كامىن بېرۇر،
كەم كۆرۈپ ئىتدىن مېنى ① ھىجراندا ئۆيدۈرگەن بالا.
ئاشنالارنىڭ ئەزىزى دەپ ئۆزىن تۇتسە ئۈمىد،
خار ئېتىپ دۈشمەنگە ناقىسنى ئېگىلدۈرگەن بالا.

**144**

ۋەھكى، ئەجەب دىلبەرى ئافەتى جان بولدىلا،
بارچەگە ياخشى بولۇپ، بىزگە يامان بولدىلا.
ھەجر ئارا تەرك ئەيلەسە جانىنى بىچارەلەر،
راست مەسىھا كەبى رۇھى رەۋان بولدىلا.
مەن يىقىلۇرمەن ئۆلۈپ ئەيلەسە ھەريان خىرام،
نېگە دېمەيسىز ئانى رۇھى رەۋان بولدىلا.
سورسە نېدۇر دەپ ئەگەر شورىشى ئاھىم مېنىڭ
دەڭكى، بۇ ئۇششاق ئارا شورۇ فىغان بولدىلا.
يولىدا كۆرگەچ قىزىل خاكى رەھىنى دەڭىز،
ھەجر ئارا بىچارەنىڭ كۆزلەرى قان بولدىلا.
ناقىسى دىلخەستەگە يۈزىنى ئاچماس ئىكەن،
سارغارىپ ھەسرەت بىلە چېھرە سامان بولدىلا.

---

① ئەسلى قوليازمىدا «كەم كۆرۈپ ئىتدىن بەتەر مېنى» دەپ يېزىلغان، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرقىدەك ئېلىندى.

**145**

... ... ... ... ... ... ... ... ... ...①

[ئول] لەبىكىم جىلۋەگەر ئالىدا جاناندۇر [مۇدام]،
تولدى جانى پاك دۇررىدىن ئانىڭ گەنجىنەسى.
بولسە ھەر رىندىكى ۋەھدەت بادەسىدىن مەست ئول،
قالماغاي ياخشى - يامان ھالىغە ئانىڭ كىنەسى.
ئەسفەلۇ ئەئلانى كۆڭلۇڭدە تەفاۋۇت قىلماغىل،
تا كۆرۈنگەي كۆزگە مەقسەد ئۆگزەسىنىڭ زىينەسى.
ئەي خۇشا، ئازادە رىندىكىم فەنانىڭ دەيرىدە،
ھال زەۋقى بىرلە فەردادۇر ئانىڭ دۇشىنەسى.
سالىك ئولساڭ ۋەقتىن ئۆتكەرمەي مەراھىل ئەيلە تەي،
كىم ساڭا بەرسۇن خەبەر ھەر شەنبەدىن ئازىنەسى.
بولسە ئىلكىڭ خالى مەبلەغدىن زەرب قىل بادە ئىچ،
كەلمەسۇن يادىڭغە ئۇمرۇڭ يىللارى پارىنەسى.
دىمە ناقىس لائۇبالىدۇر جەھاندا ئەي رەفىق،
كىم ئىرۇر ئول شوخنىڭ بىر بەندەئى دەيرىنەسى.

**146**

كۇل كەبى بولسە قىزىل ھەركىشىنىڭ سىماسى،
ئىشق فەييازى بىرلە باردۇر ئانىڭ سەۋداسى.
بولمەسە ئەھلى ۋەرەئ مۇھتەسىبى بىئىدراك،
دەير ئەھلىگە ئانىڭ بولماس ئىدى دەئۋاسى.
مەن كەبى ئىلكى قۇرۇغ كىرمەس ئىدى دەير ئىچرە،
بولمەسە لۇتفى بىلە مۇغبەچەنىڭ پەرۋاسى.
بادەگە مۇنكىر ئولۇپ شەيخى زەمان ھەر سائەت،
خانىقەھ ئىچرە نىدۇر مۇنچە ئىگىز غەۋغاسى.
يارنىڭ بىر نەزەرى ئەھلى نەزەر نەزدىدە،
پەردەدىن چىقسە كۆزۈڭ كەۋنۇ مەكان پەيداسى.
زاھىدى كور نەمەك مۇغبەچەدىن يۈز ئۆيرۈپ،
تاڭ ئەمەس بولسە ئەگەر ئىككى جەھان رەسۋاسى.
شەيخدە سەۋم ئىرۇر نەفسكە يەم - ياسماق ئۈچۈن،
كىم ھەمە شيۋەلەرى ئەلنى قىلىش شەيداسى.

① ئەسلى قول يازمىدا بۇ ئورۇن پەرسۇدە بولغانلىقتىن، تەخمىنەن 4 مىسرا يوقالغان.

ئەي كۆڭۈل، ناقىس ئۇچۇن ئەيلە تەرەب، ئەيلە تەرەپ،
كىم ئېرۇر خەتتى ئەزەل كاتىبىنىڭ ئىملاسى.

147

پەرى پەيكەركى نۇقلى مەجلىس ئېردى بارچە گۇفتارى،
ئېتاڭ يارۇتسە كۆڭلۇم مەشئەلىنى شەمئى رۇخسارى.
تولا ئېردى ئاگا باقماقدا مەن بىرلە شەرىك، ئەمما،
مېنىڭ بوينۇمغە تۈشتى بىر نەزەر، دەر زۇلفىنىڭ تارى.
جۇنۇن دەشتىدە مەجنۇندەك قۇيۇن ئۇلفەت بولۇر ھەركىم،
كى بولسە ئول پەرىدەك مۇشكى كاكۇل لەيلىۋەش يارى.
يولىدا خاكدەك بىر ئۇمردۇركىم ئىنتىزار ئولدۇم،
تەئالەللاھ، نە ئىستىغناكى كۆز سالماس مېنىڭ سارى.
ئۆتەرسەن، ئەي سەبا، كويىغە ھەردەمكىم ئۇمىدىم بۇ،
كى ھالىمنى بەيان گەر قىلماساڭ باردۇر دېگىل بارى.
تىرىكلىكدە ماڭا كۆرمەك يۈزىن بولماي بەھەم، ئۆلدۈم،
مېنى قويماڭ كەرەمدىن، دوستلار، ئول كويدىن نارى.
ئانىڭدەك مەھۋەن ناقىسكى ھۇسنىگە نىگارىمنىڭ،
مەلەك گور ئىچرە «ئاشىقمۇ؟» دېسە، دەرمەن قوپۇپ «ئارى».

148

ئەي، نۇرى رۇخۇڭ كۆزۈم زىياسى،
جان بىرلە كۆڭۈل لەبىڭ بەھاسى.
ۋەسل ئىچرە قىلۇر ھەيانى پىشە،
كۆڭلۈمگە ئېرۇر كۆزۈڭ ئەداسى.
مىرئات قارار يۈزۈڭگە، ئەي گۇل،
ۋەھ، قايدا ئىكەن ئانىڭ ھەياسى.
مەھتاب ئىلە ھەم كېچە قارادۇر،
بىلدىمكى ئېرۇر ساچىڭ قاراسى.
ئايدەك يۈزۈڭگە كەمال بەرگەي،
مۇشتاقى ۋىسال ئانىڭ دۇئاسى.
ئول كۆزگە تولا ئىشەنمە كۆڭلۈم،
مىژگان ئارادۇر تولا بەلاسى.
پەيۋەستە ئاتار قاشىنى ئول مەھ،

كىرپىك ئوقىدىن كۆڭۈل ياراسى.
ناقىسنى دېمەڭ نە ئىشقە يىغلار،
كىم زاھىر ئېرۇر ئانىڭ جەفاسى.

149

مېنى ھەر كېچەسى بىر ئاي فىراقى،
فىغانلار چەكتۈرۈر دەپ: «ۋاي فىراقى.»
بارالمايمەن قاشىغە پەرتەۋىدىن،
قىلىپ جىسمىمنى گويا لاي فىراقى.
قارا ئات ئۆزرە شەھلىغ ئەيلەگەندىن،
گەدالىغ ياخشىدۇر ھەم تاي فىراقى.
ئانىڭسىز ئەنگوبىن ئىچمەنكى ھەردەم،
ماڭا بەس يادى بىرلە چاي فىراقى.
بوغار بوغزۇمنى غەمنىڭ تۈنلەرىدە،
دېمەسمەنكىم ئەدەبدىن ھاي فىراقى.
مۇيەسسەر بولسە جەننەت ئاندىن ئايرۇ،
قىلۇر جەننەتنى گويا ساي فىراقى.
فەقىرۇ مۇستەھەقلىقدىن غەمىم يوق،
ۋەلې ئۆرتەر مېنى بىر باي فىراقى.
بۇ ناقىس كۆڭلىدۇر گويا تورۇمتاي،
ئۈچۇرۇر ھەر تەرەف تورغاي فىراقى.

150

جىلۋەگەر ئولدى ماڭا كۈن كەبى بىر پەيكەرى،
ھۇرۇ مەلەكدەك ئەمەس جىلۋەسى ياكىم پەرى.
ئەل كۆزى تۈشكەي ساڭا چەكمە يۈزۈڭدىن نىقاب،
كۆرمەگەن ئېرمىش جەھان سەن كەبى بىر دىلبەرى.
جىلۋە قىلۇرسەن ئەگەر ئەيلەمە ئەلگە نەزەر،
ۋەقتى قىيامەت ئەمەس تۈزمەكى بىر مەھشەرى.
ئىشقىنىڭ ئايىنىدا بارمۇ جەدىدۇ ھەرىد،
نېگە قىلۇرسەن ئەبا گەرچە بولۇبمەن قەرى.
كىمكى تەكەببۇر قىلۇر بولمايىن ئۈچ ئىش ئاگاھ،
ئىلم ئىلە جاھۇ غەنا بولدى خۇدايىم بەرى.

ساقىئى مەستانەگە قىلمە نەسىھەتكىم، ئۇل
ئەيلەدى ئەلدىن چىقىپ دەيرى فەنانى يەرى.
كۆزلەرى ئاھۇ كەبى بەرقى بەلادۇر نېتاڭ،
كىمگە تۇتۇپدۇر ئانى بادەئى ئەفسۇنگەرى.
ئاچمە يۈزۈڭنى بۇ كۈن پەردەدە قالدى قۇياش،
ھۇسنىدىن ئۇلغاچ خىجىل تۇتتى ئۆزىنى نەرى.
بەزمى ۋەفادا تۇرۇپ قىلمە جەفانىڭ سۆزىن،
كىم ئاڭا ئوخشا ئەمەس ھېچ جەھاندا شەرى.
ناقىسى دىلخەستەدۇر قۇيرۇغى كالتەك ئېشەك،
لېيك قىلالماس بۇ سۆز قۇيرۇغى يۈزگەز خەرى.

**151**

قىلمە، ئەي مەھۋەش، مېنى ھەجرىڭدە سەرگەردان بەسى،
تۆكتى ھەجرىڭدىن بەيابانلاردا كۆزلەر قان بەسى.
كۆزلەرىڭنى ئاشىقى مىسكىنغە كۆپ ئويناتماغىل،
كىم تۇشۇبدۇر لەرزەگە دىللاردەكى ئىمان بەسى.
ۋەھ، نە ھاجەتدۇر قىيىن قىلماقكى مەن خۇد ئۆلگەمەن،
سانچىلىپ جانىمغە ھەر سائەتدە ئول مىژگان بەسى.
كۆڭلۇم ئالدىڭ جاننى يالغۇز قويماغىل ھەسرەت ئارا،
رەشك ئېتىپ ئاندىن ۋىسالىڭنى تىلەيدۇر جان بەسى.
كافىرى ئىشق ئولسە قالمايدۇر كۆڭۈلدە ئىختىيار،
ئاغزىمە ئاندىن تولا ئاۋارەدۇر ھەريان بەسى.
كەلمەسۈن يانىمغە دەپ قويمىش نىگەھبانلار ئول ئاي،
بولغانى نەۋمىد ئوبدان ئىش ئەمەس مېھمان بەسى.
ناقىسا، دەۋران غەمى بىھۇدەدۇركىم بادە ئىچ،
قىلماغىل كۆڭلۈڭنى غەم سېلى بىلە ۋەيران بەسى.

**152**

ئاچىلۇر غۇنچە كۆڭۈل بولسە بەھار ئەيىامى،
بولغۇسى سۇبھ فەرەھ بىلسە كىشى غەم شامى.
بادە ئىچ گۇلشەن ئارا ئەيلەمە كۆپ ئۆزنى مەلال،
يوقدۇرۇر گۇل چاغىدا بادە پەرەست بەدنامى.
مەست ئولۇپ بىر نەزەر ئەت ئىبرەت ئىلە ھەر سارىغە،

ھەرنەكىم جىلۋە قىلۇر قويمە ئانى ئىبھامى.
گۆل ئەمەس رەڭگى قىزىل باش كۆتەرىپ تۇرغانلار،
ئاشىقى خەستە ئېرۇر ھەر بىرى بىر ناكامى.
①..........................................
دىمەگىل سادە كۆرۈپ يۈزىنى سەن رەئنا گۆل،
ئول يەتىمىكىم ئاڭا قىلمادى ئەل ئىكرامى.
ئول گۆلى ئەنبەر ئەمەس يۈزلەرىنى تۇك باسمىش
بىر جەھان گەشتى ئېرۇر زەخمى يىپگەن ئەندامى.
كۆكەرىپ جان تالاشۇر سەۋسەنى ئازادە ئەمەس،
بىر ئەلەمناكى ئېرۇر ھەرنەفەسى پەيغامى.
سۈنبۈلى تەر ئەمەس ئول بۇي بىرۇر ھەريانغە،
يارنىڭ كاكۇلىدىن كۆز تۇتادۇر ئارامى.
ئول گۆلى سەببەر ئەمەس چىھرەسىدە سارىغلىق،
ئوق ئۇرۇبدۇر ئاڭا بىر مەھۋەشى كۆز بادامى.
ئىشقىپىچان دىمەگىل چەكتى فەلەك گەردۇنغە،
بىر كۆكۈلدۇركى قىلۇر ۋەسل ئۈچۈن يۈزدامى.
ھاسىل ئولكىم بۇ جەھان گۆللارى ھەم غەمسىز ئەمەس،
دەردۇ غەم تاغلارىدۇر باغلارىنىڭ ھەر تامى.
ئەيلەمە بىھۇدە سۆز گۆلشەن ئارا، ناقىسكىم،
قىل ۋەتەن ئەمدى بارىپ دەيرى فەنا ھەممامى.

153

ئاھكىم، ياد ئەتمەس ئول مەھبۇب سىيمىن تەن مىنى،
گەرچە يادى ئەيلەدى دىۋانەئى گۆلخەن مىنى.
ئۆمرلەر كويىڭدا ئىتلار ئۈلفەتىن بىلدىم شەرەف،
قاۋۇمە بىداد ئېتىپ ئەي شوخ چابۇك فەن مىنى.
تاپمىش ئول گۆل سۆھبەتىن باغ ئىچرە ھەر زاغۇ زەغەن،
كۆيدۈرۈر لىكىن فىراق ئوتىدا بۇ گۆلشەن مىنى.
قىلمە ھەرگىز ماۋۇ مەنلىك، ئىستەسەڭ ئەمنۇ ئەمان،
كۆركى نې قىلدى بەلالار ئىچرە ماۋۇ مەن مىنى.
گەر كۆرەرسەن زاھىرىم ئاشۇفتەۋەش، ئەي مۇددەئې،
تۇز ئېرۇر كۆڭلۈم مەلامەت قىلمە ھەرگىز سەن مىنى.
ئەيلەگەچ ۋەسفىن ئول ئاينىڭ ھەركۆنى مىڭ مۇنتەزىر،
ناقىسا، تۇتماس بۇ ئىشدا ھىچ مۇستەھسەن مىنى.

① ئەسلى قول يازمىدا بۇ ئورۇن پەرىشەدە دوغانلىقتىن، 4 مىسرا يوقالغان.

## 154

بولدى ئۇل لەيلۇەش ئىشقىدا كۆڭۈل مەجنۇن كەبى،
بەلكى مەجنۇن هەم ئەمەس بولغان مەنى مەهزۇن كەبى.
نې تەرەههۇمسىز پەرىدۇرسەن سەن، [ئەي] شىرىنلىقا،
ئەيلەدىڭ فەرهاددەك يۈزمىڭنى مەن مەفتۇن كەبى.
يىغلاتىپ هەر كىچە مەن مىسكىننىڭم زار ئەيلەدىڭ،
بولدى ئەشكىمدىن كۆزۈم ئەمدى مىنىڭ جەيهۇن كەبى.
ياد ئېتىپ قەددىڭنى باغ ئىچرە كىرىپ قىلدىم نەزەر،
كۆرمەدىم سەرۋى چەمەندە ئۇل قەدى مەۋزۇن كەبى.
گۇل يۈزۈڭ مۇشتاقى بولماقدۇر سەبەب ۋەسلىڭغە كىم،
بولدى شەۋقىيۇ بەلاكەشلەر يىراق شەمئۇن كەبى.
هەجر ئارا لەب تەشنە ئۆلگەننى شەرابى خولد هەم
ئەيلەمەس سىيراب هەرگىز ئۇل لەبى مەيگۇن كەبى.
يوق كۆڭۈللەرنىڭ نىجاتىغە سەبەب هىرس ئوتىدىن،
ياخشىراق، ئەي بىخەبەر، ئۇل كاكۇلى مەيمۇن كەبى.
ناقىسا، كۆڭلۈڭنى يارىڭدىن ئالىش ئىمكانى يوق،
نەقدى جان بىرلەكى ئىلكىدە ئەمەس مەرهۇن كەبى.

## 155

هۇسن ئەگەر يۈز جىلۋە ئېتەر نەززارەگەر ئازغاشماغاي،
شەمئىنىڭ پەرتەۋسىدىن پەرۋانەلەر تارقاشماغاي.
ئاشنا بولماي نەفەس ئىزهارى مەتلەبدۇر غەلەت،
بولماسەن قاسىد ۋەسلە ئۇل پەرى مۇڭداشماغاي.
كۆپ ئېرۇر گەرچە كۆڭۈل مەقسۇدىنىڭ سارىغە يول،
يۈرمەسەڭ بىر يول [ئىلە] مەقسەد ساڭا ئۇچراشماغاي.
ئىچمە يادىدىن بۆلەك مەينى تاپىشساڭ يار ئىلە،
ئەرزى هال ئەيلەردە لەفزىڭغە نەفەس پۇتلاشماغاي.
ياخشىلىق ئورنىغە قىلماق ياخشىلىق خىسلەت ئەمەس،
ئادەم ئولدۇركىم ئىشەكدەك بىر - بىرىن قاشلاشماغاي.
مەرد بولساڭ قىل يامانلىق ئورنىغە سەن ياخشىلىق،
لىك يۈرمەكدە يولۇڭ ئۆزرە غەرەز قاپلاشماغاي.
تاشلاغىل شەهۋەت* خەيالىدىن باش ئۇرغان فىكرىنى،
تاكى ئۇيقۇڭ ئىچرە شەيتانىنىڭ قوڭى چاپلاشماغاي.

ئادەت ئەتكەن ۋىردۇ ئەۋرادىڭنى كۆپ تەرك ئەتمەگىل،
كىم مۇبادا ناگەھان كەلگەن بەلا ساپلاشماغاي.
ناقسا، دەۋراندا ياراندىن ۋەفا كۆز تۇتمەكىم،
ئاقىبەت كىمدۇركى سۇھبەت تەرك ئېتىپ تاشلاشماغاي.

**156**

فەنا باغىدا باش چەككەن تىكەن نەخلى ۋەفا بولغاي،
قاچان ئەھلى فەنا ئالىدا ئىش بولغاي جەفا بولغاي.
جۇدالىقدىن ئەمەس ئاشىقغە ھەر قانكىم ئاقار كۆزدىن،
كى ھەردەم جىلۋەگەر ئالدىدا ئول گۇلگۇن قەبا بولغاي.
ئەتىلمىشدۇر تەكەببۇر مازىدىن، ئەي خاجە، بۇرنۇڭكىم،
ۋەگەرنە قاسدى گىيسۇيى مەقسەدىنىڭ سەبا بولغاي.
ئېرۇرسەن مۇبتەلا دائىم يوق ئولغاندىن رىزاسىندا،
بەلا كۆرمەس قايۇ باشكىم ئانىڭ مەغزى رىزا بولغاي.
يېتەلمەس مۇددەئاسىغە كىشى ئۆزلۈكىنى يوق قىلماي،
دېمە فانى كىشىنىكىم ئانىڭدا مۇددەئا بولغاي.
قاراپ كۆرمەي قارا كۆزدە، قارا يۇقتۇرسە ھەر ئادەم،
قەرارىن يوق قىلىپ كۆڭلى داغى يۈزى قارا بولغاي.
پىلەك چەكسە فەلەك سارى كۆڭۈل فىكرى ئۈزۈپ تاشلا،
فەنا لەۋھىدە ئەبجەددىن نە نۇن بولغاي نە فا بولغاي.
قەزا بىرلە ئەدا فەرقىن قەبۇلىيەت بىلۇر، ئەي دىل،
سەنۇ مەندىن ئەدا لازىم نەكىم ھۇكمى قەزا بولغاي.
فەلەك زىرۇ زەبەر قىلسۇن ئۇشول مۇفلىس فەلاكەتنى،
كى دۇشمەن ئىشىق سىررىغە بولۇپ خەسمى فەنا بولغاي.
مەكان تەركىدە، ئەي ناقىس، ئەمەس مۇمكىن مەكىن بولغاي،
مەكان ھەم يوق، مەكىن ھەم يوق، نەكىم بولغاي خۇدا بولغاي.

**157**

ساز ئەيلە مۇترىب بۇ كېچە تەنبۇرى خۇش ئاۋازنى،
كىم فەسلى كۈزدۇر غەم تۈنى، ئىزھار قىلغىل يازنى.
چۇنكىم ئوقۇر بولساڭ غەزەل ئۇششاقنىڭ سىررىن دېمە،
سادىق ئېرۇر ئاشىق ئەگەر ئىزھار قىلماس رازنى.
قىلساڭ نەزەر ئىشق ئەھلىگە ئاھەڭگى ئۇششاقىڭ ئارا،

ئەيلەپ تەغافۇل دەم ـ بەدەم ئاشۇرمە هەددىن نازنى.
ئۈچتى كۆڭۈلنىڭ كەكلىكى نەخلى قەدىڭغە قونغالى،
سالغىل كەرەمدىن، ئەي پەرى، قۇ ـ قۇلاتىپ شەهبازنى.
قىلغىل تەرەننۇم راك ئىلە ئۆز هالنى بەزم ئىچرەكىم،
بىر جەزبە تەگسۇن يوق قىلاي ئەنجام ئىلە ئاغازنى.
بەزم ئىچرە هەريان باقماغىل، كۆڭلۈمگە ئوتنى ياقماغىل،
تەرك ئەت ئەدەب مەيدانىدا ئەي شوخ، تۈركۇ تازنى.
قىلدىڭ نەزەر هەر سارىغە ئول قارچىغاي كۆزلەر بىلە،
ئۆرگەندى ئاندىن هەر تەرەف ئاشىق كۆڭۈل پەرۋازنى.
هۇسنۇڭنى كۆرمەي كۆزلەرىم كويۇڭدا هەر يان تەلمۈرۈر،
هاجەت ئەمەس كۆيدۈرگەلى قىلماق يەنە پەردازنى.
مەيداندا قىلسۇن گوي دەپ باشىمنى قىلدىم خاكى رەه،
ئىلكىڭگە ئالساڭ نى بولۇر چەۋگانۇ گويئەندازنى.
ناقىس شىكارىڭ بولغالى ئالدىڭغە چىقتى غازدەك،
سەيد ئەيلەدىڭ ئۆردەكنى سەن مەهجۇر قىلىڭ غازنى.

**158**

پەرىۋەشكى پەرىلەر ئەسرى قۇللابى،
كۆڭۈل باغلاسە نىيتاڭ سىيكىلەكى تابى.
فىراقى ئىچرە سىرىشكىم بولۇبدۇرۇر دەريا،
ۋەلىك جانى بەلاكەش ئىچىدە مۇرغابى.
قارارسە هەجر ئارا كۆزلەر نە غەم هەمىشەكى بار،
قۇياش شۇئائىدىن ئارتۇق جەمالى مەهتابى.
قاشىڭنى كۆرسە يۈز ئۆيرۈر سىينىڭ سارى زاهىد،
بولۇر خەراب مەساجىد ئىچىدە مىهرابى.
قەلەندەر ئولمەسە هەركىم هەرىفى ئىشق ئېرمەس،
هەرامدۇر ئاڭا مەيخانەنىڭ مەيلى نابى.
ئەدەب هەرىمىغە كۆڭلۈك قاچان بولۇر مەهرەم،
ۋەسسەلە بولمەسە پىرى مۇغاننىڭ ئادابى.
ۋىسال قەدرىنى بىلمەس كۆڭۈلنىڭ، ئەي تالىب،
فىراقى يارى ستەمگەر ئەزاب ئارا بابى.
مىنى فىراق ئارا كۆرگەچ شىكايەت ئەيلەمەگىز،
كى شۇكرى ۋەسل بۇ ئېرمىش ۋىسال ئەسهابى.
كۆزۈم هىلالنى كۆرگەچ، كۆرۈك، قىلۇر جىلۋە،

ئانىڭ ئۆچۈنكى قاشىڭدۇر قاشىدە ھەمخابى.
كۆكۆلنى بەرمە، رەفىقا، بۇ دەھر زالىغە كىم،
ھەلاك ئېتەر سېنى ئاخىر بۇ چەرخى دۇلابى.
ۋەفا يولىدەكى سابىت قەدەم ئېرۇر ناقىس،
دېگەيكى «سەببەتەكەللاھ» كەمال ئەربابى.

159

ئول چابۇكى خۇنخارە مەيدانىغە خىرام ئەتتى،
ئەيلەپ جىگەرىم پارە تىغىغە نىيام ئەتتى.
كەلدى غەمىنىڭ شاھى جان چەكتى ھەزىن ئاھى،
بېجھەت فەلەكى ماھى كۆڭلۈمنى مەقام ئەتتى.
ئىلكىگە ئالىپ تىركەش ھەريان سۇرۇبان ئەبرەش،
نەئلى ئۇرۇبان ئاتەش كۆيدۈردى تەمام ئەتتى.
بىر كۆرسە ئانى مەجنۇن ھۇسنىگە بولۇر مەفتۇن،
لەيلىگە كۆيۈپ نېچۈن ئىشق ئاشىنى خام ئەتتى.
ھەرچەندە بۇ دۇنيادە باردۇر كۆڭۈل ئازادە،
كۆرگەچ يۈزىنى سادە گىيسۇ بىلە دام ئەتتى.
ئول ماھ جەمالىدىن مەن تەلبە ھىلالىدىن،
دىل كويى سەفالىدىن جەمشىدىگە جام ئەتتى.
ئاشۇفتەلىكىم يەكسەر چۈن بىلدى پەرى پەيكەر،
قانىمغە پۈتۈپ مەھفەر ئەيشىمنى ھەرام ئەتتى.
ئول شوخى شەكەر غەبغەب كۆرمەيمۇ ئىدى مەكتەب،
بىقائىدەدۇر، يارەب، ھەر نەۋئى كەلام ئەتتى.
ئىشق ئىچرە ئەسىر ئولدۇم ئەنقاغە سەغىر ئولدۇم،
ئەفغانۇ نەفىر ئولدۇم ئەل ھەرنەچە نام ئەتتى.
ئەي غەررەئى چەرخى كەج، كۆپ قىلمە كۆڭۈلنى فەج،
سەندەك نەچچەنى ئەئرەج ئەيلەب قەدى لام ئەتتى.
ناقىس ئىدى بىر غەمكىن يوق ئېردى ئاگا تەمكىن،
ئول خاس كۆرۈپ رەڭگىن ئىنئامىنى ئام ئەتتى.

160

كۆڭۈل، ئىشق ئىچرە تۈشتۈك ئارزۇ قىلمە ئەمانلىقنى،
ھەۋەس قىلماس كىشى خۇمدان ئىچىدە مېھمانلىقنى.

ئىكـى - ئۈچ كۈن بۇ گۈلشەن ئىچرە مېھمانىسەن ئەجەبدۇركىم،
قىلۇرسەن ئىددىئا بۇلبۇلغە، ئەي گۈل، مىزبانلىقنى.
ئۇنۇتمە ياخشىلىقنى كۆز تۇتارسەن ياخشىلىق ئەلدىن،
فەراموش ئەيلە داغى بولسە ھەركىمدىن يامانلىقنى.
سۈلۈكى فەقر ئارا دەرۋىشلەرنىڭ خاكى راھى بول،
تەمەننا قىلمە خۇدبىنلەر ئارا شەيخى زەمانلىقنى.
گەدايى كوچەئى دىلدار ئولۇپ قىلغىل قەلەندەرلىك،
تەرىقەتدە تىبرىقغە ئالماغاي فەقرئەھلى خانلىقنى.
ئۆزۈڭنى ساتماغىل مەنمەن فەلان دەپ ئەھلى دەۋرانغە،
تىلەرسەن دەھر ئارا ئاسىبى دەۋراندىن ئەمانلىقنى.
ۋەجاھەت كۆز تۇتۇپ ئەسبابى جەمئىدىن بەلا چەكمە،
تەجەررۇد پىشە بول تەرك ئەيلە مۈلكۈ مالۇ جانلىقنى،
نىگارى مېھر خۇ كويىدا ناقىس بولدى سەرگەردان،
ئۈمىد ئەيلەر مەگەر بىر زەررە ئاندىن زەرفىشانلىقنى.

161

يار ۋەسلىدىن نەۋىد ئىزدەي گۈلىستاننى كېزاي،
سەرۋ - گۈل ئالىدا ھالىم بىلدۇرۇپ باغرىم ئېزاي.
ھەجر ئارا چەككەن سەئۇبەتنى ئەگەر نەزم ئەتمەدىم،
رىشتەئى جانىمغە ئەشكىم دانەسىن بىر - بىر تىزاي.
ئىشق ئارا مۈشكىللەر ئېمىش دەپ ئىشتىتىڭ، ئەي كۆڭۈل،
ئەرز قىل بىر جان ئىلە ھەرنەچچە مۈشكىلدۇر يازاي.
دەرگەھىغە ئەل نىشان ئىستەر مەنى مەھرۇمدىن،
كۆز ياشىم رەڭىدە بەيتۇللاھنىڭ شەكلىن سىزاي.
بىر فىغان، ئەي ئىشق، بەرگىلكىم قىيامەت ۋەھمىدىن،
جۇملەئى مەھشەرنى بىر ئاھى سەھەردە قوتقازاي.
ناقىسا، كۆڭلۈڭنى خالىس قىل نۇقۇشى غەيرىدىن،
ئول پەرى كويىدا جانىڭنى دېسەڭ گەر ئۇتقازاي.

162

ئې سەئادەتلىك كۆمۈشدۇركىم قولاغىڭ زىۋەرى،
كىم تەمەنناسىدا ھەسرەت يەر تەقەددەس زەرگەرى.
ھۆرى جەننەت ھۆسن بابىدا پەرىدىن خۇب ئېرۇر،

لىك بۇ ھەر ئىككىسى يەتمەس ساڭا، ئەي مۇشتەرى.
قەددۇ رەفتارىڭ تەمەننناسى ماڭا يالغۇز ئەمەس،
سەرۋ ئاندىن باش چىكەر، مۇندىن يۇرەر كەبكۇەرى.
ئەلنى دىۋانە قىلىپ قاچماغلىق ئەتتىڭ ئىختىيار،
كەسىب قىلمىشـدۇر مەگەر بۇ ئىشنى سەندىن ھەز پەرى.
مۇمكىن ئولغايمۇ خەلاس ئولماق كۆڭۈلگە تا ئەبەد،
كىم ئانى قەيد ئىچرە بەند ئەتمىش ساچىڭنىڭ چەنبەرى.
ۋەسل دەرباز ىغە يول تاپماقنى ئاسان كۆرمەگىل،
باردۇرۇر ھەر بىر قەدەمدە ھەجرىدىن بىر بەندەرى.
چەرخدىن تاپماس مۇرۇۋۋەت يامغۇرى مىڭ يىلغىچە،
گەر بۇ يەڭلىغ ياغدۇرۇر ئوتلار فىراقىڭ شەشـدەرى.
گەرچە ئالەم بارچەسى باردۇر غۇلامى دەرگەھىڭ،
رەھىمـدىن ناقىسنى ھەم دېگىل قۇلۇمنىڭ كەمتەرى.

**163**

تېگىپ غەمزەڭ ئوقىكىم ئەقدى كۆڭلۈمنى كۇشاد ئەتتى،
ھەمانا سىم ئىلە بىر ناتەۋان كۆڭلىنى شاد ئەتتى.
ئاقارماق تا ئەبەد مۇمكىن ئەمەس بەختى يۈزى ئولكىم،
جەبىنى ھىممەتىنى بەخىل زەڭگىدىن سەۋاد ئەتتى.
دېسەڭ خار ئولمايىن، ئەھلى زەمانغە ئىختىلات ئەتمە،
قالۇر تۇفراغ ئارا ھەركىم ئۇلار قەسرىنى ياد ئەتتى.
زەمان بىرلە ئانىڭ ئەھلى تەرەھھۇم ئەتمەدى ھەرگىز،
ئوشۇل بىكەسغەكىم ھەجر ئىلكىدىن ھەرلەحچە* داد ئەتتى.
فەلەك زالىغە كۆڭلۈڭ ئالدۇرۇپ ئۇمرۇڭنى باي بەرمە،
قاچان ئول بىۋەفا مەككارە ئەلگە ئېئتىقاد ئەتتى.
ئۇزۇلدى رىشتەئى ئۇممىد، ناقىس، ئاشنالاردىن،
ئەگەرچە ئۇلفەت ئالدى، بەزم تۈزدى، ئېئتىماد ئەتتى.

**164**

بۇ گۇلىستانىڭ بۇرۇنقىدەك سەفاسى قالمادى،
ھېچ گۇلنىڭ ھېچ بۇلبۇلغە ۋەفاسى قالمادى.
لالە ئەيشىدىن ھېنا باشىدا ئۆچلۈكنىڭ ئوتى،
ياسۇمەننىڭ تاجىغە قىلماس جەفاسى قالمادى.

ئىشقىپىچان باش ـ ئاياغ چىرماپ گۇلى سەدبەرگىنى،
سىندۇرۇپ بويىنىنى كۆرسەتمەس جەزاسى قالمادى.
سەۋسەنى ئازادە چۇن قامەت چىكىپ ئاچتى كۆزىن،
نەرگىسى فەتتانە يەتكۇزمەس بەلاسى قالمادى.
چۇن گۇلى ئەنبەركى بۇ ساچماق ئۇچۇن كۆرسەتتى بوي،
خوخە ئاتلىق بىر تىكەن قىلماس ياراسى قالمادى.
سەرۋ قەد چەكتىكى بىر سائەت تەماشا ئەيلەگەي،
سەرۋ قەدلەرنىڭ ئاڭا قىلماس ئىزاسى قالمادى.
گۇل ۋەفاسىزلىق قىلىپ قۇشلارغە نىشى خارىدىن،
بۇلبۇلى مىسكىندىن ئۆزگە مۇبتەلاسى قالمادى.
فانى بول، ناقىس، فەنادىن ئىلگەرى ئىبرەت ئالىپ،
بۇ فەنا گۇلشەندە بىر گۇلنىنىڭ بەقاسى قالمادى.

165

ئەي، قۇياش ھۇسنۇڭ قۇياشىنىڭ مۇھەققەر زەررەسى،
ئەيلەمىش شەۋقۇڭ كۆكۈللەرنى ۋىسالىڭ غەررەسى.
دىلرەبالار گەرچە ئەتمىش غەمزەدىن كۆڭلۇم فىگار،
مىڭ كۆكۈلنى سەيد ئېتەرسەن ئەيلەگەنىنىڭ مەررەسى.
بىسمىل ئەتمەك نې كېرەكدۇر خەستە كۆڭلۇمنى مېنىڭ،
كىم قىلىپدۇر پارە ـ پارە ئول ئالا كۆز جەررەسى.
ناۋەكى كۆڭلۇمگە يەتكەچ غەم يولى پەرچۇملادى،
گويىيا ئول ئوق ئىمىشدۇر قۇفلى دىلنىڭ فەررەسى.
بىيشەئى ھۇسن ئىچرە رۇخسارىڭ ئىمىشدۇر لالەزار،
كۆزلەرىڭدۇر يايلاغان ھەرياندا ئاھۇ بەررەسى.
يار ھىجرانىدا سۆز قىلمە ماڭا ئەنجىردىن،
كىم ماڭا بېھراق ئانىڭدىن ۋەسل باغى تەررەسى.
ۋائېزا، قورقۇتمە مەھشەر ئافتابى تابىدىن،
كۆيدۇرۇر ھەردەم مېنى ھىجران كۈنىنىڭ ھەررەسى.
باسماغاچ ياتقان كۆكۈللەرنى يولۇڭدا قامەتىڭ،
بولدى بۇ چەرمىغە ئىككى كاكولۇڭدىن دەررەسى.
ئەي كۆكۈل، تاپغاندا ۋەسلىنى نىگارى پاكىنىڭ،
ھازىر ئول ئازدۇرماسۇنكىم نەفسى دىۋە نەررەسى.
تۇتمىش ئېردى ئىلكىمە، ناقىس، تەنابى ۋەسلى يار،
كەستى ئول سەررىشتەنى نەيلەيكى فۇرقەت ئەررەسى.

166

قاشنىڭ پىكرى كۆڭۈل چەرخىدە كىم شەكلى ھىلال ئولدى،
مۇكەممەل شەيخ ئىرشادى بىلە ساھىب كەمال ئولدى،
قۇۋانغان خەلقنىڭ ئىكرامىدىن دەرۋىش ئىرمەسدۇر،
داغى ئولكىم كىشىدىن رەنجە يەتكەندىن مەلال ئولدى.
دىمە دەۋراندا ئەلنىڭ ماجەراسى باشىسى نىدۇر،
كىم ئول گىيسۇيى ئەنبەرباردىندۇر قىيلۇ قال ئولدى.
مىنى مەيخانەدە ئاشۇفتە كۆرسەڭ تەئنەگۇي ئولمە،
كىم ئۇشبۇ شىيۋەدىن بىر نەچچە مەندەك ئەھلى ھال ئولدى.
كۆرەرمەن دەپ يۈزۈڭنى چۇن مۇسەللا سارىغە چىقتىم،
رەقىبلەر ئۇچرادى يولدا ئەجەب بىر ئەكسى فال ئولدى.
جەھان گۈلزارىنىڭ بۇلبۇللارى مەئشۇقى گۈل ئىرمەس،
نىچۈكدىن ئول گۈلى رەئنانى كۆرگەن چاغدا لال ئولدى.
دىمە ھەر كىمنى سەن سەججادەۋۇ تەسبىھدىن سۇفى،
ئىرۇر قەتتائىبدىن قەسدى ئانىڭ گەر ئىززۇ مال ئولدى.
تولا ئەرلەر ئىرۇركىم زىيبۇ زىۋەردىن بۇلۇر خاتۇن،
تولا مەزلۇمەلەر بۇ ئىشنى تەرك ئەيلەپ رىجال ئولدى.
قاچان كۆڭلۈم تارىقغاي ئىردى ئىمكان باغىدىن، ئەي گۈل،
يۈزۈڭ يەڭلىغ گۈلۈ قەددىڭ كەبى نەۋرەس نىھال ئولدى.
بولۇبدۇر ناقىسى دىلخەستەنىڭ يارانلارى ئەغيار،
كى بۇ ھالىن كۆرۈپ ئايماس بىرى ھەرگىز ۋەبال ئولدى.

167

ساقىيا، بولدى كۆڭۈل غەمزەدە كەلتۈر مەينى،
مۇترىبا، تەگرى ئۈچۈن چال قۇلاغىمغە نەينى.
نە قىلاي دەھر ئازا جان تالاشىپ شەھلىغ ئۈچۈن،
قىلدى جانسىز چۇ ئەجەل جەمۇ فەرىدۇن، كەينى.
بولمەسە دارى فەنا ئۇشبۇ جەھان دارىغە،
تا ئەبەد بەرگەي ئىدى شامۇ دەمەشقۇ رەينى.
بىر كەرىم ئىستە، كۆڭۈل، بولماغۇسى كەم ھەرگىز
گەر ئەتا ئەيلەسە ھەم ھاتەمى بىرلە تەينى.
ئاشىقى بىخۇد ئىسەڭ يادى نىگارىڭ بەسدۇر،
كۆركى، مەجنۇن دىمەدى ساغىنادۇرمەن ھەينى.

Altunoq

بولسە ئول يۈز ھەۋەسى قايسى كۆڭۈل ئىچرە ئەگەر،
فەرق قىلماس ئىمىش ئول فەسلى بەھارۇ دەينى.
ناقىسى خەستە ئېرۇر يارى لەبى مەخمۇرى،
ئىچمەيىن نەيلەگەي ئول كېچەۋۇ كۈندۈز مەينى.

...

**168**

فۇرقەتىڭ بەھرىدەكىم دىل كېمەسى غەرق ئولدى،
كۆزلەرىم ئەشكى تۆكۈپ، كۆڭلۈم ئوتى بەرق ئولدى.
خالى ۋەسفىدە تولا ھەرف دېدى خەستە كۆڭۈل،
ئەكسى چۈن تاشلادى ئول ھەرفلەرىم ھەرق ئولدى.
كاكۇلى زۇلمەتىدىن مەغرىب ئىدى بارچە جەھان،
ئاچتى يۈز ئاشىق ئۈچۈن غەرب ھەمە شەرق ئولدى.
كۆپ ئىدى ۋەسلى چاغى ئىشق ئۈچۈن دەئۋاگەر،
سادىقۇ كازىب ئانىڭ فۇرقەتىدىن فەرق ئولدى.
ياشۇرۇن ئىشقىم ئىدى ئەل كۆزىدىن تەقۋادا،
يىغلاتىپ يادى لەبى پەردەلەر ھەم خەرق ئولدى.
ۋەسلىنىڭ گەۋھەرىگە مۇشتەرىمەن ئىشق ئىچرە،
يۈز قەنى جەۋھەرى جان گەرچە ئاڭا نەرق ئولدى.
ۋەسل ئېتىپ ئېردى ئۆزى كويىدا چۈن يالغۇز ئىدىم،
ئەمدىكىم ئاشىقى كۆپ ئۇشبۇ ئىشىم سەرق ئولدى.
ناقىسا، ئەيلەمە كۆپ ئىشقى سۆزىن ئەل ئىچرە،
كىم بۇرۇن خالىس ئىدىڭ ئەمدى سۆزۈڭ زەرق ئولدى.

**169**

بۇ دەھر فانىدە خاك ئەيلەگىل ۋۇجۇدۇڭنى،
تەزەككۈر ئەيلەمە ھەرگىز كۆڭۈلدە جۇدۇڭنى.
فەنا يولىدا غۇبار ئول مەلەككە چەككىل باش،
قىيام بىرلە ئەدا قىل كۆڭۈل سۇجۇدۇڭنى.
جەمالى يار شەرارى تەنىڭنى كۆل قىلسە،
قىسۇردە بولمەكى ئۆرلەت ھەۋاغە دۇدۇڭنى.
مەكانىڭ ئولدى رەفىقا ھەرەمى كەئبەئى ئىشق،
ئوت ئىچرە تاشلا ئۆزۈڭنىيۇ تارۇ پۇدۇڭنى.

①........................................
فەنا ھۇسۇلى كېرەكدۇر يوق ئەت نەمۇدۇڭنى.
نەسىمى كاكۇلى دىلبەر دىماغ ئىزدەر ئىمىش،
ئاراغە تاشلامە ھەرگىز ئەبىرۇ ئۇدۇڭنى.
②........................................

### 170

(بۇ غەزەل تەرتىبى ھـۇرۇفى ھىجا③ بىرلە مەنزۇمدۇر)

«ئەلىف» ئەلىف قامەت يۈزىن كۆردۈم قەدىم دال ئەيلەدى،
«بە» باقۇر چاغدا تۇتۇپ ھەيرەت تىلىم لال ئەيلەدى.
«تە» كى تەنھالىقدا ھەجرىدىن غەم ئېردى مۇنىسىم،
«سە» سەنا ئايتۇردا ھۇسنى ۋەسفى ئىقبال ئەيلەدى.
«جىم» جەمالىغە كۆزۈم تۈشكەچ كۆرۈنۈر بارچە، ئۇل،
«ھە» ھەيا قىلدىمۇ ۋەسل ئەيلەرگە ئېھمال ئەيلەدى.
«خە» خەيالىدىن خەلايىقنىڭ سۆزى ئېرمەس قەبۇل،
«دال» دەردىدىن دىلىم ئاغرىتتى بىھال ئەيلەدى.
«زال» زەررە ئىختىيارىم يوق ئانىڭسىز دەھر ئارا،
«رە» رەۋا بولغايمۇ ھىجران ئىچرە پامال ئەيلەدى.
«زە» زەرائەتگاھى ئىشق ئىچرە ساچىپ تۇخمى ئۇمىد،
«سىن» ساناپ مۇددەت كۈنۈمنى ئاي، ئايىم سال ئەيلەدى.
«شىن» شەرافەتدىن ئۈمىد ئەتمەك كۆڭۈلدىن خۇب ئىدى،
«سات» سەداقەت بولماغاچ زىللەتنى ئەھمال ئەيلەدى.
«زات» زىرائەت بولمەسە قىلغان ئەمەل مەقبۇل ئەمەس،
«تە» تەرىقى ئىشقىدىنكىم ئۆزنى ئەنزال ئەيلەدى.
«زە» زەرافەتدىن كۆڭۈل نازۇكلۇك ئەيلەر ئىكتىساب،
«ئەين» ئاشىقغە ھەمە ئالەمنى دەللال ئەيلەدى.
«غەين» غايىب دەپ تىلىگنى ئاچماغىل غەيبەتغە، كىم ④
«كاف» كافىرلارنى ھەم گۇمراھۇ زەللال ئەيلەدى.

---

①، ② ئەسلى قول يازمىدا بۇ ئورۇنلار پەرسۇدە بولغان.

③ ھۇرۇفى ھىجا — ئېلىپبە تەرتىپى، ئېلىپبە جەدۋىلى.

④ ئەسلى قول يازمىدا بـۇ مىـسرادىن كېيىن «فە» (ف)، «قاف» (ق) ھـەرپلىرى بىلەن باشلانغان مىسرالار يوقالغان.

«لام» لەب ئاچمە ئانىڭدىن ئۆزگەگە، ئەي بۇلھەۋەس،
«مىم» مۇلكىدىن سەنۇ مەندەككە ئەمۋال ئەيلەدى.
«نۇن»، نەۋا تاپتىم دەبان تەرك ئەتمە ئەجزۇ ئىنفىئال،
«ۋاۋ» ۋەفا قىلماقنى ۋاجىب بىزگە فەئئال ئەيلەدى.
«ھى» ھەدەف قىلغىل كۆڭۈلنى سەن خەدەڭگى ئىشقىغە،
«لامئەلىف» قەددىم پۈكۈلگەچ ئوقى غەربال ئەيلەدى.
«يا» يېمە دۇنيا غەمىنىكىم فەنادۇر ئاقىبەت،
ناقىسا، ھىرس ئوتى گەرچە لەبگە تەنجال ئەيلەدى.

171

(بۇ غەزەل تەرتىبى ھۇرۇفى ھىجا بىرلە مەنزۇمدۇر)

«ئەلىف» ئەۋۋەل چاغداكىم ئادەمنى پەيدا ئەيلەدى،
«بە» بىلىندۇردى ھەمە ئەسمانى، دانا ئەيلەدى.
«تە» تانىماق تەڭرىنى ھەر بەندەگە لازىم ئىمىش،
«سە» سەنا ئايماقنى مۇئمىنلەرگە ئىملا ئەيلەدى.
«جىم» جانىغە يېتىشمەككە بولۇپدۇر ۋاستە،
«ھە» ھەياتى جاۋىدان كۆرگۈزدى ئەھيا ئەيلەدى.
«خە» خىيانەتنى خەيال ئەتمەك كۆڭۈلنى سىندۇرۇر،
«دال» دىيانەت دادىنى بەرمەكنى دەئۋا ئەيلەدى.
«زال» زەرراتى جەھان زىكر ئايغالى مەئمۇردۇر،
«رە» رىيازەت ئاشىقى بىدىلنى رەسۋا ئەيلەدى.
«زە» زۇھۇلەتدىن كۆڭۈل ئالەمنى كۆردى پايدار،
«سىن» سەلامەت سۇرمەسى كۆزنى بىينا ئەيلەدى.
«شىن» شەرارەت تەرك ئېتىپ ھەددىدە قويماقدۇر قەدەم، ①
«ئەين» ئۇد ئەيلەب ئىبادەتنى تەمەننا ئەيلەدى.
«غەين» غۇربەت چەكمەسەك مەتلەب قولۇڭغا كەلمەگەي،
«فە» فەنا بولماق تەرىقىن دىلغە ئىنشا ئەيلەدى.
«قاف» قەنائەت بىرلە ئەنقادىن خەبەر مەئلۇم ئولۇر،
«كاف» كۆڭلۈك تاجىرىنى ئىشق سەۋدا ئەيلەدى.

---

① بۇ مىسرادىن كېيىن كېلىشكە تېگىشلىك بولغان «سات» (ص)، «زات» (ض) «ئىتقى» (ط)، «ئىزغى» (ظ) بىلەن باشلانغان مىسرالار ئەسلى قول يازمىدا كۆچۈرۈلمەي قالغان.

«لام» لەببەيكە دېمەك ۋاجىب ئىدى قىلغاچ ئىدا،
«مىم» مەئشۇقىڭى ھۇسنىنى مۇجەللا ئەيلەدى؛
«نۇن» نەۋبەت بىرلە كەتمەكدۇر جەھانى فانىدىن،
«ۋاۋ» ۋەفاسىز ئۆيدە جانلار ئاھۇ ۋەيلا ئەيلەدى.
«ھى» ھۇبۇتى ئادەمۇ ھەۋۋانى جەننەتدىن دېمە،
«لامئەلف» لازىم بۇ ئىشنى مۇمە ھەۋۋا ئەيلەدى.
«يا» يامانلىق يوق قىلىپ دەرياي ۋەھدەت ئىچرە گەر،
ناقىسا، كۆڭلۈڭ ئەگەر دەريا تەقازا ئەيلەدى.

مۇخەممەسلەر

1

ئەي كۆڭۈل، بول فەنا، جەھاننى ئۇنۇت،
كەچ زەمان ئەھلىدىن زەماننى ئۇنۇت،
ئەل ئارا ئەيلەگەن مەكاننى ئۇنۇت،
بارچە ئەفسۇن ئىلە بەياننى ئۇنۇت،
يەئنى ھەر ياخشىيۇ ياماننى ئۇنۇت.

ئەيلەمە ئارزۇ جەھان جاھىن،
كۆركى، نې ئەيلەدى جەھان شاھىن،
ھەر سەھەر يوق قىلۇر فەلەك ماھىن،
تەلەب ئەيلەپ ھەمىشە ئەل ئاھىن،
ھىممەت ئەت بۇ بۇزۇق دۇكاننى ئۇنۇت.

ئىشتىماد ئەيلەمە ھەياتىڭغە،
زىكرۇ تەھسىن ئىلە سىفاتىڭغە،
يوق بەقا بىر نەفەس سەباتىڭغە،
فىكر قىل دائىما نىجاتىڭغە،
خام سەۋدا بىلە ھەياننى ئۇنۇت.

كەچ ھەۋەس فىكرىدىن خۇدا بىلە بول،
سەبرنى پىشە قىل رىزا بىلە بول،
ئىزدەگىل ئاخىرەت دۇئا بىلە بول،
فانى بول ئاقىبەت بەقا بىلە بول،
ھەسرەتى سۇد ئىلە زىياننى ئۇنۇت.

ئىختىلات ئەيلەمە داغى ئەلگە،
خىرمەنى ئۆمرىنى بىرىپ يەلگە،
كىم تاپار ئاقىبەت ئەجەل بەلگە،
ئەيلەسەڭ ھەم مەكان ئىگىز تەلگە،
يەتكۈسى بۇ ئىداكى جاننى ئۇنۇت.

مال يىغماق ھەۋاسىنى تاشلا،
ئاقى بىرلە قاراسىنى تاشلا،
زۇلمەت ئىلە زىياسىنى تاشلا،
ئاتۇ قويۇ كالاسىنى تاشلا،
فىكرى بۇغداي بىلە سامانىنى ئۇنۇت.

ھەۋەسى ھوۋلىيۇ ژەمىن قىلمە،
قۇل كۆچۈن ھەر تەرەف كەمىن قىلمە،
ئەھلى ئەۋلادنىڭ غەمىن قىلمە،
نەفسىنى لاغىر ئەت سەمىن قىلمە،
فەھمەدان، فۇستان، فەلانىنى ئۇنۇت.

قىلمە بەختىڭ شىكايەتىن ھەرگىز،
بەكمەبە غەلىلەك شىكايەتىن ھەرگىز،
بەلكى ھەسرەت رەۋايەتىن ھەرگىز،
تاپماغايسەن نىھايەتىن ھەرگىز،
نەفئى يوق، رىئاھ ئىلە فىغانىنى ئۇنۇت.

سىدقۇ ئىخلاس ئىلە ئەمەل قىلغىل،
تەركى ھىرسۇ ھەمە ئەمەل قىلغىل،
كۆزنى بۇ ئىش بىلە ھەمەل قىلغىل،
كەۋكەب ئاز رىزقىنى بەدەل قىلغىل،
ئاقىسا ۋەھم ئىلە گۇمانىنى ئۇنۇت.

2

يەتتى سۇلتانلىغ كۆڭۈل خەيلىغە باشىڭنى كۆرۈپ،
مۇلك ئالۇر سەۋداغە تۇشتى تىيغى قاشىڭنى كۆرۈپ،
سۇردى لەشكەر ھەر تەرەف ئەسرارى قاشىڭنى كۆرۈپ،

AltunOg

قانغە تولدی دامەنی ئاشىق چاناشىڭنی كۆرۈپ،
بۆكتی هەریانغە لىچىن يەگلىغ قاراشىڭنی كۆرۈپ.

تا يۈزۈك مىهری تۇلۇن ئەيلەپ جەهاننی تۇتتی نۇر،
تاپتی ئالەم ئول يارۇغلۇق ئىچرە جەننەتدەك سۇرۇر،
باش چىقاردی كۆرگەلی هۇسنۇڭنی هەم ئەهلی قۇبۇر،
ئات قويارغە دايە هەيران ئولدی چۇن قىلدىك زۇهۇر،
قويدی گەۋهەرخان سەدەف يەگلىغ ئاداشىڭنی كۆرۈپ.

قىلدی ئالەمنی گۇلستاندەك يۈزۈڭنىڭ تابىشی،
سىندی ئول يۈز نۇرىدىن ئەفلاكنىڭ ئارايىشی،
قالمادی ئاندىن بۆلەك يۈزگە كۆڭۈللەر خاهىشی،
كىمگە يىغلايدۇر يۈزۈڭدىندۇر مۇقەررەر نالىشی،
تىترەشۇر بارچە كۆڭۈل ئورنىدا تاشىڭنی كۆرۈپ.

بولدی كۆلكۈڭدىن جەمىئی كان ئارا سيمۇ زەهەب،
ساكىنی مەيخانەۋۇ مەسجىد سىنی ئەيلەر تەلەب،
مۇبتەلايىڭدۇر ئەجەم خەيلی بىلە ئەهلی ئەرەب،
قىلسە ئاي، كۈن دەئۋىيۇ نىسبەت ساڭا ئىرمەس ئەجەب،
لەيلىيۇ شىرىن كەبی زىيبا قاياشىڭنی كۆرۈپ.

ئىردی ئالەم ئىشقدىن سەن كەلمىگەندە بىخەبەر،
ئاشىقۇ مەئشۇقدىن يوق ئىردی ئەل ئىچرە ئەسەر،
سەير ئىتەر ئىردی فەلەكدە ۋەجهی يوق شەمسۇ قەمەر،
سەن زۇهۇر ئەتتىڭ فىغانلار ئۆرلەدی شامۇ سەهەر،
نۇرلۇغ جەبهىڭدە مۇشكىن رەڭگی ياشىڭنی كۆرۈپ.

يوق فەنا دەۋراندا سەن يەگلىغ يەنە شىرىن فەنی،
ئەيلەر ئىردی ئارزۇ كۆرمەككە شىرىن هەم سەنی،
دۇر تۆكەر ئىردی تەبەسسۇم ۋەقتی لەئلىڭ مەخزەنی،
ئاشىقی مىسكىن ۋىسالىڭدىن تىلەر بولماق غەنی،
خۇسرەۋی ساهىبقىران يەگلىغ مەئاشىڭنی كۆرۈپ.

كۆرمەدی باغۇ چەمەن قەددىڭ مەسەللىك تۇبىنی،
سەن كەبی جانۇ كۆڭۈللەرنىڭ سۆيەر مەهبۇبىنی،

ئاشىق ئەتمەس ھېچ تالىب چۇن ئۆزى مەتلۇبىنى،
ئىستەمەس يۇسۇف ئەگەرچە، ئەي پەرى، يەئقۇبىنى،
بولدى ھەيرانىڭ مەلەك ئاشىق تالاشىڭنى كۆرۈپ.

ئاھكىم، ئول ماھ ئىشقىمنى مېنىڭ فەھم ئەتمەدى،
ھەرنېچە چەكسەم فىغانۇ نالە ھەم ۋەھم ئەتمەدى،
نې ۋەفاسىز يار ئىكەن ھالىم كۆرۈپ رەھم ئەتمەدى،
ئۆزگەلەردەك قاشۇ مىژگاندىن ماڭا سەھم ئەتمەدى،
رەھم قىلدىم، ناقىسا، دەپ كۆزدە ياشىڭنى كۆرۈپ.

3

ئەي سەرۋ قامەت، گۈللىقا، خۇرشىد تەلئەت سىيىم تەن،
ياقۇت لەبۇ ئۇقرە بىلەك، زەررىن كۈلەھ، گۈل پىرىھەن،
بارمۇ سېنىڭدەك دەھر ئارا ئەييارە خۇ مەككارە فەن،
زۇلفۇڭ كەمەندى بەند ئېتەر گەر زال بولسۇن ۋەر پىژەن،
كىم قىلدى يوق ئىشىق ئەھلىدىن يۈزىڭنى ئول چاھى زەقەن.

ئول قارە كۆزلەركىم باقار ئافاقغە ئوتلار ساچار،
مەھزۇن كۆڭۈللەرنى ياقار ھەرلەھزەكىم فۇرسەت تاپار،
ئۇششاقنى زۇلفۇڭ ئاسار ھەم تەۋسەنىڭ سەكرەپ باسار،
كىرپىكلەرىڭ چەھلەر قازار، گويا كۆڭۈللەرگە ياسار،
غەمدىن قۇتۇلماي ئۆلگەلى، ئەي ماھۋەش، بەيتۇلھەزەن.

خۇرشىد ئەمەس شەۋقۇڭ بىلە ئالەمنى رەۋشەن قىلمادى،
ئېرەمەس قەلەندەر ھەر كىشى ئىشكىڭدە گۈلخەن قىلمادى،
ئاشىق ئەمەس كۆز دۇررىدىن ھەركىمگە مەخزەن قىلمادى،
باغىڭى مەكۇيىڭ يادىدىن گۈللارنى خىرمەن قىلمادى،
گويا جەھەننەم چاھىدۇر، گۈل ئوتدۇرۇر ئېرەمەس چەمەن.

كۆرمەك تىلەر ھەر كۆز سېنى قىلسۇن نەزارە ماھغە،
نې ھەدكى باققاي بىھەيا ئايىنە سەندەك شاھغە،
بولماس مۇيەسسەر تەلئەتىڭ ھەر بىئەدەب گۇمراھغە،
جايىز ئېرۇر رەھم ئەتمەسەڭ غەفلەتدە چەككەن ئاھغە،
مەركىمكى دەئۋا ئىشق ئېتىپ بولسە سەلامەت جانۇ تەن.

ئەيلەر مەلەك كۆكدە هەۋەس ۋەسلىڭنى، ئەي پاكىزە هۇر،
جەننەتدە گەر سەن بولماساڭ يەتمەس كۆڭۈللەرگە سۇرۇر،
قىلساڭ گۇزەر تەئزىم ئېتەر گوردىن چىقىپ ئەهلى قۇبۇر،
گەر بولمەسە ئايدەك يۈزۈڭ قالماس كۆڭۈللەردە هۇزۇر،
باش چەكمەگەي سەن كىرمەسەڭ باغ ئىچرە هەرگىز ياسۇمەن.

سەۋدايىدۇر خالىڭ كۆرۇپ مېهرى فەلەك، ئەي سەرۋ قەد،
كۆرسە يۈزۈڭ مەجنۇن بولۇپ چۆلنى كېزەر ئەهلى خىرەد،
يوقدۇر خىرەدگە، ئەي پەرى، ۋەسفىڭنى قىلماغلىقغە هەد،
ئىللا دېمىش كۆرمەي سېنى، ئەي لالە رۇخ، قىرمىزى خەد،
خۇرشىد يۈزۈ جەللاد كۆز، كاكۇللارى مۇشكى خوتەن.

هەر تارى خەد بىر خىزرىدۇر، لەئلى لەبىڭ ئەينۇلهەيات،
بىر قەترە نۇش ئەتكەن كىشى كەلمەي ئەجەل كۆرمەس مەمات،
كاكۇللارىڭ زەنجىرىدىن مۇمكىن ئەمەس تاپماق نىجات،
بىيمدىن چىقار شەۋقۇڭ بىلە ئىشقىڭ بىلە تاپقان ۋەفات،
يۈز ۋەجهى بار ئىشق ئەهلىنىڭ دەرگە سېنى ۋەجهى هۇسەن.

هەيران ئېرۇر قەددىڭ كۆرۇپ باغ ئىچرە چۇن سەرۋى سەهى،
قۇمرى چېكەر ئاهى هەزىن هەسرەت بىلە هەردەم زىهى،
سارغاردى شەۋقۇڭدىن سېنىڭ، ئەي ماهۋەش، رەڭگى بەهى،
ئەۋجى مەلاهەت ئۇستىدە سەندەك يەنە يوقدۇر مەهى،
مېهرىڭ چىراغىدىن يارۇق دەۋران ئارا هەر ئەنجۇمەن.

كۆز كۆرمەمىش ئالەم ئارا سەندەك نىگارى نازەنىن،
ئۇششاقىڭ سۇلتانىسەن ئىلكىڭدەدۇر ئالتۇن نىگىن،
هەرياندا غەمزەڭ لەشكەرى ئەل قەتلىگە قىلمىش كەمىن،
لەرزان بولۇر مەهزۇن كۆڭۈل كۆرسە ئەگەر قاشىڭ خەمىن،
ئەمما، يېتەلمەس ۋەسلىڭگە چەكمەي كىشى بارى مەهەن.

هەركىم سېنى كۆرمەك تىلەر، قىلساڭ نەزەر بولغاي خىجىل،
ئاي بىرلە كۈن هۇسنۇڭ كۆرۇپ هەيرەتدەدۇر هەم مۇنفەئىل،
ئەيلەر هەۋەس كويۇڭ باشىن ياستانغالى هەم ئايۇ يىل،
ئەي مەهلىقا، خۇرشىد رۇخ، مەندىن بۇ كۈن بولغىل بەهىل،
ئاي كۈن كەبى شەۋقۇڭ بىلە سەير ئەيلەيىن بولماي زەمەن.

كۆكدە بۇلۇت ۋەسلىڭ ئىلەپ كۆزدىن تۆكەر ھەرلەھزە ياش،
ئەيلەپ تەغافۇل ئۆلتۈرۈر ھەردەم مىنى ئول ئىگكى قاش،
تەرك ئەتمەگۈم ئىشقىڭنى مەن گەر كەتسە ھەم فۇرقەتدە باش،
ناقىسغە قىل تەگرى ئۈچۈن بىر شىيۋەكىم، ئەي باغرى تاش،
فەرق ئەتمەسۇن ھەيرەت تۇتۇپ لەئلى يەمەن، دۇررى ئەدەن.

4

كىر فەنانىڭ دەيرىگە، ئەي مۇددەئىي، مەستانە بول،
رىندەئى بىباكلار بىرلە قوشۇل ھەمخانە بول،
شاھلىغ قىلماي ھەۋەس بولساڭ ئەگەر دىۋانە بول،
غەم يېمە دۇنيا ئۈچۈن ھىممەت قىلىپ فەرزانە بول،
تۇت ئىبرانلار دامەنىن تا لايىقى جانانە بول.

يار غەيرى فىكرىدىن ئەۋۋەل كۆڭۈلنى ئەيلە پاك،
بولمە سەرگەش ئوت كەبى تۇتقىل ھەمىشە ۋەزئى خاك،
ئەل ئازا رەسۋالىغ ئىزھار ئەت ياقاڭنى ئەيلە چاك،
چەك سەھەرلەر ياد ئېتىپ يارىڭنى ئاھى دەردناك،
ئاشنادىن قاچ يىراق يىگانەدىن بىگانە بول.

ئىستەمە ھەرگىز بۇ ۋەيرانخانەدىن ئەسبابى گەنج،
گەنج تەھسىلدە باغرىڭ قان قىلىپ كۆپ چەكمە رەنج،
① ..................................................
② ..................................................

ئۆز كۆڭۈل ئەھلى تەمەننادىن قەلەندەرگە قوشۇل،
قاچ زەلالەت چەيلىدىن بىر ياخشى رەھبەرگە قوشۇل،
ئىشقى سادىق بىرلە بىرزۇلفى مۇئەنبەرگە قوشۇل،
ھاسىل ئەت ئوتلۇغ نەفەس ئاندىن سەمەندەرگە قوشۇل،
رىندىيۇ بىباك ئولۇپ ئالەم ئارا ئەفسانە بول.

بولماغىل غافىل فەلەكنىڭ كەيدىدىن، ئەي بىخەبەر،
مالۇ دۇنيا قەيدىغە بەند ئولمە ھەرگىز قىل ھەزەر،

①، ② ئەسلى قول يازمىدا مۇشۇ ئورۇندىكى سەككىز مىسرا پەرمۇدە بولغان.

مەئرىفەت نەخلىغە سۇ بەرگىل سائادەت تاپ سەھەر،
خىرقە كەي ئىگىنىڭگە، ھىممەتدىن بىلىڭگە تاق كەمەر،
خانىمان تەرك ئەيلە ھۇ دەپ ساكىنى مەيخانە بول.

بولمە ئۇششاق سۆز، مەقالاتى ھەقىقەتدىن گەپ ئۇر،
قايدە بولساڭ قىسسەئى ئەھلى مۇھەببەتدىن گەپ ئۇر،
راھەتى جاۋىد ھاسىل قىل مۇشەققەتدىن گەپ ئۇر،
ھەر قايان باقساڭ ھۇسۇلى ئەينى ئىبرەتدىن گەپ ئۇر،
كەچ ئىمارەتدىن مۇقىمى ۋادىئى ۋەيرانە بول.

رىزق ئۈچۈن قىلمە كۆڭۈل لەۋھىنى ھەسرەتدىن خەراش،
ئەيب ئېرۇر ئەھلى خىرەددىن ئەل بىلە قىلماق تالاش،
قىلمە ئەقلۇ ئىلمىنى ھەرگىزكى ئەسبابى مەئاش،
مۇبتەلايى فاقە بولدۇم دەپ كۆزۈڭگە ئالمە ياش،
لازىم ئەتمە مىھنەتى بىھۇدەنى رىندانە بول.

ئەيلە ئىشرەت ئۆمر باغىنىڭ گۈلى چۈن تازەدۇر،
بادە رەڭگى زەئفىران مەڭزىڭگە گويا غازەدۇر،
سىنۇ سالىڭ كۈنلەرى ئەفئالىڭە ئەندازەدۇر،
خەم قەددىڭ، ناقىس، تۈگەنگەن ئۆمرىڭە خەمىيازەدۇر،
بولمە خاتۇندەك يۈرەكسىز، ئەر كەبى مەردانە بول.

5

تاكى باش چەكتى جەمالۇ قامەتىڭ ئالەم ئارا،
بولدى پەيدا ئىشق ئاشۇبى ھەمە ئادەم ئارا،
قالدى ئەربابى كۆڭۈل غەم دەشتىدە ماتەم ئارا،
قالسە تاڭ يوق، ئەي پەرى پەيكەر، كۆڭۈللەر غەم ئارا،
مۇبتەلا كۆرگەچ ئۆزىن ئول زۇلفى پىچۇ خەم ئارا.

بولدى لەئلىڭ شەۋقىدىن كەۋنەين ئارا كۆپ شورۇ شەر،
تۈشتى سەۋداغە ۋىسالىڭ بەيئىدىن جىننۇ بەشەر،
مەسجىدۇ مەيخانە ئىچرە سەندىن ئىستەرلەر خەبەر،
ھەسرەتىڭدىن، ئاھكىم، ئاشىقغە قان بولدى جىگەر،
ھېچ كۆز يوقكىم فىراقىڭدىن ئەمەسدۇر نەم ئارا.

چۇن كۆرۈپ ھۇسنۇڭنى كۆڭلۈمنىڭ مەجالى قالمادى،
ئەرزى ھال ئەيلەرگە، ئەي گۇلچېھرە، ھالى قالمادى،
كۆيدۈرۈپ ھەجرىڭ سەمۇمى پەرۇ بالى قىلمادى،
................................ ①
بىر يۈرەك يەڭلىغكى قان بولدى شەرابى سەم ئارا.

چەكتى جانىم ھەرزەمان ھەجرىڭدە بىھەد رەنجۇ دەرد،
بولدى جىسمىم تەۋسەنىڭ ئۆتكەندە قوغلاپ خاكۇ گەرد،
يوق ئەجەب بولدۇم دىسەم ئاشىقلارىڭ سانىدا فەرد،
بولماغاي فەرھاد ئىلە مەجنۇن ماڭا چۇن ھەمسەۋەرد،
بولسە تاڭ يوق ھۇرمەتىم بەشرى بىلە ئەدھەم ئارا.

چۈنكى بولدۇم ئىشـق دەشتىدە قۇلۇندەك بەد ئىنان،
قالمادى جانىمدا ۋەسلىڭ شەۋقىدىن بىر دەم ئەمان،
بولدى ھالىم، ئەي پەرى، ھەجرىڭدە كۈن كۈندىن يامان،
زەئفدىن جىسمىم قەلەمنىڭ نالىدۇر چېھرەم سامان،
ئېئتىبارىم قالمادى بىگانەۋۇ مەھرەم ئارا.

تاقەتىم تاق ئولدى، ئەي مەھۋەش، فىراقىڭدىن مېنىڭ،
ئېردى دائىم قۇۋۋەتىم يۈرمەكدە ساقىڭدىن مېنىڭ،
بولدى خەم قەددىم كەماندەك فىكرى تاقىڭدىن مېنىڭ،
مەتلەبىم نۇش ئېردى لەب ئاتلىغ بۇلاقىڭدىن مېنىڭ،
ھېچ ھاجى قالماغاي مەن تەشنەدەك زەمزەم ئارا.

ياد ئېتىپ قەددىڭنى ھەردەمكىم چېكەرمەن ئاھنى،
تىيرە ئەيلەر دۇدى ئاھىمنىڭ غۇبارى ماھنى،
كىمگە ئىزھار ئەيلەيىن ئەمدى غەمى جانگاھنى،
ئەيلەيەلمەن فەرق كۆرگەندە گەداۋۇ شاھنى،
بولدى مەجنۇن ئات ماڭا بۇ ۋەجھىدىن ھەمدەم ئارا.

ئەي پەرى، گۇلشەننى سەير ئەتتىم سېنى ئىستەپ بۇ كۈن،
تاپماغاچ بولدى ئۆلۈمنىڭ ئۇيقۇسى گويا پۇ تۈن،
ئۆرلەدى كۆككە بۇلۇتلاردەك دىماغىمدىن تۈتۈن،

① ئەسلى قول يازمىدا بىر مىسرا كۆچۈرۈلمەي قالغان.

قالمادى، ناقىس، كۆڭۈل فۇرقەتدە شۇ پولغاچ پۈتۈن.
بەرگى گۈلدەككىم ئېزىلمىشدۇر قالىپ شەبنەم ئارا.

### رۇبائەلار

1

ئول خالىقى ئەفلاكغە يۈز ھەمدۇ سەنا،
كىم بەردى قۇياش جىرمىغە ھەر كۈندە زىيا.
خەلق ئەتتى مەلەك بىرلە بەشەر قۇدرەتىدىن،
يوق كىمسەگە ھەدكىم دېگەي ئول چۇنۇ چەرا.

2

ئەمان ئىستەسەڭ سۆزنى ئاز ئەيلەگىل،
لەبىڭنى تىكىپ قىشنى ياز ئەيلەگىل.
دىلىمغە دېسەڭ يەتمىسۇن گەردى رەنج،
نىيەتنى تۈزۈپ دىلنى ساز ئەيلەگىل.

3

خىرەددىن ئەمەس ئەلگە بولماق يامان،
مۇۋاسانى تۇت ئىستەسەڭ گەر ئەمان.
ھەۋادىسكى مەخلۇق ئېرۇر گەرچە ئول،
ئۆزۈڭ خاھلاماي كەلتۈرەلمەس زەمان.

### قىتئەلەر

1

بار ئېردى موللا ئاتلىغ رو سىيائى،
ھەقىقەتدە ئېشەكدىن ئېردى جاھىل.
قولىدا سۇبھە ئېردى ئاغزىدا ۋىرد،
ئەزازىلدىن قاتىغراق ئېردى غافىل.
ھەرامۇ شۇبھەنى ئىتىسى ئەتادەك،
بىلۇر ئېردى ۋەلى ئەل ئىچرە ئامىل.

سانار ئېردى ئۆزىنى يانى ھاتەم،
ئەدى قارۇنغە ئەمما پىرى كامىل.
تەفەررۇس بىرلە بىلمەك بولدى لازىم،
ئەگەرچە بۇمەزەممەت كوپكە شامىل.
مۇنىگدەك ئادەمىينىڭ ئېئتىبارى،
ئەجەب، يوق بولمەسە، ئەي ساھىبى دىل.

2

(قىتئات ۋە تەۋارىخ)

راك ئىلە چەببەياد داغى سىگاھ،
بىر تۈزۈپ قىلماغىل ھەزەر ھەرگىز.
داغى ئۇششاق ئىلە بەياد ئايتۇر،
قاچمە، ئەي چارگەھ ـ نەۋا، ھەرگىز.
پەنجەگەھۇ نىش ئاۋەرەك تۈزسەڭ،
بارمۇ ئۆز ھالىدىن غەنا ھەرگىز.
كىم ئەجەم مۇلكىنى ئىراق دېسۇن،
قىلمايىن ئۆزلۈكىن فەنا ھەرگىز.

3

ئەي كۆڭۈل، ئەيلەمە ھەۋايى ۋىسال،
ۋەسلىنىڭ بائىسى ئۈزۈلمەك ئېرۇر،
گەرچە مەيخانەدە بۇزۇق كۆپدۇر،
بارچەغە مۇددەئا تۈزۈلمەك ئېرۇر.
چەكتى ئاشىق كۆڭۈل فىغان بىلە ئاھ،
ئاقىبەت مەي كەبى سۈزۈلمەك ئېرۇر.

4

دېدى بايغە بىر قەرى مادە ئات:
«يوق ئولدى قولۇڭدا مېنىڭ تايلىقىم،
بۇ يەگىلىغ خىساسەتكى ۋەزنىگدەدۇر،
قالۇر سەندە توختاپ ھەمە ئايلىقىم.»

خۇدا نەزدىدە بىشەك ئەفزەل ئېرۇر،
سېنىڭ بايلىقىڭدىن مېنىڭ بايلىقىم».

5

دېدى بىر قەرى سۇفىغە بىر مۇشۇك:
«كى ھىممەت يوقىدىن بولۇپسەن قاشاق.
ئاقاردى باشىڭ كەمبەغەللىك بىلە،
ماڭا بەرمەدىڭ باش تېرىپ، بىر باشاق.
ئىچىڭ قاپقارادۇر تاشىڭ ئاق سېنىڭ،
تاش ئاق ئىستەسەڭ مەندە ھەم بار تاشاق».

6

بار ئېردى بۇزۇغ بىر قەرى ئىلگەرى،
زىمىستان كەبى سۆزلەرى كۆپ ساۋۇق.
قىلىپ بىر كۈنى كارى ناشەرئىنى،
خالا سارى باردىكى، ئەيدى تاۋۇق:
«كى ئەي بىسەئادەت، ئاقارمىش باشىڭ،
تىق ئەمدى ... غە بولۇپ تۆك مامۇق».

7

دېدى بىر ئىتى بىر قاتىغ بايغە،
«كى ئەي كۆڭلى بىرەھم، باغرى تۆمۈر.
بۇ يۇندىكى بەردىڭ مىننەت ئەيلەپ ماڭا،
ئىچىڭ ئاغرىسە كەل كۆتەرىپ سۈمۈر.
كۆمۈردەك كۆيۈك نانىنى بەردىڭ [ماڭا]،
ئەگەر مىننەت ئەتسەڭ ئۆزۈڭئوق كۆمۈر».

8

دېدى بىر ئىنەك بىر بەخىل بايغە؛
«كى ئىچىتىڭ سۈتۈمنى ساغىپ ساقلاتىپ.
نە ھاجەت ساڭا مۇنچە ئاقساقلاماق،

مېنى ئاچ قويۇپ ئاچقە ئاق ساقلاتىپ،
چاي ئاقلاپ ئىچىپ قەدرىمە يەتمەدىڭ،
لەبىڭنى شوراپ ئەلگە مايماقلاتىپ».

9

(قىتئە فىتتەئرىخ)

تەرىقەت بىيىشەسىنىڭ سەيد جويى،
دېمىش ئەيسا خەلىفە ئەھلى تەھقىق.
سۇرۇشى غەيبدىن چۇن يەتتى قۇ - قۇ،
يۈز ئۇردى شەھ سارىغە قىلدى تەسدىق.
خىرەد تەئرىخ پەرۋازىغە ئېردى،
هېساب ئەت، ئەي بەرادەر، ھەرفى «ئاغرىق.»①

10

(قىتئە فىتتەئرىخ)

ئاساسى كاخ فەقرۇ ئادەمىيەت،
ئېدى مەملۇقدا ھاجى ناسىرىددىن.
مۇھىببى ئەھلى، دىل مۇشتاقى، ئېھسان،
مۇئىنۇ مۇشفىقى ئەربابى تەلقىن.
ئىشتتى چۇن نىدائى رېھلەتىنى،
تەۋەققۇفسىز ئاتىنى ئەيلەدى زىن.

11

(قىتئە فىلمۇزەممەتى)

بار ئىدى بىر بەرادەرى دىلكەش،
ئاتى ئېردى ئەل ئىچرە موللائەئزەم.
سۇھبەتى غەم فەزا ھەمىشە ئانىڭ،
نۇكتەسى ھەم تىلسىمدەك مەدغەم.
ھەرنېچە ھاسىل ئولسە مال ئىلە فۇل،
دەر ئىدىۥ «ئۇشبۇ كۈندە خەرجىم كەم».

① «ئاغرىق» سۆزى ئەبجەد هېسابى بويىچە ھىجرىيىسە 1311 - (مىلادىيىسە 1893 -) يىلىنى كۆرسىتىدۇ.

AltunOg

ئەھلى مەئنى دەر ئېردى بۇ سۆزگە:
«مەرھەبا، يا ئەخى، سەدەقتە نەئەم».

12

(قىتئە فىلمۇزەممەتى)

بار ئىدى بىر شىرىكى ئەسرۇ فەھىم،
نەھۋۇ مەنتىق ئۇلۇمىغە دانا.
ئېردى ئاتى ئەل ئىچرە مۇللا ھەلىم،
لىك ئېردى غەزەبدە بىھەمتا.
ئادەتى سەھۋ ئىدى ئۇنۇتماق ئىلە،
قىلسە ھەر ئادەمى مۇرۇۋۋەت ئاگا.
بىلمەس ئېردى ئۆزىدىن ئۆزگەنى ھەم،
مەنفەئەت ۋەقتىيۇ مەئىشەت ئارا.

13

(قىتئە فىتتەئىرىخ)

ئەقلەمى شەرئىيسىدە بىمۇختار،
ئېردى بۇ ئەسر ئاراكى سەئىدۇللاھ،
مەرجەئىي خاسۇ ئامى ئەھلى دىيار،
ئۇلەما فىرقەسىگە دەۋلەتخاھ.
فۇقەرا فەرۋەرۇ غەرىبى نەۋاز،
مۇھسىنۇ مۇتتەقىئى ھەشر ئاگاھ.
رىھلەت ئەتتى جەھانى فانىدىن،
بارچەدىن ئۆرلەدى فەلەك سارى ئاھ.

فىلمەرسىيە

بار ئىدى داۋۇد دەپ مۇلك ئارا بىر ئادەمى،
تەگرى ئەتاسى بىلە يوق ئىدى ئەسلا كەمى.
بىر ئوغۇل ئېردى ئاڭا زاھىد ئاتالغان ئاتى،
جانىغە قۇۋۋەت ئىدى كۆڭلىگە ھەم پەرچۇمى.
چىھرەسى خۇرشىددەك بارچە جەھانغە يورۇغ،

سۆزلەسە ئاغزى سۇيى بار ئىدى بىر زەمزەمى.
ھەزرەتى فەييياز ئاگا ئىلمىنى ئەيلەپ ئەتا،
خۇلق ئىلە ئادابىنىڭ ئىردىكى كۆپ مەھرەمى.
كىچەۋۇ كۇندۇز ئارا يادىغە كەلمەي خەتا،
مۇنسى ئەيلەپ ئاتا بۇ بولۇپ ھەم ھەمدەمى.
ئاتا رىزاسى بىلە تاغ سارى بولدى رەۋان،
يوق ئىدى ئەسلا ئانىڭ خىزمەت ئىشىدىن رەمى.
ئاھكى، چەرخى زەبۇن كىمسەگە بەرمەس ئەمان،
ھەر نىچە بولسە ئەگەر كۆڭلى ئىچىدە غەمى.
باردى قىزىل باغ ئارا، قوي كەبى يايلاغ ئارا،
ئۇردى تۇتەكلەر ئاگا مۇنقەتىڭ ئولدى دەمى.
يەئىنى قەزايى ئەزەل بىر كۇنى قىلدى كەسەل،
يەتتى باشىغە ئەجەل جانىنى چىقاردى فەمى.
قوپتى فىغانى خۇرۇش ئەيلەدى غەۋغاۋۇ جۇش،
تاغ ئىلى بولدى خامۇش ئاقتى كۆزىدىن نەمى.
گۇل كەبى تەننى ئالىپ كەلدى شەھەرگە يىتىپ،
بارچەنىڭ ئەقلى كىتىپ ئۇردى تەئەججۇپ بەمى.
ماتەمى بولدى، ھەمە يىغلادى بىھەد ئاگا،
چارەئى جەمشىد يوق سىنسە چۇ جامى جەمى.
بەردى تەسەللى بەسى يىغلامە ئوغلۇڭغە دەپ،
قايدا تۇرالغاي تىرىك قالماسە رىزقۇ يەمى.
بارچە نەمازىن ئوقۇپ ياندى يەرىدە قويۇپ،
دىدى ئاتاغە تۇرۇپ يىغلامە ئەمدى سەمى.
تەڭرىگە قىلمە گىلەھ، دىمە بۇ قايداغ بەلەھ،
بارچەدىن ئوبدان نىمە ھۇكمىغە گەردەن خەمى.
كۆر، قەنى ئادەم ئاتا، ۋەي قەنى ھەۋۋا ئانا؟
ئەيلە بالاڭغە دۇئا، ئەيلەمە كۆزنى ئەمى.

× ×

بۇ گۇلزار ئىچرە ئىش ھەرگىز يىغىدەك دىلفەرىب ئىرمەس①،
ئەگەر يوق بولسە يامغۇر ھەم دىگىل شەبنەم مەكانىدۇر.
مۇقىمى دەشتى ئۇلفەت بول ئاياغ ئۈز ئۆز مەكانىڭدا،

① بۇ شىئىر پارچە قەغەزگە يىزىلغان بولۇپ، قول يازمىنىڭ ئىچىگە سىلىپ قويۇلغان.

كى تولغاي نەشئەدىن جامىڭ مەكان زەمزەم مەكانىدۇر.
بىنا سۇ ئۆزرە قىلغاننى ھەماقەت دەپ بېرۇر دەشنام،
ئۆزى ئەيلەر ئىمارەتلەر بىلۇر قۇلزەم مەكانىدۇر.
كۆرۈنگەن يارى ھەمشەكىلىك ھەقىقەتدە ئېرۇر دۈشمەن،
كۆزۈڭ ئاچماي كۆرۈپ دەرسەن جەھان ھەمدەم مەكانىدۇر.
جەراھەتخانەدۇر ئالەم كۆڭۈل يوقكىم ئەمەس غەمكىن،
نە غافىلسەن دېدىڭ ئانى يەنە مەرھەم مەكانىدۇر.

× ×

مەي تۇت، ئەي ساقىئى گۈلچېھرە، دەما-دەم گەھ ماڭا①.
كىم غەمگىدىن بۇ كېچە بولدى جاھان باغى قارا.
(تۆگىدى)

(بېشى 179 - بەتتە)

— ماۋۇ ساختىپەزنىڭ مال-دۇنياسىنى ئېلىۋېلىپ، ئۇنى ئىلىم ئۆگىنىشكە سەرپ قىلايلى، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

مەككار بىلەن ھوشىسىز ئىشان مال-دۇنيالىرىنى يىغىپ مېڭىشقا تەييارلانغاندا باللار ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپتۇ. ھەقىقي ئەھۋالنى ئېيتىشقا مەجبۇرلاپتۇ.

ھوشىسىز ئىشان ئەھۋالنىڭ يامانلاشقانلىقىنى پەملەپ، سىرنى ئاشكارىلاپتۇ.

— مەن بىگۇناھ، ھەممە ئىشنى ماڭا ئاشۇ ئۆگەتتى، — دەپ مەككارنى پاش قىپتۇ.

ئۇلار مەككارنىڭ جاجىسىنى بېرىپ ئىككىنچى كىشىلەرنى ئالدىماسلىققا ۋەدە ئاپتۇ. ھوشىسىز ئىشانغا دۇنيانىڭ ئۈچتىن بىرىنى بېرىپ يۇرتىغا يولغا سېلىپ قويۇپتۇ، ئۇ يۇرتىغا بېرىپ كىشىلەر بىلەن ئوبدان چىقىشىپ، ياخشى ئىشلەپ، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى قارىقاش جايىتېرەك يېزىسىدىن: **ئەخمەت داموللام**
رەتلىگۈچى: **ئابدۇللا مەجنۇن**

① بۇ ئىككى مىسرا ئەسلى قول يازمىدا غەزەللەر قاتارىدا بېرىلگەن بولۇپ، ئاخىرى يوقالغان.

# مېۋىلەر ۋەسفى

## ئەخمەتشا قارىقاشى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: غوجەخمەت يۇنۇس

تەھرىر ئىلاۋىسى:

«مېۋىلەر ۋەسپى» ناملىق بۇ ئەسەر خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» دېگەن سەرلەۋھە بىلەن بىر قېتىم ئېلان قىلىنغانىدى. بۇ قېتىم بۇ ئەسەرنىڭ يەنە بىر قول يازمىسى غۇلجىدىن تېپىلدى. بۇ ئىككى خىل نۇسخىدا مىسرالارنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ۋە باشقا جەھەتلەردە بەزى پەرقلەر بولغاندىن باشقا، ئەسەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى، قۇرۇلمىسى ۋە مىسرالىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئوخشاش. شۇڭا بۇ قېتىم بۇ ئەسەرنى يۇقىرىقى ئىككى نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاپ قايتا ئېلان قىلدۇق.

ئىشىتىڭلار ھېكايە ئەي ياران،
مېۋەلەر ۋەسفىنى قىلاي ئەئيان.
باغ ئارا ناگەھان نەزەر قىلدىم،
ماجەراسىن كۆرۈپ ھەزەر قىلدىم،
مېۋەلەر بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ،
جەڭ مەيدانىنى ئەجەب قۇرۇشۇپ.
قىلادۇر ئۆز - ئۆزىنى يەئرىفات،
ئۆزىدىن ئۆزگەلەرنى قىلدى ئۇيات.
ئەۋۋەل ئايدىكى ئۈجمە: «ئەفزەل مەن،
نە ئۈچۈنكىم بارىدىن ئەۋۋەل مەن.
مەن پىشۇرمەن بەھار ۋەقتىدە،
مېنى يەر خەلق نەھار ۋەقتىدە.
ئاشى يوقلار مېنى غىزا قىلدى،
ھەمە ئەللەر ئاياغىمغە يىقىلدى.
كىردىم ئەلنىڭ جان ئاراسىغە،
يوقسىز ئەل يەر مېنى غىزاسىغە.
مېۋەلەر ئىچرە مەندۇرمەن ئەفزۇن،
ماڭا شاگىرت ۋامىقۇ مەجنۇن.»
ئۈجمە سۆزلەپ كېتىپ ئۇشبۇ سائەت،
كى ئۆرۈكلەرغە يەتتىلەر نەۋبەت.
ئۆرۈك ئايتۇر كېلىپ: «ئەي ئۈجمە،
تولا ھەددىن زىيادە لاپ ئۇرمە.
سېنى ئەي ئۈجمە، ئىت - ئېشەكلەر يەر،
مەن ھەم بولماغاچ زەرۇر سېنى يەر.
يەنە ھەم يەر سېنى غەرىبۇ گەدا،
بولادۇر تۆشكەنىڭ ئېشەككە غىزا.
تېپەدۇر غەرىبلەر ئاياغى بىلەن،
ئۇرادۇرلار باشىڭغە تاياقى بىلەن.
يەنە ھەم يەر سېنى قۇشقاچلار،
كى زەرۇرەتدىن يەر سېنى ئاچلار.
ھەمەدىن ئىلگەرى بولۇرسەن خەزان،
بىر زەمان سەندە يوقتۇر ھەرگىز ئەمان»
ئۈجمەلەرنى ئۆرۈك ئۇيات ئەتتى،
بۇ سۆزى بىرلە بەلكى مات ئەتتى.
ئۆرۈك ئەمدى بۇ سۆزلەرىن تاشلاپ،
ئۆزىنىڭ ياخشى ۋەسفىنى باشلاپ:

«ئالەم ئىچرە يۇزۇم چىرايلىقتۇر،
ئول سەبەپتىن ھەمە ئەل ئاشىقتۇر.
بۇ جەھان ئىچرە مەندۇرمەن ئەفزۇن،
ماڭا شاگرىت ۋامىقۇ مەجنۇن.
دېدىلەر: ئىشقىسىز مىسالى كېسەك،
ئىشقى يوق بولسا ھەر كىشىكى ئېشەك.
ھەر زەمانىكى غورا بولسا ئۈرۈك،
بۇلادۇر يېگەلى جەۋانلار سۈزۈك.
مەندۇرمەن باغ ئارا ئىچىمدە مەغىز،
بارمۇ ئالەمدە مەغىزدەك لەزىز.
قىلاي ئەمدى سۆزۈمنى قىسقا تەمام،
قىلماسۇن ئەيب چۈنكى خاسۇ ئام.
ئەيبدۇر قىسسەنى ئۇزۇن ئەتكەن،
ئۆزىدىن ئۆزگەنى فۇزۇن ئەتكەن.»
بۇ ئۆرۈكنىڭ ھېكايەتىن ئىشىتىپ،
يۈگۈرۈپ كەلدى ئالمالار يېتىشىپ.
ئالما ئاچچىغلاشىپ ئۆرۈك بىرلەن،
ماجەرا قىلدى ئەجەب سۆز بىرلەن.
ئالما ئايدىكى: «ئەي ئۆرۈك مېھنەت،
سارغايىپسەن تولا چېكىپ زەخمەت.
ئەي ئۆرۈكلەر ھەمە بولۇپسەن ئاغرىق،
ئاغرىقىڭ بولۇپتۇر ئەجەب قاتتىق.
ئاغرىقىڭ شىددەتىدىن جۆيلۈپسەن،
ئەمدى ھالىڭ بۇ بولسا ئۆلەرسەن.
ساق بولسا بۇ سۆزلەرنى سۆزلەرمۇ،
ئۆزىگە يۈز ئەلەمنى كۆزلەرمۇ.
مەغزى بار دەپ بەئزەسىن چاقسە،
چىقادۇر قۇرۇق پۈچەك ئىچىن باقسە.
مەغزى چىقسە ئالىپ ئاغىزغا سالۇر،
زەھەر ئىكەن، دەپ تۆبەن باقىپ تۆكەرۇر...»
ئالما بىر نەچچە ماجەرالاشىپ،
بۇ ئۆرۈكلەرگە بولدىلەر غالىب.
ئالما ئەمدى سۆزىن ئەيان ئېتەدۇر،
ياخشى ۋەسفىنى بەيان ئېتەدۇر.
ئالما ئايدىكى: «مەندۇرمەن مەھبۇب،
بارمۇ ئەسلا چەمەندە مەندەك خۇپ.
مەندۇرمەن بارچە مېۋەلەر شاھى،
جۇملە دەريا ـ ئاسمانىنىڭ ماھى.
مەندۇرمەن باغ ئارا تەخى خۇبان،
بىر يۈزۈم شوخدۇر، بىر يۈزۈم تابان.
بارمۇ ئالەمدە مەن كەبى خۇشخۇي،
پۇراسە، يىلداسە بېرۇرمەن خۇشبۇي.
«ئالما» دەپ تۇرسالار ئالۇر قويماس،
تىش قەماغۇنچە يېسەلەر تويماس.
ياخشىلار ئولتۇرۇپ مېنى يىلداپ،
تۇتۇشۇپ بىرى بىرىگە تاشلاپ.
ئارزۇلۇقتۇر ماڭا بۇ ئەھلى جەھان،
تۇتۇشۇپ بىر ـ بىرىسىگە قىزۇ جەۋان.
يوقتۇرۇر مەندەك ئەزىز، ھۇرمەتلىك،
يېگەلى ھەم لەزىز ـ لەززەتلىك.
يېسە ھەركىم بۇ لەززەتىم بىرلەن،
پۇر بولۇر ئاغزى شەربەتىم بىرلەن.»
ئالما ۋەسفىنى چۇن تەمام ئەتتى،
شاھ شاپتالۇغە خەبەر يەتتى.
ئىشىتىپ تۇرالمادى پايلاپ،
كەلدى جەڭ قىلغالى چېرىك باشلاپ.
دېدى شاپتالۇ: «مەندۇرمەن ئەئلا،
لەززەتىمنىڭ ھېسابى يوق ئەسلا.»
دېدى شاپتالۇ: «ئەي زەئىف ئالما،
سەن كەبى يەردە كۆپ ياتار چالما.
نە يۈزۈڭ بىرلە بىزگە سۆزلەرسەن،
يۈز ئەلەمنى ئۆزۈڭگە كۆزلەرسەن.
«ئالما» دەپ بار ئاتىڭ ئۆزۈڭ بىرلە،
سېنى كىم ئالسۇن بۇ سۆزۈڭ بىرلە.
نەسفەت بىرلە ئۆزنى ياد ئېتەدۇر،
مەن تۇرۇپ ئالمانى يېگەن كىمدۇر.
يېسە ھەم تازا پىشقانىڭنى يەر،
سەن پىشماستىن بۇرۇن قۇرۇتلار يەر.
قورساقى ئاغرىبان بولۇر بىمار،
سېنى ھەركىم يېسە سوغى ئاشار.

يەنە ھەم يەر سېنى كىچىك بالالەر،
مەن بەھەم بولماغاچ زەرۇر سېنى يەر.
سېنى يېسە بولۇر ئاغىز ئاچچىق،
سوغى ئەفزۇن بولۇپ، بولۇر ئاغرىق.
مۇنچە لاپ ئۇرماغىل ئۇزاردى سۆزۈك،
تولا سۆز قىلغانىڭدىن قىزاردى يۈزۈك.
ئۆزۈك ئاچچىغ ئۈچۈن سۆزۈك مۇنداغ،
مۇنداغىڭنىڭ جەزاسى ھەم شۇنداغ.
قىلاي ئەمدى سۆزۈمنى قىسقا تەمام،
قىلماسۇن ئەيىب چۈنكى خاس ئىلە ئام».
دېدى شاپتالۇ: «مەندۇرمەن ئەئلا،
لەززەتىمنىڭ ھېسابى يوق ئەسلا.
يوقتۇر مەندەك ئەزىز، ھۆرمەتلىك،
يېگەلى ھەم لەزىز - لەززەتلىك.
يېسە ھەركىم بۇ لەززەتىم بىرلەن،
پۈر بولۇر ئاغزى شەربەتىم بىرلەن.
مېنى يەر ھەركىشى نەچەند يەردە،
بىر يېسە ياد ئېتەر تۆمەن يەردە.
ياخشىلار كۆرسەلەر مېنى تۈشىدە،
تۇتادۇر ئەرتەسى قوپۇپ رۇزە».
قىلدى شاپتالۇ بۇ ئۇرۇشنى ئەدا،
ئاخىرى ئالمالارغە بولدى ئىزا.
چۈن ياڭاق بۇ ھېكايەنى ئىشىتىپ،
ماجەرا ئەيلەدى شول زەمان كېلىپ.
ياڭاق ئايدىكى: «ئەي يۈزى تۈكلۈك،
گەر سۆزۈك شۇ بولسا سۆزلەمە شۈك.
يۈزى تۈك بىھەياۋۇ شەرمەندە،
مەن بىلەن جەڭ قىلۇرغە نەھەد سەندە.
ھەركىم يېسە بەش - ئالتە شاپتالۇ،
ئەزم بولماس ئاڭا، بولۇر ئاغۇ.
تۈك باسپتۇ يۈزۈڭنى ئەي ھەيۋان،
سەن كەبى يوق جەھاندا جانى قۇرغان.
ئۇنۇتۇپ بەئزى يانچۇقىغە سالۇر،
ئېزىلىپ، مالچايىپ ئىگىن بۇلغانۇر».
ماجەرانى تۈگەتتى ئەمدى ياڭاق،
ئۆزىنىڭ تەئرىفىغە ئاچتى تاماق.
ياڭاق ئايدىكى: «مەندۇرمەن دىلدار،
قىز - جەۋانلار مېنى ئالىپ ئوينار.
تۆھفە ئەيلەر مېنى يىراق يەرگە،
غەم يېمەسمەن ئۇرسالار يەرگە.
سورسالار ھەر كىشى ئاتىمدۇر ياڭاق،
يەي دېسەڭ مەغزىمنى تاش بىرلە چاق.
مەغزى شىرىن مېۋەسى ئىچىمدە تولا،
جۈملە ئاغرىققا مەن بولۇرمەن دەۋا.
ھەر كىشىنىڭ ياراسى قىلسە ئەلەم،
چاپار ئېزىپ ياڭاق بىلەن مەرھەم.»
ئىشىتىپ بۇ ھېكايەلەرنى ئانار،
قىزارىپ كەلدىلەر يۈزى گۈلنار.
تېرىكىپ قالمادىكى ھېچ ھالى،
ئەقلى - ھۇشى نە پەھم - ئىدراكى.
كېلىبان ھۇشىغە ئۇشول سائەت،
ماجەرا قىلغالى ئۇل سائەت.
ئانار ئەمدى قىلىپ ياڭاق بىلە جەڭ،
سۆزى بىرلە ياڭاقنى ئەيلەدى تەڭ.
ئانار ئايدىكى: ئەي قاراقچى ياڭاق،
سىفەتىڭنى بەيان ئېتىپ ماڭا باق.
يالاڭاچلاپ سېنىڭ تېرەڭنى سويۇپ،
سالادۇرلەر ئۆتكۈزەگە يايىپ قۇرۇتۇپ.
سەن ياڭاقتىن ئەگەر تاپار بولسە،
چاقادۇرلەر ئۇشۇقچە تاش بولسە.
چاقادۇر ھەر كىشى سېنى چاق - چاق،
ئايرىلۇرسەن ھەر ئۇرسالار ۋاق - ۋاق.»
ماجەرانى تۈگەتتى ئەمدى ئانار،
ئۆزىنى تەئرىف ئەيلەدى بىسيار:
«چۈن ئاناردەك يۈزى بولدى قىزىل،
كۆرگەن ئەل مۇڭا قىلىپ تەمسىل.
چۈنكى مۇنچە سەرىغ بولۇر رۇخسار،
ماڭا ئالما كېلىپ قاچان ئوخشار.
شىرىنە - شەربەتلەر ئىچىمدە تولا،
جۈملە ئاغرىقلارغە بولۇرمەن دەۋا.

ياخشى ۋەسفىمنى داغى قىلدىم كام،
ئەيب ئېتەر سۆزۈمنى ئۇزۇن قىلسام.»
ئىشتىپ بۇ ھېكايەلەرنى چىلان،
كەلدىلەر سويلابان مىسالى يىلان.
چىلان ئايدىكى: «ئەي ئانار تەلبە،
بىزگە مۇنچە ئۆزۈڭنى ئۆتكەرمە.
قىلادۇر ھەركىشى سېنى پارە،
پارە قىلسا بولۇرسەن ئەۋۋارە.
قىزارىپسەن ۋەلېكىن ئەگلىكتەك،
قارنىڭنى يېرىپ باقار قويدەك.
پارە قىلسا چىقار ئىچىڭدە ئۇرۇغ،
لاپ ئۇرۇپسەن كەبى قارنىڭ توق.»
چىلان ئامدى ئۇرۇشلارىن تاشلاپ،
ئۆزىنىڭ ياخشى ۋەسفىنى باشلاپ.
چىلان ئايدىكى: «مەندۇرمەن سىماب،
جۇملە ئاغرىق دەۋاسىغە ئەسباب.
باقادۇر ھەركىشى مېنى دارۇ دەپ،
ئاغرىقىمدىن شىپا تاپارمەن دەپ.
مېنى يىغىپ يېسەلەر قىشۇ ياز،
ئىسسىغى ئاشسا مەن قىلۇرمەن ئاز.»
ئىشتىپ چۇن بېھى چىلان سۆزىنى،
ئالىپ ئاتتى دەرەختىدىن ئۆزىنى.
بېھى كەلدى ئۇشول زەمان يۈگۈرۈپ،
كى چىلانىنىڭ يۈزىگە جىق تۈكۈرۈپ.
دېدى: «ئەي بېھەياۋۇ شەرمەندە،
مەن بىلەن جەڭ قىلۇرغە نەھەد سەندە.
ساڭا كىم سۆزلەگىل دېدى سۆزنى،
ياخشى-يامان سۆزنى كىم ئۆرگەتمەكنى؟
نە يۈزۈڭ بىرلە مۇنچە سۆزلەرسەن،
بىز بېھىنى ئۆزۈڭگە كۆزلەرسەن.
شۇم ئاياغ، بېھەيا ئۇزاردى سۆزۈڭ،
مېۋەلەر سۆزلەگەندە سۆزلەمە ئۆزۈڭ.»
بېھى ئەمدىكى يىغدى بۇ سۆزنى،
تەئرىف ئەتمەككە تۇردى ئۆزىنى،
بېھى ئايدىكى: «مەندۇرمەن جانان،
باغ ئارا نازەنىن تەخى خۇبان.
قىلادۇر ئارزۇ مېنى ھەممە ئەل،
لەززەتىم مىسلى قەند، شەكەردۇر ئەسەل.
مەندۇرمەن بارچە مېۋەدىن ئەفزۇن،
ئەيب ئېتەر ياخشى ۋەسفىمنى قىلسام
ئۇزۇن».
ئىشتىپ نەشپۈتە بۇ غەلبەلەرنى،
يۈگۈرۈپ كەلدى ئۇرغالى ھەممەنى.
دېدىكىم: «مەن بولۇرمەن ئىززەتلىك،
يېگەلى ھەم لەزىزۇ لەززەتلىك.
يېسە ھەركىم بۇ لەززەتىم بىرلەن،
پۇر بولۇر ئاغزى شەربەتىم بىرلەن.
ماڭا چۇن يەتتى شاھلىق نەۋبەت،
ئۆزگەدە بارمۇ مەندەكى لەززەت.
بولسا ھەر كىمدە مەندەكى دانىش،
دارۇ دەپ ساقلايدۇر ياز ۋە قىش.»
سۆز تەمام قىلدى نەشپۈتە ئاخىر،
گەر جىننەستە تۇرۇپ ئىكەن ھازىر.
شول زەمان بۇ ھېكايەنى ئىشتىپ،
ماجەرا ئەيلەدى جىننەستە كېلىپ.
ئول جىننەستە ئېيتتى: «ئەي نادان،
بۇ دېگەن سۆزلەرىڭ بارى يالغان.
يەپ قۇرۇت قۇرساقىڭنى يارغان،
مەن چىرايلىق تۇرۇپ كىم غەلبە قىلغان.
نەشپۈتە، ئۆزۈڭ مېنى خوپ بىلەسەن،
مەن يوقۇمدا ئۆزۈڭنى خۇش قىلاسەن.»
ماجەرانى جىننەستە ئەدا قىلدى،
ياخشى ۋەسفىنى ئىبتىدا قىلدى:
«چەمەن ئىچرە بېھىشتى مەندۇرمەن،
مېۋەلەر ئىچرە ئۆزگە رەڭدۇرمەن.
ھەربىرىم گەۋھەرى يا مەرجان،
مېنى كۆرگەن كىشى قالۇر ھەيران.
كۆرۈشەر ھەر كىشى مېنى گەۋھەر،
ئىلكىگە ئالسا يەر مېنى جەۋھەر.»
بۇ ئۇرۇشلاردىن قاغۇنغا يەتتى خەبەر،

قاغۇن ئاڭلاپ ئۆزىگە قىلدى خەتەر.
كەلدى شىددەت بىلەن ئۇشول زەمان،
ماجەرا ئەيلەدى ئەجەب مەيدان.
قاغۇن ئايدىكى: «ئەي جىنەستەئى شۇم،
شۇملۇقۇڭ ئالەم ئەھلىغە مەئلۇم.
ئەي ھەرامزادە، بىھەيا ئاتاسىز،
مېنىڭ يوقۇمدىن يەرسېنى ئامالسىز.
ماڭا باق ئەي جىنەستە، ھالىڭغا قاراپ،
ھەركىم ئاغرىق بولۇرسېنى تولا يەپ.
ئەي قاراقچى جىنەستەئى يۇمۇلاق،
ساڭا ئوخشە قوتاندا جىقدۇر ماياق.
ئەي جىنەستە، تىلىڭنى يىغقىل ئۆزۈڭ،
كى ئۆزۈڭدىن زىيادە بولدى سۆزۈڭ.»
قاغۇن ئايدىكى: «مەندۇرمەن نېئمەت،
مېنى ھەر كىم يېسە تاپار راھەت.
بىر ئاتىمدۇر قاراقاش ئەركانى،
لەززەتىمنىڭ ئەسلا يوق تەڭى.
بىرىسى ناشەكەرى ئاق نەبات،
يېسەلەر مىسلى قەند، شەكەر، نەبات.
بىر ئاتىمدۇر مېنىڭ لەبلايى دېگەن،
لەززەتىمنى پادىشاھلار يېگەن.
بىر ئاتىمدۇر مېنىڭ بىشەك شىرىن،
لەززەتىم ئالەم ئەھلىگە تەئيىن.
بىر سىفاتىمىز بىزنىڭ تورلۇق جاغدا،
جاغدادەك مېۋە بارمۇدۇر باغدا.
يەيدۇر تىشلەپ چۇرۇقلاشىپ تىشلىق،
قىلادۇر جاغدانى يىغىپ قىشلىق.
خەلقنىڭ ياخشىسى مېنى تېرىغان،
پىشقانىمنى يەر تىشى قېرىغان.
مېنى ھەركىم تېرىسە بولۇر فازىل،
تاڭلا جەننەتكە بولغۇسى ۋاسىل.
چۇنكى تاربۇز بىزنىڭ بەرادەرىمىز،
قانادۇر تەشنالىق مۇنى يېسەڭىز.
تاربۇز چوقۇر، لىك ئىچىدۇر گۇلنار،
ئانىڭ شەربەتى گوشتىدىن بىسيار.
ئۇسسىغان يېسەلەر نە راھەتدۇر،
شەربەتىن ئىچسە ھەلاۋەتدۇر.
كەلتۇر ئالدىڭغە پارە قىل بىرنى،
چىقار ئانىڭدىن بىر قازان شىرنى.
بارمۇ ئالەمدە مەن كەبى مەھبۇب،
قانچە دەي پۇتمەس بۇ سىفاتىم كۆپ.
قاغۇننىڭ مۇنچە سۆزىنى ئاڭلاپ،
چۇشتى مەيدانىغا ئۈزۈم ساڭگىلاپ.
ئۈزۈم ئايدىكى: «ئەي قاغۇن قالتاق،
سېنى كىم يېسە ئاغزىدۇر شالتاق.
مۇشت بىلەن بەزىلەر باشىڭنى يارۇر،
كۆتىرىپ بەئزەن يەرگە راس سالۇر.
بىر قىلۇر تارقاپ مەينەت تۇرۇقۇڭ،
ئۆيىنى بۇلغايدۇ شاپاق، ئۇرۇغۇڭ.
چىقسا باش بۇرنۇڭ پىشساڭ ئىت يەيدۇ،
بۇ سىفاتىڭنى كىممۇ بىلمەيدۇ.
ئەل تېرەڭ سويۇپ قىلاشۇرلار قاق،
قورساقىڭنى يارۇر مۇزاي، توپاق.
پىشقانىڭ تۇرماسلەر ساپاقىدا،
خاملارىڭ قالۇر ئەل ئاياغىدا...»
ئۈزۈم شۇ يەڭلىغ قىلدى كۆپ ئۇرۇش،
ئايدى تەئرىفلەپ ئۆزىنى خۇرۇش:
«مەندۇرمەن مېۋە ئارا ئارزۇلۇق،
خۇش يېمەككە مەن ھەممەدىن تاتلۇق.
نازەنىندۇرمەن چەمەن ئىچىندە،
مەن كەبى بىرسى بارمۇ ئالەمدە.
شىرنە مەندىن بولۇپدۇرۇر پەيدا،
شىرنە ھالۋاغە ھەممەدۇر شەيدا.
مەن بۇ يەردە قىلاي سۆزۈمنى تەمام،
قىلمىسۇن يانا ئەيب خاس ۋە ئام...»
ئىشتىپ بۇ ھېكايەنى شول زەمان،
خۇرما كەلدىلەر قىلغالى مەيدان.
خۇرما ئايدىكى: «ئەي ئۈزۈم شۈك بول،
مەن تۇرۇپ خوجاڭ، ساڭا تەگمەس يول.
نەشقىمىڭ بىلە كۆپ ماجەرا قىلاسەن،

ھەددىن ئېشىپ يۈزۈڭ قارا قىلىسەن،
كۆمىدۇر قىشتا بېشىڭنى تۇپراقىغە،
گەردەنىڭدىن ئاسارلار قازناقىغە.
قىلادۇرلار ئۆزۈم، سۈيۈگىدە چاغىر،
چاغىر ئىچكەنىنىڭ گۇناھىدۇر ئاغىر،
شۇبۇ خۇسۇستا بولدى گەپ ئەفزۇن،
خۇرما بولدىلار جۇملەدىن فۇزۇن.
ئايدى ئۇ يانا: «مەنلا شاھدۇرمەن،
ھەمە بارچىغە ھەم پەناھدۇرمەن.
سورىساڭ ئەسلىم بىھىشت باغىدۇر،
ھۇرمەتىم ئەنبىيا زەمانىدۇر.
مەندۇرمەن مېۋىلەر ئارا ناياب.
مېنى يەر ھەمە خەلايىق ئەلقاب.
مېنى يىغقانلار تاپتىلار ئىززەت،
ئاغرىقلار يېسە تاپتى ھەم سىھھەت،
قېنى ئېيتىشقىن، شۇنداق تۇرۇغلۇق،
كىمگە ئاشادۇر شاھلىق، ئۇلۇغلۇق؟»
ئاخىرى خۇرمانىڭ سۆزى ئۆتتى،
ھەممە مېۋە بۇ سۆزگە چىن پۈتتى.
بولدى خۇرما باش — جۇملەگە سۇلتان،
ئۆزگەسى بولدى تۇتقۇچى پەرمان.
خۇرما شاھ تۆرگە چىقىپ ئولتۇردى،
سۆزگە كىرمىگەن بولسا ئۆلتۇردى.

بارچە ھۆكمىدە تىزىلدىلەر سەپ - سەپ،
ھەر قايۇسىغە بۇيرىدى مەنسەپ:
قىلدى ئۆزىگە ئول ئۈزۈمنى ۋەزىر،
نەشپۈتە سايلاندى مەسلەھەتلە ئەمىر.
ھۆكمى سۇلتان بىھى بولدى ئىشكئاغا،
بولدى شاپتالۇ جۇملەغە دورغا.
ئالماغە تەگدى مەنسەبى قازى،
بولدى ھەمە بۇ جۇملەغە رازى.
بولدى شول ۋەقدە ئانار مۇپتى،
ھەممەگە پەتۋا بەرگەلى چىقتى.
تەگدى قاغۇنغە مەنسەبى مىراب،
ئەيلەدى جۇملە تەشنانى سيراب.
يەنە قىلدى ئۆرۈكنى قازناقچى،
ئۈجمە بولدىكى شاھغە باغچى.
قىلدى ئىش ئۈستىگە چىلانىنى باقاۋۇل،
قويدى دەرۋازاغە ياڭاقنى ياساۋۇل.
قىلدى جىنەستەنى شاھغە مەھرەم،
ئېيتادۇر سۆزنى شاھغە ھەردەم.
بولدى بۇ يەردە ماجەراسى تەمام،
ھەممەسى ئالدى غەلبەدىن ئارام.
بۇ ھېكايەتنى نەزىم قىلدى،
مېۋەلەر ۋەسفىنى ئەدا قىلدى.



# ھاپىز خارەزمى دىۋانىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: توخنىياز قۇربان
ئابدۇللا مۇھەممەتئىمىن

بەلايى ئىشقدىن بولدى كۆزۈمنىڭ چەشمەسى دەريا،
ئەلىفتەك قەددىم ئول دەريانىڭ ئىچرە كۆرۈنۈر يەكتا.
قۇلمەن ئول جەۋانىنىڭكىم، ئانىڭ ئىشقى بىلە بولسە،
ئاچىلغان تازە گۇل يەڭلىغ شىكەستە پىرلەر بەرنا.
ئانىڭ قەددىغە قۇل ئېرۇر چەمەندە سەرۋى ئازادە،
ئانىڭ يۈزىنىغە جان بېرۇر گۇلىستاندە گۇلى رەئنا.
ئۇشۇل دىلدار قەددىنىغە بولا بىلمەس ئىدىم ئاشىق،
ۋەلې ئاشىق مېنى قىلمىشتۇرۇر بۇ ھىممەتى ۋالا.
جەمالۇ ھۇسنى ئەكسىندىن گۇلىستان يەڭلى خۇررەمدۇر،
ئانىڭ ھۇسنى جەھان ئاراسى تاكىم بولدى جان ئارا.
نېچە كىم سىررى ئىشقىنى كۆڭۈلنىڭ ئىچرە كىزلەرمەن،
ھەدىسى سوزناكىمدىن بولۇر خۇرشىدتەك پەيدا.
ئېرۇر ئول شاھ ۋالا قەدر ھەم مەئنايۇ سۇرەتدە،
كىم ئانىڭ قەددىنە كەلسە، لىباسى فەقر بەس زىبا.
خەيالى زۇلفىدىن كۆرسەڭ كېچە شورۇ جۇنۇنۇمنى،
ئۇنۇت بولغاي ھېكايەتى بىلە مەجنۇنۇ ھەم لەيلا.
باشىم يەلگە بارۇر بولسا قارا زۇلفى ھەۋاسىندىن،
مۇھەببەتدە ماگا، ھافىز، ئۇشۇلدۇر سۇدۇ ھەم سەۋدا.

× ×

گۇلىستان خۇررەمۇ خوش بولدى، ئەمدى بىر نىگار ئىزدە،
تۇزۇپ زەۋقۇ سەفا سازىن شەرابى خۇشگۇۋار ئىزدە.
سەراۋۇ سەھنى گۇلشەندە بولۇپ نەغمەسەرا ھەردەم،
ئۆزۈڭگە بۇلبۇلۇ خۇشگويلارنى دەستيار ئىزدە.

بۇ دەمدە خانەقاھ كۇنجى كۆرۈنۈر كۆزگە چۇن زىندان،
چىقىپ زىنداندىن، ئەي ئاشىق، چەمەندە لالەزار ئىزدە.
بۇ مۇنچە يوق بولغاننى چۇ قىلدى سۈننى بارى بار،
بۇ قۇدرەتنى كۆرۈپ ھەق ھەزرەتىندىن كارۇ بار ئىزدە.
بىھىشتۇ ھەۋزى كەۋسەر سۆزى بەسدۇرۇر، دەراز ئىرۇر،
چەمەننىڭ گەشتىنى ئەيلەپ كەنارى جويبار ئىزدە.
نەسىمى جانفىشاننى ئالەم ئىچرە تاپمادىڭ ئىرسە،
تاپار ۋەقتىنى ئايتالىم ئانى فەسلى بەھار ئىزدە.
ئەگەر مەنسۇر بولماقلىق تىلەر بولساڭ مۇھەببەتدە،
ھەمىشە ھافىزى شەبخىز يەڭلىغ زىندەدار ئىزدە.

× ×

ساچىڭ مۇشكى خىتادۇر چىن ئىچىندە،
خەتا قايدەدۇر ئۇشبۇ چىن ئىچىندە.
ئۇشۇل كافىر قارا غەمماز كۆزۈڭ،
تۇمەن مىڭ فىتنە سالدى دىن ئىچىندە،
تۇتۇپ كىن، كۆرگۇرۇر بولساڭ يۈزۈڭنى،
كۆرۈنگەي ئاندا مىھرىڭ كىن ئىچىندە.
فىراقىڭدە قىلىچىڭ بىرلە چاپماي،
مىنى تۇتما مۇنىڭتەك قىن ئىچىندە.
جەمالىڭ ھەسرەتىندىن داغلار بار،
بىھىشت ئىچرەكى ھۇرى ئەين ئىچىندە.
يۈزۈڭ كۆرگەلى قان يىغلادى غەمدىن،
چەمەندە لالەئى رەڭگىن ئىچىندە.
كۆرۈنمەدى يۈزۈڭگە جاننى بەرگەن،
بۇ ھافىزتەك تۇمەن ھەقىن ئىچىندە.

× ×

ئەي، يۈزۈڭ قىبلەگاھى ئەسلى سەفا،
ئاستانەڭ چۇ جەننەتۇلمەئۋا.
نىچەكىم مەن بەقا كۆرۈپدۇرمەن،
لەبى لەئلىڭدە ئابى بەقا.
گەر ۋەفا قىلماسەڭ ماڭا، نى ئەجەب،

قىلمادى ئۇمر ھىچكىمگە ۋەفا.
ھەدەفى سىنەدىن ئۆتۈپ، تەگدى
جانىمە تۈرلۈ - تۈرلۈ تىيرى بەلا.
دەردى ئىشقىڭنى جان بېرىپ ئالغان،
قايدە ئىزدەسۇن ئۇل جەھاندە دەۋا.
قىلمادىڭ سەن خەتائى ئەفۋۇ كەرەم،
نىچەكىم قىلدى ئۇشبۇ بەندە خەتا.
سۇرەتۇ مەئنا بىرلە ئەي سۇلتان،
شاھسەن، ھافىز ئىشىكىڭدە گەدا.

× ×

مۇنتەزىردۇر كۆزلەرىم دىيدارىنە،
كىم قۇلاقىم شەككەرىن گۇفتارىنە.
ئاسراماين نەگ جەفاۋۇ جەۋر ئېتەر،
ھەرزەمان ئۆز مەھرەمى ئەسرارىنە.
جان بىلە نەقدى رەۋان بولۇر نىسار،
سۆزلەگەندە لەئلى شەككەر بارىنە.
گەر خىرامان بولسا ئۇل سەرۋى رەۋان،
جان رەۋان بولۇر ئانىڭ رەفتارىنە.
تەگمەسۇن ئاھىم ئوتىدىن ھىچ زەھىم،
تازە گۇل يافراقىتەك رۇخسارىنە.
بىۋەفا ئەيلەمەگەي ئۇل نازەنىن،
رەھىم قىلسە خەستە ئاشىقلارىنە.
يارلىقدىن دەم ئۇرۇر ھافىز، ۋەلى،
بىۋەفادۇر ئۇل جەفاچى يارىنە.

× ×

بولۇپتۇر بەندە بىرلە يار ئۆزگە،
نې ياندىن بولدى ئۇل دىلدار ئۆزگە.
قاراقچىلىقدە كۆزى بىرلە زۇلفى،
ئېرۇر تەررارۇ ئۇل ئەييار ئۆزگە.
شەكەرنى نىسبەت ئەتمەسمەن لەبىنگە،
شەكەر ئۆزگەيۇ شەككەر بار ئۆزگە.

خۇش ئېرۇر كۆزلەرى بىمارى دائىم،
ۋەلي خۇش ئۆزگەيۇ، بىمار ئۆزگە.
بۇ يولدا ئاشىقى بازارىيلارغا،
مەساجىد ئۆزگەيۇ، بازار ئۆزگە.
ئەدەمنى مەن ۋۇجۇدە نىسبەت ئەتمەن،
گۇلىستان ئۆزگە ئېرۇر، خار ئۆزگە.
نېچە بىلمەسەڭ، ئەي ھافىز، بۇ دەم بىل،
كىم ئەغيار ئۆزگە ئېرۇر يار ئۆزگە.

× ×

ساڭا كىم تېدى، ئەي جان، ناز قىلمە،
ماڭا ناز ئەيلەمەكنى ئاز قىلمە.
نىياز ئەيلەرمەنۇ نازىڭ تېلەرمەن،
نىيازىمنى رەۋا قىل، ناز قىلمە.
لەسىبى دەردۇ غەمنى بەخش ئېتەردە،
ماڭا سەن ئۆزگەنى ئەنباز قىلمە.
گەدالەرغە جەفا قىلماق تېلەسەڭ،
دۇئاچى بەندەدىن ئاغاز قىلمە.
كۆڭۈل سىررىنى بولماسۇن تېسەڭ فاش،
ئۇشۇل غەمزەنى سەن غەمماز قىلمە.
ساڭا مەن ئاشىقى جانباز ئېركەن،
نەزەر ئۆزگەگە، ئەي جان، باز قىلمە.
بۇ ھافىز يانىنە ئاھەڭگى قىلماي،
جەفا قانۇنىنى سەن ساز قىلمە.

× ×

ئول رۇخى گۇل رەڭگىدىن ئالسە نىقاب،
زەررە سىفەت بولغاي ئېردى ئافتاب.
سۇنبۇلى زۇلفى بىلە گۇل يۈزىدىن،
بولدى خىجالەتزەدە مۇشكۇ گۇلاب.
كۆزلەرىدىن ئۆزگە كىشى كۆرمەي،
گۇشەئى مىھرابدە مەستۇ خەراب.
ئاتمادى كۆزى ماڭا غەمزە ئوقىن،

قىلمادى ئۇل تەركى خەتا، نې سەۋاب.
ياقماغالى جانۇ جەھانىم مېنى،
ئاتەشى غەمدىن جىگەرىمدۇر كەباب.
ئاھىم ئۇتى كۆڭلىنە قىلماس ئەسەر،
گەرچە بولۇر سەڭگى بۇ ئاھىمدىن ئاب.
ئاھكى، ھافىز بىلە دىلدار ئارا،
بولمادى بىرلەھزە سەۋالۇ جەۋاب.

× ×

ئۇل پەرىۋەش زۇلفىدىن دىۋانە بولدۇم ئاقىبەت،
كۆرگىل، ئەمدى خەلق ئارا ئەفسانە بولدۇم ئاقىبەت.
ئىشق ئەسرارىن بىلىپ، كۆرگىل، ۋەفا يولىندا مەن،
جان بېرىپ جانانەغە، جانانە بولدۇم ئاقىبەت.
ئىشكىنىڭ ئىتلارىنغە ئاشنا بولۇپ، كۆرۈڭ،
بارچە يارۇ دوستىدىن بىگانە بولدۇم ئاقىبەت.
فۇرقەت ئۇتىغە يانىپ-يانماي رەۋان جاندىن كېچىپ،
شەمئى رۇخسارى ئۇچۇن پەرۋانە بولدۇم ئاقىبەت.
بىنىشان بولۇپ جەھاننى سەر-بەسەر كەزدىم، ۋەلې،
گەنجى ھۇسنىن تاپمايىن ۋەيرانە بولدۇم ئاقىبەت.
كۆز ياشىم دەريا قىلىپ غەۋۋاستەك، كۆرگىل مېنى،
ئىشق بەھرىنگە چۆمۈپ دۇردانە بولدۇم ئاقىبەت.
قاچىپ ئۇل دىلبەر جەفاسىندىن خەيالى ئېتەدۇر،
ھافىزى مىسكىن بىلە ھەمخانە بولدۇم ئاقىبەت.

× ×

زۇلفى بار ئىكەن مۇشك ئىلە ئەنبەرگە نې ساندۇر،
لەئلى بار ئىكەن شەھد ئىلە شەككەرگە نې ساندۇر.
خاكى قەدەمىنى كۆزۈمە چەككەلى سۇرمە،
كۆزۈم قاشىدە دۇر ئىلە گەۋھەرگە نې ساندۇر.
ئۇل بار ئىكەنۇ ئۆزگە قاچان كۆزگە كۆرۈنسۇن،
خۇرشىد بارىندە مەھۇ ئەختەرگە نې ساندۇر.
مەھبۇبدەكىم بار تۇرۇر ھۇسنى خۇدا داد،
بەربەستە ئۇشۇل زىينەتۇ زىيۋەرگە نې ساندۇر.

ئول غەمزەيۇ كىرپۈك بولغانلى تىير ئىلە خەنجەر،
ئاشىق قاشىدە تىير ئىلە خەنجەرگە نې ساندۇر.
يۈزىنى كۆرەردە نې كۆرۈنسۇن كۆزۈمە زۇلف،
مۇئمىن قاشىدە كافىرى خەيبەرگە نې ساندۇر.
ئىشقى يولىدە بارسە باشىم سان ئاڭا بولغاي،
ھافىز، يوق ئىسە شىئىر ئىلە سۆزلەرگە نې ساندۇر.

× ×

ئانىڭكىم چىنى زۇلفى پۇرشىكەندۇر،
لەبى شىرىنى شەككەرشىكەندۇر.
يۈزى ئۈستىندەكى ئول دانەئى خال،
گۇلى لالە ئۆزە مۇشكى خوتەندۇر.
كۆزى نەرگىس، ساچى سۇنبۇل، يۈزى گۇل،
تەنى بەرگى سۇمەن قەددى نارۋەندۇر.
ئوشۇل ساقى كىم، ئىرۇر سىيمساقى،
لەبى لەئلۇ تىشى دۇررى ئەدەندۇر.
ئەقىق ئوخشاتماقى لەئلىگە ئۆزىن،
كۆرۈنمەي ياخشى، چۇن ئەسلى ياماندۇر.
يۈزىنىڭ ھەسرەتىندە لالە يەڭلىغ،
ھەمىشە ئاشىقى خۇنىنكە فەندۇر.
كەمالۇ ھۇسنى ئەۋسافىندە ھافىز،
سۆزى پاكىزە چۇن شىئرى ھەسەندۇر.

× ×

قارا زۇلفى ئوشۇل جانانەنىڭكىم مارى پىچاندۇر،
كۆرەرمەن كۆپ كىشىلەرنى ئانىڭ مەكرىندە بىجاندۇر.
ئاداقى تۇپراقىن تاپقاندا جان بەرمەي رەۋان، ھەركىم
بارۇرسە ئابىھەيۋانغە، بىلىڭكىم، ئەسرى ھەيۋاندۇر.
قايۇ زاھىد كۆرەر بولسە مېنىڭتەك يۈزىنى بىر دەم،
باشىندىن كەچمەكى ئانىڭ مۇھەببەتدە بەس ئاساندۇر.
قارا زۇلفى قىلۇر كافىر تېيۇ تەئن ئەتمەگىل، زاھىد
كىم، ئايىتەك يۈزىنىڭ ئىشقى ماڭا چۇن نۇرى ئىماندۇر.
تىلەرمەن جانۇ تەن بىرلە ئوشۇل جانانە دەردىنى،

AltunOg

كىم، ئانىڭ دەردى جانىمغە كۆرەرمەن ئەينى دەرماندۇر،
كۆڭۈل مالدار ئوشۇل جانان يۈز ئالى بىرلە كۆرگەندە،
ئىنانساڭ كۆزلەرىم ياشى ئانىڭ ئالىندىن ئال قاندۇر.
ئۆلەر بولساڭ ئۇشال جانان يولىندا جان چېكىپ ئەمدى،
نې قادغۇ بار ئاڭا، هافىز سېنىڭتەكلەر فەراۋاندۇر.

× ×

گۈلىستان يۈزلۈ، ئەي ساقى، سېنىڭ ئىشقىڭ ماڭا جاندۇر،
ئىچەلىم بادەنىكىم، دەۋرى ئىبراھىمى سۇلتاندۇر.
مۇرەۋۋەق بادەيى سافى تولۇن ئايغا قىلۇر تەئنە،
كىم ئول جەم جامىدا رەخشەندە چۇن خۇرشىدى تاباندۇر.
قولىندا بادەنى كۆرگەلى رەخشان لەئلى ئەھمەرتەك،
جىگەر خۇن داغ بىرلە تاغدا لەئلىئى بەدەخشاندۇر.
سەناخان بولسە بۇلبۇلتەك قەمۇ جانلار ئەجەب ئېرمەس،
گۈلى ئەيشۇ تەرەب چۇنكىم ئانىڭ ئەهدىندە خەنداندۇر.
سۇراھىنىڭ كەنارىندە مۇسەففا بادەنى كۆرۈپ،
خىجالەتىنىڭ نىقابى ئىچرە پىنھان ئابى ھەيۋاندۇر.
تىلەر دائىم كۆڭۈلۈ جان ئۇشاندىن فەيزى رەھمەتنى،
چۇن ئانىڭ پاك زاتىنى كۆرەرمەن فەيزى رەھماندۇر.
سەناۋۇ ھەمد ئېتەدۇرلەر ياراتقان بىرۇ بارىنغە،
ئوشۇل سۇلتان زەمانىندە بۇ ھافىزكىم غەزەلخاندۇر.

× ×

زۇلفۇڭدەكىم ئول خالى سىياھ نافەئى چىندۇر،
يالغان تېمە، گەر مۇشك تېسەم ئانىكى، چىندۇر.
گەر دىنىسىز ئەمەس ئول قارا كافىر كۆزۈڭ، ئەي دوست،
جەۋر ئەتمەگى جانىمغە سەن ئايتغىلكى، نېدىندۇر؟
يۈزۈڭنى كۆزۈم ئاقىبەتۇلئەمر كۆرسەر،
ھەمراھ مەنى خەستەغە چۇن نۇرى يەقىندۇر.
جانىمنى يەقىن تېرۇ كەمانسىز بېرسەرمەن،
گېرمەس بۇ سۆزۈم ئ ى يىراق ئەمدى يەقىندۇر.
چەككىل قىلىچىڭنى تەقى مەن خەستەنى چاپغىل،
سەنسىز چۇ تىرىلمەك ماڭا ئەسرى قارا قىشدۇر.

ئۆلتۈرگەلىكىم قەسد قىلۇرسەن ماڭا ھەر دەم،
مەن خەستە تىلەگى بۇ جەھان ئىچرە ھەمىندۇر.
لەئلى لەبىڭ ئەۋسافىدە ھافىزكى، سۆز ئايتۇر،
سۆز ئىرمەس ئۇشۇل سۆزلەرى چۇن دۇررى سەمىندۇر.

× ×

ئول ياردىن جەفا ماڭا نازۇ نەئىم ئىرۇر،
ئەغيارنىڭ ۋەفاسى ئەزابى ئەلىم ئىرۇر.
نې تۇرفە، كۆزگە ئىلسە كۆزۈم ياشىنى ھەبىب،
چۇن ياردۇر يەتىمۇ بۇ دۇررى يەتىم ئىرۇر.
يۈزىندە يۈز سەفا تەقى زۇلفىندە تىيرە ھال،
كۆرگەلى خەستە جان ئىشى ئۇمىدۇ بىيم ئىرۇر.
ھەر لەھزە ھالدىن كىيچەدۇر ھالغە كۆزى،
بىر ھال ئۆزە قاچان بولۇر ئولكىم سەقىم ئىرۇر.
كۆڭلۈم تىلەر ھەمىشە ئۇشۇل سەرۋ قەددىنى،
دائىم كۆڭۈل تەبىئەتى چۇن مۇستەقىم ئىرۇر.
سورغالى ئاغزىنى چىكەدۇرمەن مەلامەتىن،
چۇن مۇسھەفى جەمالدە تار ئاغزى مىم ئىرۇر.
خاس ئۆز قۇلىنغە لۇتف ئېتىپ رەھم قىلسە يار،
مۇخلىس قەدىمي قۇل ئاڭا ئەيدۇررەھىم ئىرۇر.

× ×

ئاھ ئول جەفاچى تۈركدىنكىم غارەتى ئىمان قىلۇر،
پەيدا ياقىپ ئوتغە مېنى، جانتەك ئۆزىن پىنھان قىلۇر.
دانا ئىرۇر ھالىمغە ئول جان ئىچرەكى جانان، ۋەلې
ھالىمنى بىلمەسمەن تېيۇ، ئۆزىن نېدىن نادان قىلۇر.
مەن ئاھۇ فەريادۇ فىغان قىلمان ئۆزۈمدىن ھەر نەفەس،
گۇلتەك جەمالىندىن مېنى بۇلبۇل سىفەت نالان قىلۇر.
گەر ئافتابى ھۇسنىدىن ئالسە نىقاب ئول نازەنىن،
ئۇششاقى سەرگەردانىنى زەررە سىفەت رەقسان قىلۇر.
جان داغى ئىشقىدىن ئانىڭ دەرماندە بولغان ئارە ھەم،
بولسۇن زىيادە داغى تەپ دەردى بىلە دەرمان قىلۇر.
قۇربان قىلۇرغە كۆڭلى بار تىيغى فىراقىندىن مېنى،

ئۇل تۈركى كافىر كىشىكىم، بىر دەمدە يۈزمىڭ قان قىلۇر.
ئېيدى جەمالىن كۆرگۈزە جىلۋە قىلۇر بولسە دەمى،
هافىز ئىشىكىندە ئانىڭ شەكسىز ئۆزىن قۇربان قىلۇر.

× ×

ئۇشۇل تاۋۇس يەكلىغكىم چەمەندە خۇش خىرام ئەيلەر،
هەمىشە تۇتىئى گويا بىكىن شىرىن كەلام ئەيلەر.
ئەجەب ئېرەمەس ئانىڭ هۇسنىنغە قۇل بولسە بۇ ئاشىقلار،
كىم ئۇل شاهى زەمان هۇسن ئىلە يۇسۇفنى غۇلام ئەيلەر.
ئانىڭ زۇلفۇ يۈزىن كۆرگەلى ئاشىق ئەز بەرى ئىخلاس،
دۇئايى دەۋلەتىن پەيۋەستە ۋىردى سۇبھۇ شام ئەيلەر.
هەلال ئەتمەسە قانىنى ئانىڭ لەئلى لەبىن كۆرۈپ،
شەرابى ئىشقنى ئۆزىنگە ئۇل كىشى هەرام ئەيلەر.
چىقارۇر نامۇ ئالەمنى تۇتار خۇش سۆز بىلە شەكسىز،
كىشىكىم ئىشقىنىڭ يولىندە تەركى نەڭۇ نام ئەيلەر.
تىلەر جانىم قۇشى پەرۋاز ئېتىپ جانانە ئىشىكىن،
هەمىشە ئاشيانىن چۈنكىم ئۇل ئالىي مەقام ئەيلەر.
ئېرۇر ماه تەمام ئۇل سەرۋ قەد دىلدارنىڭ يۈزى،
بۇ هافىز هەم ئانى كۆرۈپ سۆزىن ئەمدى تەمام ئەيلەر.

× ×

تا جەمالىڭنى جەهاندا ئاشكارا قىلدىلار،
جۇملە ئالەمنى ساڭا جان بىرلە شەيدا قىلدىلار.
غەيب خۇرشىدىندىن ئۆزگە يوق ئېردى ئېرۇ بار،
ئىشق ئەنۋارى بىلە زەررات پەيدا قىلدىلار.
ئىشق سارى كۆرۈنۈر مەجمۇئ مەۋجۇداتدا،
ئىشقنى قۇدرەت بىلە مەئنايى ئەشيا قىلدىلار.
ئىشقنىڭ زاتى جەهان كۆزۈكە كۆرۈنسۈن تېپىۇ،
ئادەمۇ هەۋۋايۇ ئالەمنى هۈۋەيدا قىلدىلار.
ئىشق ئۇشۇل سۇلتان كۆرۈنۈركىم مەلائىك دەم-بەدەم،
خاكى دەرگاهى بولايىم تەپ تەمەننا قىلدىلار.
لۇتفى بىرلە بەردىلەر بىز قۇللەرە جانلار رەۋان،
نى جىهەتىدىن بىر يەنە جان تېپ تەقەزا قىلدىلار.

گاھ جەۋر ئەيلەدىلەر جانلارغايۇ گاھى ۋەفا،
ھەر نېكىم قىلدىلار ئېرسە، جۇملە زىيبا قىلدىلار.
دەرد ئېرۇر ئەسلى دەرمان تېپىۇ ھەر دەرماندەغە،
دەردى جانپەرۋەر بىلە تۈرلۈ مۇداۋا قىلدىلار.
دامى دۇنيا ئىچرە ھافىز تاپمادى ئارامى جان،
تا سەرى زۇلفىندە جانلار جۇملە مەئۋا قىلدىلار.

× ×

ئول شەكەرلەب قاشىدە جان نې بولۇر،
سۆزگە كەلسە ئابى ھەيۋان نې بولۇر.
چۈنكى زاھىر يۈزى ئېرۇر ئافتاب،
بولماسە پەردەدە پىنھان نى بولۇر.
مەن گەدا ھالىنغە ئەيلەسە نەزەر،
جان تىلەكى ئۇشبۇ سۇلتان نى بولۇر.
ئەھدۇ پەيمان قىل مەنىم بىرلە تېسەم،
ئايتۇر ئولكىم «ئەھدۇ پەيمان نې بولۇر».
«ئۆلتۈرۈپسەن مېنى تاۋان بەر» تېدىم،
ئايتدى «ئاشىققە تاۋان نې بولۇر».
ئول بەلالى تۈركى كافىركېشىنىڭ،
ئىشقى بىرلە جۇملە قۇربان نې بولۇر.
ھافىز ئول جانانغە جان بەرمەك تىلەر،
بىلمەم ئاندىن ھۇكمۇ فەرمان نې بولۇر.

× ×

بوستانى جانغە سالدى ئول يۈزى گۇلنار نار،
لالە بەگلىغ ئول ياڭاقىنغە ئېرۇر گۇلزار زار.
نېچە كىم تەررارلىق بىرلە كۆڭۈلنى ساقلادىم،
ئاقىبەت ئال بىرلە ئالداپ ئالدى ئول ئەييار يار.
تاپغاي ئېردىم مەن ھەياتى جاۋىدان جاندىن كېچىپ،
ئاشىق ئۆلتۈرمەك ئۈچۈن تىلسە ئۇشۇل دىلدار دار.
دەۋلەتى بىدارنىڭ يۈزىنى كۆرمەك ئۈچۈن،
ئەي خەيالى يار، ھائىم سەن مېنى بىدار دار.
زۇلفىكىم ۋەيرانە كۆڭۈلۈمدە ئىمارەتلەر قىلۇر،

ئەي مۇسۇلمانلار بۇ كافىر زۇلفىدۇر مىڭمار مار.
ئىزدەيۇ ئەۋۋارە بولۇپ كىندەگى قان باغلادى،
چىنى زۇلفىندىن ئۇشانىڭ ئاھۇيى تاتار تار.
بار يوقدۇر يار ئىشكىندە كىشىلەرگە، ۋەلې
ھافىزى ئەۋۋارەغە بارى ئۇشاندا بار بار.

× ×

نېچە كىم ئىشقىڭ ئوتى بۇ خەستە جانىمنى ياقار،
دەم ـ بەدەم ئول ياقماقى جانىمغە، ئەي جان، خۇش ياقار.
غەمزەڭ ئوقى ھەر نېچەكىم قىلسە جانىمدە يارا،
ئول ياراغە لەئلى شەككەر بارىڭىز مەرھەم ياقار.
نۇرى رەببانىي يۈزۈڭ، شەھدۇ شەكەر شىرىن سۆزۈڭ،
قىير ئېرۇر ساچىڭ تەقى ئول ئاق تەنىڭ سيمدۇر يا قار.
ئاندىن ئالەمدە خۇش جانانسەن، ئەي سۇلتان كىشى،
كىمگەكىم قىلساڭ نەزەر ئول كىشىگە تەڭرى باقار.
مەن بار ئېركەن ئۆزگەلەرنىڭىم ئاقار كافىر كۆزۈڭ،
بۇ جىھەتدىن تىنمايىن كۆزۈم ياشى ئال قان ئاقار.
چاقىلۇر ئېركەن سېنىڭ ئىشقىڭ ئوتى ئاھىم بىلە،
كىزلەسەم جان ئىچرە سىررىڭنى كۆزۈم ياشى چاقار.
ئايغاي ئېردىم مەن سېنىڭ سىررىڭنى ئالەمغە، ۋەلې
ئايماغىل ھافىز تېيۇ كافىر كۆزۈڭ كۆزلەر قاقار.

× ×

بولدى يۈزۈڭدىن ئالەم مۇنەۋۋەر،
قەنى سېنىڭتەك رۇھى مۇسەۋۋەر.
سەۋدى بۇ جانىم كۆز بىرلە ئاغزىڭ،
ئانداغكى، توتى بادامۇ شەككەر.
زۇلفۇڭ بىلە يۈز كېچەۋۇ كۈندۈز،
لەئلىڭ بىلە سۆز قەندى مۇكەررەر.
مەن تەشنەلەرگە لەئلىڭ شەرابىن،
بەرگىل، سورايىم، چۇن ئابى كەۋسەر.
گەر شانە قىلساڭ زۇلفۇڭ خەيالىن،
مۇشك ئىلە بولغاي ئالەم مۇئەتتەر.

ئاتساڭ كەبۇتەر تەنسنە ئوقنى،
ئاتقاي مۇئەللەق ئولدەم كەبۇتەر.
نې تۇرفە هافىز كۆيىنە هەمىشە،
ئوت ئېرۇر ئاهى، سىينە چۇ مىجمەر.

× ×

يۈزىڭىزنى كۆرگەلى شەرمەندەدۇر ئايۇ قۇياش،
هۇسنىڭىزنى سەۋگەلى هەم بەندەدۇر ئايۇ قۇياش.
هۇسنىڭىزگە جان بىلە تا بەندەۋۇ ئاشىق ئېرۇر،
هۇسن ئىلە خەندانۇ هەم تا بەندەدۇر ئايۇ قۇياش.
هۇسنى بىمەندازىڭىزدىن ئارىيەت نۇر ئالغالى،
نۇرى ئالەم خەلقىنە بەخشەندەدۇر ئايۇ قۇياش.
سەير ئېتەردە پاي بوسىڭ دەست بەرگەلى رەۋان،
فەرقى ئالەمنىڭ ئۆزە پايەندەدۇر ئايۇ قۇياش.
ئاستانىڭ تۇپراقىنى ئۆپكەلى هەر سۇبهۇ شام،
تازە گۇلتەك با لەبى پۇرخەندەدۇر ئايۇ قۇياش.
چەشمەئى هۇسنۇڭدىن، ئەي جان، قەترەئى نۇش ئەتكەلى،
خىزر يەڭلىغ ئالەم ئىچرە زىندەدۇر ئايۇ قۇياش.
قايداكىم سىز بولسەڭىز دائىم تاڭ ئولسە تاڭدا يوق،
هىچ ۋەقتى چۇن ئۇياقماس ئاندادۇر ئايۇ قۇياش.
پەرتەۋى هۇسنۇڭ ئېرۇركىم يوق ئۆزە تابان يۈرۈر،
يوق ئېسە ئالەمنىڭ ئىچرە قاندادۇر ئايۇ قۇياش.
كەئبەئى كويۇڭ تەۋافىن قىلماق ئۈچۈن، ئەي سەنەم،
دائىما هافىز بىكىن گەردۇنددۇر ئايۇ قۇياش.

× ×

يار لەبىدۇر ماڭا جاندىن لەتىف،
سۆزلەرى هەم ئابى رەۋاندىن لەتىف.
سۆزلەمەككە يوق مەهەل ئاغزىدىن،
كىم ئېرۇر ئول سىررى پىنهاندىن لەتىف.
بىلدە بار قىلى گۇمانۇ يەقىن،
بارچە يەقىن بىرلە گۇماندىن لەتىف.
سالماغايەڭ باشنى ئاداقىغەكىم،

خەستە بولۇر يار كەراندىن لەتىنى.
لەتىفدە گۈل يۈزىنە ئوخشار تىپىۇ،
باقدىم ئىبسە ئىبرۇر ئوشاندىن لەتىنى.
ناز قىلۇر ھەر نەفەس ئول سەرۋىناز،
چۈن كۆرۈنۈر ناز جەۋاندىن لەتىنى.
ھافىزى بىچارەنى قىلغان ئەسىر
يار ئىبرۇر ھۇرى جىناندىن لەتىنى.

× ×

قەددۇ يۈزۈڭ تەراۋەتى‌سەرۋۇ سۇمەندە يوق،
گەۋھەرتىشىڭ لەتافەتى،دۇررى ئەدەندە يوق.
بالتەك لەبىڭنى سورغالى جان ئارزۇ بىلە،
شىرىن لەبىڭ ھىكايەتىدىن ئۆزگە مەندە يوق.
تۇتىنى مەن قاچان تىلىڭە نىسبەت ئەتكەمەن،
بۇ سۆچى سۆز تۇتىنى شەكەرشىكەندە يوق.
زۇلفۇ يۈزۈڭنى كۆرگەلى نالان ئىرۇر كۆڭۈل،
ئەلھانى ئىشقى گۈل قايۇ مۇرغى چەمەندە يوق.
مىھرۇ ۋەفا نىچە تىلەسەڭ مەندە بارى بار،
جەۋرۇ جەفادىن ئۆزگەسى بىر زەررە سەندە يوق.
سەنسىز قەرار قىلماسمەن، ئەيب قىلمەكىم،
ئارامۇ سەبر سەندىن ئۆگىن جانۇ تەندە يوق.
كۆزۈڭ بىلە يۈزۈڭ سىفەتىنى ھافىز ئايغالى،
چىن شىئىر يەڭلى تۈركىي، خىتاۋۇ خوتەندە يوق.

× ×

مىنى ئاشفتەيۇ مەجنۇن قىلۇر زۇلفى پەرىشانىڭ،
كۆڭۈلنى ھەم سالۇر زىندانىغە ئول چاھى زەنەخدانىڭ.
ئۆلۈكلەر جان تاپار دائىم زىلالى ئابى ھەيۋاندىن،
نىدىن بىجان قىلۇر مىنى زىلالى ئابى ھەيۋانىڭ.
قارا زۇلفۇڭ بىلە چىن مۇشكى قايدا تەڭ بولا بىلسۇن،
شىكەستى مۇشكى چىن ئەيلەر چۇ زۇلفى ئەنبەر ئەفشانىڭ.
گۈلىستان بىرلە باغ ئىچرە كۈلە كىرىپ يۈزۈڭ ئاچساڭ،
سالۇر ناز ئىچرە تۈرلۈ نار ئولدىم نارى خەندانىڭ.

جەمالىڭ گۈلستانىندىن قاچان خۇشۋەقت بولمايمەن،
جىگەرنى گۈل بىكىن چۈن پارە ئەيلەر خارى مىژگانىڭ.
لەبى لەئلىڭ ئۈزە ئول سەبزەئى خەتتىڭنى كۆزگۈزسەڭ،
قىلۇر ياقۇتنى شەرمەندە شەكسىز خەتتى رەيھانىڭ.
ئەجەب ئىرمەس يۈزۈڭ كۆرگەن ئارا ھەيرانۇ داڭ ئولسام،
چۈ يۈزۈڭنى كۆرۈپ ھافىز بولۇپدۇر داڭۇ ھەيرانىڭ.

× ×

خىزر خەتتىندە ئۇشانىڭ ئابى ھەيۋان ئىزدەگىل،
جان تىلەر بولساڭ لەبى لەئلىن سۈرۈپ جان ئىزدەگىل.
گەر تىلەر بولساڭ دەۋايى دەردى دىلنى جان بىلە،
دەردنى ھاسىل قىلىپ پەيۋەستە دەرمان ئىزدەگىل.
بىنەۋائى ئىشق بولۇپ، ئۆز مۇرادىڭدىن كېچىپ،
فەقر بىرلە فەخر ئېتىپ مۈلكى سۇلەيمان ئىزدەگىل.
فەقر تونىن قەدرىڭگە لايىق تىلەر بولساڭ مۇدام،
ئافتابۇ ماھتەك ئۆزۈڭنى ئۇريان ئىزدەگىل.
زەررە يەڭلىغ سەن ھەۋايى ئىشقدە رەقسان بولۇپ،
باش-ئاداقدىن بىلمەيىن مېھرى دۇرەخشان ئىزدەگىل.
تەنگە بەستە بولماغىل چۈن جانى جانسەن سەن بۇدەم،
تالىبى ھەق بولغىلۇ جان بىرلە جانان ئىزدەگىل،
خارى ھەستىدۇر ساڭا مانىئ گۈلىستان زەۋقىدىن،
خاردىن كەچ، بۇلبۇلى جان سەن، گۈلىستان ئىزدەگىل.

× ×

ئاشىقى سادىق ئىسەڭ جانان ئۈچۈن جان ئويناغىل،
نېچە مۇشكىل بولسە جان ئويناماق ئاسان ئويناغىل.
چۈنكىم ئەيلەدىڭ جىگەر بەريان مۇھەببەت ئوتىنە،
باشنى بىريان سالغىلۇ جانىڭنى بەريان ئويناغىل.
گەر باشىڭنى جەۋر مىقرازى بىلە كەسسە نىگار،
شەمئتەك مەجلىس ئارا گىريانۇ خەندان ئويناغىل.
ئىشق نارى بىرلە ياندۇرسا سېنى ئول يۈزى گۈل،
ياڭناغاي بۇلبۇل سىفەت ھەر لەھزە نالان ئويناغىل.
ئىشقىنىڭ شەترەنجىنى دانالار ئوينادى، ۋەلې،

ئۇتسا ئۇتسۇنلار سېنى، ئەي گولۇ نادان، ئويناغىل.
گەر جەفا شەمشىرىنى چەكسە ئوشۇل سۇلتان ساڭا،
سىنەنى قالقان قىلىپ، ئەي سىنە قالقان، ئويناغىل.
ئىشق ئويناماق خۇش ئېرمەس، ھافىزا، ۋەيرانەدە،
باغۇ بوستانلارنى كەزگىل جويجويان ئويناغىل.

× ×

شىرىن لەبى سورغىلۇ سۆزىن جاندىن ئىشىتكىل،
تۇتىي تىلەكىنى شەكەرستاندىن ئىشىتكىل.
گەر مەندىن ئىشىتمەسەڭ ئانىڭ ۋەسفى لەبىنى،
بارغىل تەقى ئول لەئلى بەدەخشاندىن ئىشىتكىل.
ئۇشبۇ جىگەرىم خۇن بولۇرىن لەئلى لەبىدەك،
سورغىل تەقى ئول غۇنچەئى خەنداندىن ئىشىتكىل.
ئەۋسافى جەمالى گۇلى بوستاننى تىلەسەڭ،
گۇلزار ئارا بۇلبۇلى نالاندىن ئىشىتكىل.
ئول بۇلبۇلى نالان سۆزىنى، ئەي بادى بەھارى،
مىسكىنلىك ئېتىپ ھۇسنى گۇلىستاندىن ئىشىتكىل.
ھەر تىيرى بەلاكىم تېگىپدۇر يۈرەكىمگە،
مەن ئايتايىم ئول غەمزەئى پىنھاندىن ئىشىتكىل.
زۇلفۇ يۈزىنىڭ سۆزلەرىنى ئايتغان ئارا،
ھافىز بىكىن سەن كۇفر ئىلە ئىماندىن ئىشىتكىل.

× ×

نەۋبەھار ئېرۇر چەمەندە، ساقىي، ئەيش ئاغاز قىل،
چەڭ بىرلە ئۇدۇ نەيىنى زەۋق ئېتەرگە ساز قىل.
ئاشىقانە نالەۋۇ گۇلباڭ ئېتىپ چىمگەن ئارا،
بۇلبۇلى ئاشىفتەنى ئۆزۈڭ بىلەن دەمساز قىل.
راستىي ئۇششاقى بىبەرگۇ نەۋاغە لۇتق ئېتىپ،
بۇ مەقام ئىچرە مەقامى دىلنەۋاز ئاغاز قىل.
بوستانى ھۇسن ئىچرە ئاچدى ئېرسە گۇل يۈزىن،
بۇلبۇلى شەيدا بىكىن ھەر يانغە بىر پەرۋاز قىل.
غۇنچە يەڭلىغ زەرفىشانلىق يانىنە سالىمە كىرىپە،
گۇلنىڭ ئەۋراقى بىكىن نېكىم بار ئەمدى باز قىل.

قەددى جانانىنى خىرامان بوستان ئىچرە كۆرۈپ،
يادى شەمشاد ئەيلەمەيۇ تەركى سەرۋ ناز قىل.
گۇلىستانى ئەيش ئىچرە گۇل بىكىن خەندان بولۇپ،
لۇتف بىرلە هافىزى مەيخارەنى ئاۋاز قىل.

× ×

ئاغزى سىررىنگەكىم نەزەر قىلدىم،
جۇملە سۆزۈمنى مۇختەسەر قىلدىم.
بىلىنى ياد ئەيلەدىم هەردەم،
ئالەمى غەيىبدىن خەبەر قىلدىم.
تۇتىيا تەك ئاداقى تۇفراقىدىن،
سەدەفى كۆزنى پۇرگەۋهەر قىلدىم.
ئۆپە بىلگەيمۇمەن ئەزاقىنى تەپ،
باشنى يولىندا خاكى دەر قىلدىم.
كەچدىم ئول يار ئاللىندىن، ئاللا،
جاندىن ئولدەمدەمەن گۇزەر قىلدىم.
هازىر ئولدۇم ۋىسالى بەزمىندە،
ئۆز-ئۆزۈمدىنكى مەن-سەفەر قىلدىم.
هافىزا، مەنى بىلمەسۈنلەر تەپ،
هەر نەفەس جامەنى دىگەر قىلدىم.

× ×

تا كىمگە كۆزۈم ئاچدىم هۇسنى نىگار كۆردۈم،
نەققاشى هۇسنىن ئانىڭ سۇرەتنىگار كۆردۈم.
ئەكسى يۈزىندىن ئانىڭ ئايىنەئى كۆڭۈلنى،
يۈز تۈرلۈ نەقش بىرلە چۇن لالەزار كۆردۈم.
تا يۈزىنىڭ خەيالى سەهنى كۆڭۈلگە تۈشدى،
پىر قىشنىڭ ئىچرە كۆرگىل يۈز نەۋبەهار كۆردۈم.
ئول شاهنىڭ خەيالى كۆزۈمگە كەلدى، ئىرسە،
گۇلگۇن ئەشك ئۆزرە ئانى سەۋار كۆردۈم.
كەلگەندە كەتسە جانان ئىرمەس غەرىب ئوشۇل هال،
چۇن ئۇمرنى هەمىشە مەن بەرگۇزار كۆردۈم.
قايدا قەرار بولغاي مەن خەستەغە جەهاندە،

AltunOq

چۇن جاننى زۇلفى ئىچرە مەن بىقەرار كۆردۇم.
بۇ دارى فانىدىنكىم كەچدىم بەقا يۈزىنگە،
هافىز، ئۆزۈمنى ئۇلدەم مەنسۇرۋار كۆردۇم.

× ×

مەن پاك نەزەر بىرلە ئۇشۇل پاكنى سەۋدۇم،
غەمزە بىرلە جان ئالغۇچى چالاكنى سەۋدۇم.
غەمناك كۆڭۈلگە ئۇشانىڭ كۆپ نەزەر بار،
بۇ مەئنا بىلە خاتىرى غەمناكنى سەۋدۇم.
ئايتەك يۈزىنە ئايىنە بولغالى كۆڭلۈم،
هاشاكىم، ئۇشۇل كۆزگۈدە خاشاكنى سەۋدۇم.
چىمگەندە ئۇشۇل سەرۋ رەۋان رەشك ئىلىندىن،
مەن لا ياقاسىندەغى ئول چاكنى سەۋدۇم.
هەر خاكدەكىم، بولسە نىشانە ئاداقىندىن،
كۆز نۇرى ئارتۇقراق ئۇشۇل خاكنى سەۋدۇم.
لەئلى لەبى تەرياكۇ جەهان قايغۇسىدۇر زەهر،
ئول زەهرنى دەفئ ئەتكەلى تەرياكنى سەۋدۇم.
جانباز ئاگا ئاشىقى بىپاك كۆپ، ئىللا،
ئول جۇملەدە مەن هافىز بىباكنى سەۋدۇم.

× ×

كەلدى ئىرسە بۇ سەرۋى سىيمىن تەن،
جانىمە بولدى دوستلار دۇشمەن.
نې ئەجەب، بولسا يار يار مەنگە،
چۇن بولۇبدۇر قارىن بۇ جان بىلە تەن.
ئول ئىرۇر بارچە هال ئىچرە چۇ جان،
مەن ئىرۇرمەن ئاگا چۇ پىرەهەن.
نەزەر ئالسە بىھشت رەۋزەسىدىن،
بولۇر ئولدەمدە رەۋزە چۇن گۈلشەن.
سالسە گۈلخەنگە لۇتفى ئىلە نەزەرى،
گۈلخەن ئولۇر هەمان زەمان گۈلشەن.
كۆز ياشى بىرلە كەرچە تەر كۆرۈنۈر،
پاك ئىرۇر، دوستلار، ماڭا دامەن.

٤

ئىشق پوشىدە قالمادي ھافىز،
ئارى بەلگۈردى بۇيى مۇشكى خوتەن.

× ×

ھۇققەئى ياقۇت ئىچىدە كۆرگۈزۈپ دۇررى ئەدەن،
نەرخى شەككەر سىندۇرۇر سۆز بىرلە ئول شىرىن سۇخەن.
مۇسھەفى رۇخسارەسىن رەۋشەن كۆرۈپ مۇنزىل بولۇر،
شەئنى ھۇسنىنگە ئانىڭ ئاياتى لۇتفى زۇلمىنەن.
دامى زۇلفىنگە ئانىڭ جان قۇشى باغلانماق تىلەر،
چۇن چىكەن جانىڭ قۇشىنى دەم ـ بەدەم ھۇببۇلۋەتەن،
بوستان ئىچرە خىرامان يۈرۈپ ئول سەرۋى رەۋان،
سۇرەتى جانمەن تىبسە، ھەق ئايتۇر ئول نازۇك بەدەن.
يۈزى نارىندىن ئانىڭ نار ئىچرە تۈرلۈ نار بار،
قەددىنى كۆرگەن ئارا يەرلەر ئۆپەر سەرۋى چەمەن.
ئول قارا كوز ئاشنا ئىركەن رەۋان يۈگۈرۈپ قاچار،
مۇندايىن ۋەھشى ئەمەسدۇر ھىچ ئاھۇيى خوتەن.
گەنجى ئىشقىن تاپغالى ۋەيرانە كۆڭلۈم دائىما،
گەنجى جەننەت بولدى ئالەم ئىچرە ئول بەيتۇلھەزەن.
بۇ غەزەلنى گەر ئىشىتسە قىلغاي ئىردى ھەم قەبۇل،
ھافىزى بىچارەنىڭ شاھى ھۇسەين بىننى ھەسەن.

× ×

تىلمۇدۇر يا قەند ياخۇد تۇتىئى شەككەرشىكەن،
تىشمۇدۇر يا گەۋھەرى سىيراب يا دۇررى ئەدەن.
خەتمۇدۇر ياخۇد گۇلۇ گۇلزار يا باغى بىھىشت،
قەدمۇدۇر يا سەرۋ يا شەمشاد ياخۇد نارۋەن،
كۆزمۇدۇر يا كافىرى خۇنرىز يا جادۇيى ھىند،
يۈزمۇدۇر يا لالەئى خۇدروي يا بەرگى سۇمەن.
خەتمۇدۇر يا لالە ئۆزرە سۇنبۇلى پىچاندۇر،
يا ئەبرۇ ئەنبەرى ساراۋۇ يا مۇشكى خوتەن.
تەنمۇدۇر نازۇك تەنى ياخۇد مۇسەۋۋىر جانمۇدۇر،
بەرگى گۇلمۇدۇر ئوشۇل تەن ئۆزرە ياخۇد پىرەھەن.
نۇشى جانمۇدۇر ئوشۇل لەب ياتەقى ئابىھەيات،

نىشى دىلمۇدۇر ئوشۇل كىرپۇككىم، ئېرۇر تىيغى زەن.
دۇررى غەلتانىمۇدۇر ئول ئارەز قاشىنىدە كۆرۈنۈر،
ياتەقى زۇھرامۇدۇركىم، ماھ ئىلەدۇر ھەمقەرەن.
غۇنچە ئاغزى ھەسرەتىندە قان يوتارىندىنمۇدۇر،
كىم گۈلىستان ئىچرە كۆرگۈزۈر بۇ دەم قاندىن كەفەن.
كۆپ كىشىلەر ئەتدىلەر شېئر تەركىنى، ۋەلې
ئۇشبۇ ھافىزتەك ئايىتغان بولمادى شېئرى ھەسەن.

× ×

ئەي سەرۋىناز نازەنىن، ئولدەمكى سەن يار ئەتكەسەن،
بىر ناز قىلماغلىق ئۈچۈن يۈز ناز ئاغاز ئەتكەسەن.
بۇرقەڭ كۆتەرىپ، گۈل بىكىن يۈزۈڭنى كۆرگۈزسەڭ ماڭا،
ھىجران قىشىنى ھەتتا ۋەسلىڭ بىلە ياز ئەتكەسەن.
چەڭگى بەلادە لۇتفى ئىلە گەھ-گەھ نەۋازىش قىلماساڭ،
قانۇنى جەۋرىڭنى بارى جانىم ئۈچۈن ساز ئەتكەسەن.
چاڭگالى غەمزەڭگە رەۋان جانىم قۇشى بولغاي ئەسىر،
كۆزۈڭنى باز ئەتكەن ئارا كىم ھەملەئى بار ئەتكەسەن.
ھەجرىڭ غەمىدە جان چېكىپ دەرماندە بولغان ئارەدە،
ۋەسلىڭ ئىشىكىن رەھم ئېتىپ مەن بەندەگە باز ئەتكەسەن.
ئىككى جەھاننىڭ ئىززەتىن ئالەمدە گەر ئىزدەر ئېسەڭ،
دەرۋىشنى كۆرگەن ئارا ئىكرامۇ ئەئزاز ئەتكەسەن.
ھافىز، سېنىڭ قەدرىڭنى گەر خارەزم ئەھلى بىلمەسە،
ئەزمى ئىراق ئەيلەب رەۋان، ئاھەڭگى شىراز ئەتكەسەن.

× ×

جانىم تىلەكى دىلبەرى جانانىنى سەۋەرمەن.
بىر بەندەئى مىسكىنمەنۇ سۇلتانىنى سەۋەرمەن.
ئىشقىنغە ئەگەر نالىپ ئېسەم، ئەيب ئەمەسكىم،
دىن مەخزەنىندە جەۋھەرى ئىمانىنى سەۋەرمەن،
ھىجرانغە توشۇپ ئەشكىنى ئارزۇ قىلدىم،
دەۋرەخدەمەنۇ رەۋزەئى رىزۋانىنى سەۋەرمەن.
يۈزۈڭدىن ئالىڭ يار گۈلىستانىدا نىشان تەب،
جانىم بىلە ھەزلەمىز گۈلىستانىنى سەۋەرمەن.

يۇزى بىلە زۇلفى كۆكلۈمگە تۈشەر ئېرسە،
بوستانغە بارۇرمەن گۇلۇ رەيھاننى سەۋەرمەن.
ياد ئەيلەمەگىز باغداغى سەرۋى سەھىينى،
چۇن جان بىلەن ئول سەرۋ خىرامانىنى سەۋەرمەن.
پەيدا ماڭا سۆزلەشمەكى نې ھاجەت ئېرۇركىم،
ھافىزمەن، ئوشۇل غەمزەئى پىنھاننى سەۋەرمەن.

× ×

قول بەردى ئىنايەت بىلە ئەمدى ماڭا جانان،
گويا ئۆزىنە چەكدى قۇلىن لۇتفى ئىلە سۇلتان.
رەھم ئەيلەدى ھالىمغەۋۇ كۆز ياشىن ئاقىتدى،
ئاندافكى تۈشەر گۇلىنىڭ ئۆزە قەترەئى باران.
ئانداغ خۇشئايەندە كۆزۈم قاشىدىن ئاشدى،
كىم گۇلشەنى جاندە يۇرۇسە سەرۋى خىرامان.
ئول ھالدە ئالەم ماڭا زىندان ئىدى، ئىللا،
زىنداننى ئىنايەتى بىلە قىلدى گۇلستان.
كۆرگۇزدى يۇزۇ ئەيلەدى ھالىمنى رەۋان جەمئ،
گەرچە قارا زۇلفىتەك ئىدىم ھالى پەرىشان.
لايىق ئۇشەنگە پېشكەشىم يوقدۇرۇ جان بار،
جانىمنى قەبۇل ئەيلەسە ئۇشدە چەكەيىم جان.
ھافىزغە نەۋا تەگمەسە خارەزمدە، ئاندىن،
قىلغاي ئىدى ئاھەڭگى شىراز ئىلە سىپاھان.

× ×

ئالدىكىم كۆز كۆرە كۆڭلۈمنى ئوشۇل سەرۋى رەۋان،
كىم كۆرۈنۈر سۇرەتىندە زاھىرەن مەئنىئى جان.
سۇرەتى پاكىڭغە بۇ جانىمنى نىسبەت ئەيلەسەم،
ئول كۆرۈنۈر بەس خەفىۇ، بۇ كۆرۈنۈر بەس گەران.
دائىما ئاھۇ قاچار تىيرۇ كەمان كۆرسە، ۋەلې،
نې سەبەبدۇركىم ئوشۇل ئاھۇ تېلەر تىيرۇ كەمان.
گۇشەئىنى ئىختىيار ئەيلەپ ھۇزۇر ئىزدەر ئىدىم،
ئول قاراقچى كۆزلەرىندىن تاپسام ئېردى مەن ئەمان.
ئەرمۇغان بەرمەسە جانان ھۇسن شەھرىندىن كېلىپ،

كەلتۈرەيىم كۆز يۇلىدىن مەن نەزەرغە ئەرمۇغان.
مەن يامانۇ ئۆزگەلەر ياخشى بۇ سۇلتان قاشىدا،
خىرمەنى ئۇمر ئىچرە بولدى بارچە بۇغداي، بىر سامان.
تەلخلىقنىڭ يۇزىنى ئۆرمەگەمەن ھافىز بىكىن،
بولا بىلسەم شەككەرى شۇكرى بىلە شىرىن زەبان.

× ×

كۆزۇڭ تۈركۇ خەتىڭ ھىندۇيى جادۇ،
كىم ئاندىن باغلادى قان نافى ئاھۇ.
ئەجەبدۇر خال ئول ئارەز ئۆزەكىم،
خوتەننىڭ مۇلكىنى تۇتدى بۇ ھىندۇ.
يۇزۇڭ كۆرۇپ قىزاردى گۇل چەمەندە،
چۇ بار ئانىڭ يۇزىندە قەترەئى سۇ.
قىرانى سەئد بولغاي ئاشىق ئۇچۇن،
يۇزۇڭ چۇن ماھۇ قاشىڭدۇر تارازۇ.
تۇداقىڭ نۇشى تەگمەي، نىشى كىرپىك،
تېگەر ئانداقكى بال قاشىندە ئەرۇ.
مەنىم بىرلە بەسى خۇش بولغاي ئېردىڭ،
قاچان كەتسە ئارادىن بۇ مەنۇ تۇ.
نەزەرغە كەلتۈرۈر جانىنى ھافىز،
ئىشارەت ئەيلەسە ئول چەشمۇ ئەبرۇ.

× ×

قىلمادىم دوستدىن ئۆزگەگە نىگاھ،
چۇن كۆرۇندىن ماڭا ئول مېھر ئىلە ماھ،
جان بېرۇر ھالدە بىچارەسىنە،
بولماغاي دەردىدىن ئۆزگە ھەمراھ.
تىل بىلە ئۆز تىلەگىمنى تىلەمەن،
ھالىمىزدىن چۇن ئېرۇر يار ئاگاھ.
ئەجزۇ مىسكىنلىك ئاڭا كەلتۈرسەم
ئەجەب ئېرمەس، چۇن گەدامەن، ئول شاھ.
بىر دەمى كەچسە ئۇشانسىز ناگاھ،
ئىشقىندە ئولدەم ئېرۇر ئەينى گۇناھ.
ئاھى سوزان بىلەن جان ياندى، ۋەلى

رەھم ئەيلەمەدى دىلدارىمە ئاھ.
ئۆرتەنەۋۇ كۆيە بۇ ھاپىزتەك،
ئۆلمەسەم بولمايىسەر سۆز كوتاھ.

× ×

سەنتەكىن ئالەمدە خۇش جانان قانى؟
بارچە جانانلار ئارا بىر جان قانى؟!
مۇلكى جان ئىچرە سىنىڭتەك نازەنىن،
سەلتەنەتغە لايىق ئەي سۇلتان قانى؟!
ۋەسلىڭ ئېردى دائىما دەرمان ماڭا،
ھەجرىدىن ئۆلدۇم، ئۇشۇل دەرمان قانى؟!
لالەتەك يۇزۇڭ كۆزۇمدىن رەڭ ئالۇر،
شۇكرىكىم، زايىھ ئەمەس ئەفغان قانى.
غۇنچەتەك ئول تار ئاغىزغە مەڭزەگەن،
گۇلىستان ئىچرە گۇلى خەندان قانى؟!
كۆزلەرىڭ دەۋرىندە يۇزمىڭ فىتنە بار،
يۇزلەرىڭتەك فىتنەئى دەۋران قانى.
ئىشقىڭ ئوتى بىرلە يانغانلار ئارا،
سوختەئى ھافىز بىكىن بەريان قانى.

× ×

گەر تىلەر بولسا ئۇشۇل دىلدارى ئەييار ئۆزگەنى،
مەن تىلەمەن ئول بار ئېركەن يۇزۇمە يار ئۆزگەنى.
تار ـ تار زۇلفىنە مەن ئاشىقى جانباز ئىدكەن،
نې جىھەتدىن ئۆزىنە دىلدار تارتار ئۆزگەنى.
مەن ئانىڭ ئەسرارىنى جان ئىچرە يىللار ساقلادىم،
ئول پەرى پەيكەر سەنەم نې ياندىن ئاسرار ئۆزگەنى.
لۇتفى يولىدىن قاچان ئازار بولسە ئول سەنەم،
مەن بار ئېركەن جەۋر بىرلە ئەيلەر ئازار ئۆزگەنى.
ئارزۇيى ۋەلئىلدىن جان بىرولەكىم بىمارمەن،
جان بىرۇرمەن رەشكدىن گەر قىلسە بىمار ئۆزگەنى.
جان چېكەدۇرمەن ۋەفانىڭ كويىدە بىھايىدە،
چۇن قىلىپدۇر ھەرەم ئۆز ئۆزىنگە دىلدار ئۆزگەنى.

بەندەئى دىرىنە ئىشىكىندە ھافىزدۇر، ۋەلې
تۇرفە ھالىدۇر يۇكىم، شاھىم سويۇرغار ئۆزگەنى.

× ×

ھەجر ئوتىنغە ئۆرتەدى ئول لالە رۇخسارىم مېنى،
بۇلبۇلى ئاشۇفتە يەڭلىغ قىلدى گۇلزارىم مېنى.
زەۋق ئىتىپ جەۋرۇ جەفاسىن جان بىلە چەككەي ئىدىم،
ياد قىلسە گاھى گەھ يارى جەفاكارىم مېنى.
كەچمەكىم جاندىن بەس ئاساندۇر، ۋەلې ئاندىن كۆچەي،
مۇبتەلا ئەسرى قىلىپتۇر ئۇشبۇ دۇشۋارىم مېنى.
ئەل تۇرەسىندىن چۇ باشقا نالەئى زار ئەيلەرەم،
باشغە يېتىپ ئۆلتۇرەسى نالەۋۇ زارىم مېنى.
نارى خەندانىتەك كۆرۈنگەلى ئۇشانىڭ گۇل يۈزى،
ئوتغە ئۆرتەر ھەر نەفەس بۇ جانى ئەفگارىم مېنى.
ئەل بىكىن ئېلىپكى يۇگرۇرمەن ئۇشۇل مەندىن دەگۇل،
تازىلار تەك يېلدۇرۇر ئاھۇيى تاتارىم مېنى.
ھافىزا، ئىچكەي ئىدىم بۇ جامى جاندىن بادەلەر،
بىر نەفەس سورسە ئىدى ئول لەئلى خۇمارىم مېنى.

× ×

جەھاندە بارچەدىن دىلدار ياخشى،
تۇمەن ئەغياردىن بىر يار ياخشى.
رەقىب ئانىڭ قاشىندە ياخشى بولماس،
چۇ گۇل قاشىندە بولماس خار ياخشى.
ھەمىشە خەستەدۇر دەردى بىلەن جان،
بولا بىلمەدى بۇ بىمار ياخشى.
تىلەرمەن دائىما بىيدار ئانىكىم،
سەئادەت دائىما بىيدار ياخشى.
كىبرەكمەسدۇر ماڭا كۇنجى سەۋامىي،
چۇ ئاندىن خانەئى خەممار ياخشى.
قارا زۇلفى بىلە كۆزى خۇش ئېرۇر،
چۇ تەررار ئىلەدۇر ئەييار ياخشى.

کۆزی هافىز کۆزىنگە خۇش کۆرۈنۈر،
چۈن ئېرۇر بارچە مەردۇمدار ياخشى.

× ×

سەرۋی رەۋانده‌ك چىقسە ئول شەهر ئىچرە غەۋغا بولغۇسى،
بىر غەمزەسىندىن هەر زەمان يۈز فىتنە پەيدا بولغۇسى.
ئول نازەنىن قەد جان بىكىن قايدا بولۇر بولسە رەۋان،
کۆلەگەسىدىن شەمشاد يا سەرۋی دىلئارا بولغۇسى.
يۈزىنىڭ ئۆزرە زۇلفىنى مەششاتەكىم، شانە قىلۇر،
بازاری هۇسنىندە ئانىڭ يۈزتۈرلی غەۋغا بولغۇسى.
جادۇ کۆزی دەۋرىندە خۇد کافىر بەسی بولدی، ۋەلى
لەئلى لەبىن ئەهدىن کۆرۈپ بارچەسی تەرسا بولغۇسى.
بەرناغە تەگسە هالى ئىشق، ئول پىری کامىل کۆرۈنۈر،
هەم پىرغە ئول هالدىن يېتىشسە، بەرنا بولغۇسى.
تاپمادی ۋەسلى گەۋهەرىن مەۋجى بەلادە مۇبتەلا،
بولۇپ کۆزۈمنىڭ ياشىدىن هەر قەترە دەريا بولغۇسى.
هافىز بولۇبدۇر فەرد ئوشۇل دىلدارنىڭ يولىندەكىم،
جانلارغە هەزرەتدىن ئىدا بىر يولی فەردا بولغۇسى.

× ×

ئېچەكىم ئۆلتۈرۈر مەئشۇق نازی،
تەقی ئارتار ئاشىقنىڭ نىيازی.
ئەگەر سەن ئاشىق ئېرسەڭ بىلھەقىقە،
هەقىقەت ئىشق بولماسدۇر مەجازی.
قاشی مىهرابىنە گەر سەجدە قىلسە،
تۈشەر مەقبۇل ئاشىقنىڭ نەمازی.
كېرەك مەقسۇد ئۈچۈن کۆپ سەبىر قىلماق،
ياراشماس ئۇشبۇ يولدە سەبىر ئازی.
ئانی سەيد ئەتكەمەن تەپ ئۆزگەلەرگە،
نەزەر قىلماس کۆكۈلنىڭ شاهبازی.
ئۆزىن ئۆلتۈردی ئاشىق ئىشق بىرلە،
شەهىدی ئىشق ئېرۇر ئىشق ئىچرە غازی.

بۇ هافىزدىن قاچان بولغايسە پەيدا،
ئۇشۇل دىلدارنىڭ پوشىدە رازى.

× ×

سىنىڭتەك نازەنىنۇ دىلنەۋازى،
بۇ بىچارەغە يوقدۇر چارە سازى.
ئەگەرچە يوق سەنتەك پاك دامەن،
مىنىڭتەك هەم كۆرۈنمەس پاكبازى.
نەزەر قىلغىل، تەقى هالىمنى بىلگىل،
ساڭا ئوخشاش چۈ يوقدۇر چەشمبازى.
كۆزۈمنى باز ئېتىپ نىچەكى كەزدىم،
كۆرۈنمەدى سىنىڭتەك شاهبازى.
يانارمەن ئۇدتەك ئىشقىڭ ئوتىندىن،
مەنىم ئىشىم ئېرۇر چۇن سوزۇ سازى.
قاشىڭ مېهرابىنە قارشۇ تېلەرمەن،
سۇجۇد ئەتسەم تەقى قىلسەم نەمازى.
بۇدەم دەۋلەتدە سەنسەن شاهى مەهمۇد،
ئىشىكىڭ ساقلاغان هافىز ئايازى.

× ×

قاچان دىلداردىن تەگسە قۇلاقغە ۋەسل پەيغامى،
دىلئارامىندىن ئولدەمدە تاپار جانىم دىلئارامى.
ئالىپ بىر ئايىنە باقسۇن، يۈزىنىڭ ئايىنە باقسۇن،
بۇ خاكى پايىنە باقسۇن، كىم ئېرۇر لۇتفى ئەييامى.
يۈزى چۇن مېهرى ئەنۋەردۇر، سۆزى چۇن شەهدۇ شەككەردۇر،
كۆزى چۇن تۈركى كافىردۇر، كى يوقدۇر دىنۇ ئىسلامى.
ئۇشانىڭ ئوقۇ ياسىندىن، ئوقىرمەن جۇملە«ياسىن» دىن،
هەمىشە زۇلفى ياسىندىن كۆرۈنۈر تىيرەلىك شامى.
يۈزى چۇن مېهر رەخشەندە، لەبى هەم رۇه بەخشەندە،
قىلۇر شەككەرنى شەرمەندە تىلىنىڭ ئاچچى دۇشنامى.
كۆڭۈلكىم، سادە كۆرۈنگەي، مۇدام ئازادە كۆرۈنگەي،
مۇسەففا بادە كۆرۈنگەي، ئەگەر قىلساڭ تاڭ جامى.

نېچەكىم تەندە جان بولغاي، سۆزى ۋىردى زەبان بولغاي،
بۇ قۇل ھافىزغە سان بولغاي، يېتىشسە شاھ ئىنئامى.

× ×

جان ئاشىق بولغالى گۇل يۈزلۈ جانان بۇلبۇلى،
گۇنبەدى ئەفلاكغە تۈشدى سەداۋۇ غۇلغۇلى.
بۇ لەتافەتكىم، ئۇشانىڭ ئارەزىندە كۆرۈنۈر،
نازۇكۇ زىيبا ئانگىتەك بولماغاي جەننەت گۇلى.
لالەئى سىيراب جانان يۈزىنە بولغاي ئىدى،
لالە يۈزى تېگرەسىندە بولسە ئېردى سۇنبۇلى.
نى ئەجەب ۋابەستە بولسام كاكۇلى مۇشكىنىنە،
چۇنكى ئالەمنى قىلىپدۇر بەند ـ بەند كاكۇلى.
باج ئەھلى ھۇسنىدىن ئول تۈركى كافىركىش ئالۇر،
گوييياكىم ھۇسن ئەھلىنىڭ ئېرۇر تۇتغاۋۇلى.
بارچە ئۇششاقى ئۇشانىڭ يولىدە جان ئويىنادى،
گەرچە ئۇششاقى فەراۋاندۇر ئانىگدۇر بىر يولى.
يەتكەي ئېردىم ئاقىبەت جانان رىكابىن ئۆپكەلى،
بولسە ئېردى زىرى رانىمدە سەئادەت دۇلدۇلى.
ئىشقدە مۇنكىر بولدى ئېرسە سۇلتانلىق قىلىپ،
ئەيلەدى شاھى زەماننى زەۋق ئىلە قۇلنىڭ قۇلى.
قۇل بولۇبدۇرمەن سۇراھى قۇلقۇلىنغە، ھافىزا،
دەۋرى مەجلىس ئىچرە چۇن خۇشدۇر سۇراھى قۇلقۇلى.

(بېشى 175 ـ بەتتە)

مەشھۇر ئەدىب بىلىم، ھۈنەر توغرىـ
سىدا: «يىگىت ئۈچۈن 76 تۈرلۈك ھۈنەر
ئازلىق قىلىدۇ. ھەركىـمگە مەيلى باي،
مەيلى گاداي ئۈچۈن ھـۈنەر ئـۆگـىنىش
لازىم. ئۆز ھۈنىرىنى، بىلىمىنى، خەلقىنىڭ،
ۋەتىنىنىڭ پاراۋان بولۇشى ئۈچۈن سەرپ
قـىلـىشى لازىـم. خەلقىنىڭ، ۋەتـەنىنىڭ
خىزمىتىدە بولۇش ئۇلۇغ خىسلەت ـ پـەزىـ
لەتتۇر» دەپ يازىدۇ.

مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ مەزكۇر
ئەسىرى ھەقىقەتەن ئەخـلاقىي دىداكتىك
ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشىغا چوڭقۇر تەـ
سىر كۆرسەتكەن، ھەممە ئەسەرلىرىدە ئىلغار
ئەخلاقىي كـۆز قاراشـلار ئـورۇن ئالغان
بولۇپ، ئۇلار شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىـ
يادا ئەخـلاقـىي پېـداگوگىكىلىق ئىـلغار
پىكىرلەرنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئەھمىـ
يەتكە ئىگە.

«كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىنىڭ 1986 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى سانىدىن.
تەييارلىغۇچى: رازىيە ئىمىن.

# شائىر ئەخمەتشا قارىقاشى

جامائەتچىلىكنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولغان مەشھۇر ساتىرىك شېئىر «ئات قىسسىسى» (بەزى ۋارىيانتلاردا «نەزەر مۇپتىغا خەت» ياكى «ئات ھەققىدە مۇخەممەس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ ئاپتورى قارىقاشلىق ئەخمەتشانىڭ باشقا ئىجادىي مىراسلىرى ۋە ھايات پائالىيىتى توغرىلىق ھازىرغىچە بىرەر مۇكەممەلرەك مەلۇمات يوق ئىدى. يېقىندا، ئەخمەتشا قارىقاشىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا ئىزدەنگۈچى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىشى، جۈملىدىن ئەخمەتشانىڭ پەنەۋرىسى (تۆتىنچى ئەۋلادى) ئابدىقادىر ئاخۇنىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىگە ئاساسەن، بۇ ئائىلىدىكى بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ تۇغۇلۇش ۋاپات بولۇش يىلنامىلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش جەريانىدا ئىشەنچلىك تەپسىلاتقا ئىگە بولدۇق.

شائىر ئەخمەتشا 1750 - يىللىرى قارىقاش ناھىيىسىدىكى قاپاقلا يېزىسى، ھالايلى (ھويلا ئالدى) مەھەللىسىدىكى بىر دىنىي مۆتىۋەر ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، تەخمىنەن 1828 - يىللىرى ۋاپات بولغان.

ئەخمەتشانىڭ دادىسى مۇبارەكشا قاپاقلا يېزىسىدىكى مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى بولغان. ئەينى ۋاقىتلاردا دەرسلىك سۈپىتىدە ئوقۇتۇلۇۋاتقان نەۋائى، خوجا ھاپىز شىرازى، سوپى ئاللايار، مىرزا بېدىل قاتارلىقلارنىڭ خۇش ئاھاڭ غەزەللىرى كىچىك ئەخمەتشانىڭ گۆدەك قەلبىدە شېئىرىي ھېسسىياتىنىڭ، ئەدەبىي ھەۋەسىنىڭ بىخلىنىشىغا سەۋەب بولغان.

ئەخمەتشا دەسلەپكى بىلىمنى ئۆز يېزىسىدا دادىسىدىن ئالغان، ئۇ 17 ياشلارغا كىرگەندە قەشقەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتى «خانلىق مەدرىسە» گە بېرىپ ئوقۇغان. ئەخمەتشا كىچىكىدىنلا زېرەك، خۇش چاقچاق بولۇپ، چاقچاق سورۇنلىرىدا ئۆز تەڭتۇشلىرىنى بېسىپ چۈشۈشتە تونۇلغانىدى.

بىلىم ئىشتىياقى بىلەن ھەرقايسى جايلاردىن قەشقەرگە يىغىلغان تالىپلار ۋە قەشقەردىكى قەلەم ئىگىلىرى ئەخمەتشا ئىجادىيىتىنىڭ كامالەتكە يېتىشىشىدە بەلگىلىك رول ئوينىدى. ئۇ بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئەنئەنىۋى رومانتىزمدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، رېئالىستىك ساتىرا ژانىرىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت شەكلى سۈپىتىدە تاللىۋالدى.

ئەخمەتشانىڭ تۆتىنچى ئەۋلادى ئابدىقادىر ئاخۇنىنىڭ ئېيتىشىچە، دادىسى ئابدۇغوپۇر ئاخۇنۇم، كىچىك ۋاقتىدا دادىسى سەيد ئاخۇنۇمدىن ئەخمەتشا ھەققىدە بەزى تەپسىلاتلارنى ئاڭلىغانىكەن. بىر كۈنى ئابدۇغوپۇر ئاخۇنۇم، ئائىلىسىدىكىلەرگە «ئات

قىسسىسى» نى ئوقۇپ بەرگىنىدىن كېيىن: «بۇ ــ مېنىڭ دادام ئەخمەتــشانىڭ توقۇغان نەزمىسى» دېگەن، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ قىزىقارلىق خۇسۇسىيەتلىرى، نەزەر مۇپتى بىلەن يېزىشقان خەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەرگەن.

ئەخمەتشا «خانلىق مەدرىسە» دىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن، قارىقاشتىكى چوڭ مەدرىسە ــ «گۆزەر» مەدرىسىسىگە مۇدەررىس قىلىپ تەيىنلىنىدۇ.

ساۋاقدىشى نەزەرنىڭ ئاقسۇدا مۇپتى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئەخمەتشادا ئاقسۇنىڭ ياخشى ئېتىدىن بىرنى ئېلىش ئىستىكى تۇغۇلۇپ، ئۇنىڭغا پۇل ئەۋەتىدۇ. ئات يېتىپ كەلگەندە شائىرنىڭ ئۆتكۈر ھەجۋىي قەلىمى بۇ ئاتنىڭ نۇقسانلىق سۈرىتىنى ماھىرلىق بىلەن سىزىپ چىقىدۇ. ئەسەردە رېئال جەمئىيەتتىكى خىيانەتكارلىق، ۋاپاسىزلىق قاتارلىق ئىللەتلەر رەھىمسىز تۈردە ئېچىپ تاشلىنىدۇ... بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەر خېلى كۆپ.

يېقىندا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ ئىزدىنىشى ئارقىلىق ئەخمەتشانىڭ «مېۋىلەر ۋەسپى» سەرلەۋھىلىك يەنە بىر پارچە ساتىرىك ئەسىرى تېپىلدى.

«مېۋىلەر ۋەسپى» سەرلەۋھىسى ئاستىدىكى بۇ قول يازما خوتەن قەغىزىگە ناچار ئىملا بىلەن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ باش ـ ئاخىرى يوقالغان. جەمئىي 22 بەتلىك، 12 × 18 فورماتلىق بۇ ئەسەر ياخشى ساقلانمىغان.

ئەسەردە ئۈجمە، ئۈزۈم، خورما...قاتارلىق 13 خىل مېۋىنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان مۇنازىرىسى ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن، ھەر قايسى مېۋىلەردە بولۇدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك، ئەلگە يەتكۈزىدىغان پايدا ـ مەنپەئەت ياكى زەرەر تەسۋىرلەنسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مېۋىلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى تۇرمۇش، ئادەت كۈچى ۋە كىشىلەردىكى يارىماس ئىللەتلەر ــ مەنمەنلىك، تەكەببۇرلۇق قاتارلىقلار يۇمۇرلۇق تىل بىلەن قامچىلانغان.

بۇ ئەسەر ئەخمەتشانىڭ ئىجادىي مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدىن.

مۇشتەرىلار دىققىتىگە: ژۇرنىلىمىزنىڭ 1988 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا تىتول، مۇندەرىجە، تېكىست قوشۇلۇپ ئەسلىدىكى 224 بەتتىن تۆت بەت ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى ساندىن تۆت بەت قىسقارتىلدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى سانلارنىڭ بەت سانى يەنىلا ئىلگىرىكى 224 بەت بويىچە بولىدۇ. خەۋەر تېپىپ قېلىشىڭىزلانى سورايمىز.

ھۆرمەت بىلەن: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.

# ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر نىزامى گەنجەۋى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

## 1

ئەزەربەيجان خەلقىنىڭ پارس ئەدەبىي تىلىدا ياراتقان ئالەمشۇمۇل كلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسىدە شەرقنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرى ئەبۇمۇھەممەد ئىلياس ئىبن يۇسۇپ نىزامى گەنجەۋى (1141 — 1203) ئېپتىخارلىق ئورۇن تۇتقان.

نىزامى سالجۇق تۈركلىرى ئىستېلا قىلغان ئەرران مەملىكىتىنىڭ پايتەختى گەنجە (ھازىرقى ئەزەربەيجاننىڭ كىراۋئاباد) شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. XII ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن گەنجە شەھىرى ئەينى زاماندا ئەزەربەيجان خەلقىنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. تېز ئارىدا سالجۇق تۈركلىرى تەسىرىدە پارس ئەدەبىي تىلى ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت ۋاستىسى بولۇپ تونۇلدى.

نىزامى ياشىغان دەۋردە فېئودالىق ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئۆتكۈرلەشكەن، مۇسۇلمان - خىرىستىيان مەملىكەتلىرى ئارىسىدىكى سەلىب ئۇرۇشلىرى داۋام قىلىۋاتقان، مۇسۇلمان مەملىكەتلىرى ئارىسىدىكى مىللىي زىددىيەتلەر ۋە ئىشغالىيەتكە قارشى مىللىي ئازادلىق ئىستەكلىرى كۈچەيگەن، شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى پەيدا قىلغان نۇر شولىلىرى فېئودالىق زۇلمەت قوينىغا غەرق قىلىنغانىدى.

نىزامى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسى — فارابىزم تەسىرىدە تەرەققىيپەرۋەر ئۇتوپىزملىق دۇنيا قارىشىنى شەكىللەندۈردى. فارابى ۋە ئىبنىسىنانىڭ روھ ھەققىدىكى تەلىماتى نىزامىنىڭ بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. نىزامى لوگىكا، فىلولوگىيە، ئاسترونومىيە، تارىخ، ئەرەب ۋە پارس تىلى بويىچە ئۆز خەلقىنىڭ مەرىپەتلىك نامايەندىلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە تونۇلغانىدى.

نىزامى ئوردا خىزمىتىدىن باش تارتقان «ھالال ياشاش»، «كەمبەغەللەرگە يار - يۆلەك بولۇش»، «زومىگەرلىككە يول قويماسلىق» نى ئۆزىنىڭ پائالىيەت پرىنسىپى قىلغان ئاخىيلار ھەرىكىتىگە خەيرىخاھلىق قىلغانىدى.

ئۇ دەربەند ھاكىمى ئىنئام قىلغان ئاپاق ناملىق تۈرك چۆرە قىزنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىناق ياشىغان. ئۇنىڭ مۇھەممەد دېگەن ئوغلى ئاپاق خاتۇندىن تۇغۇلغانىدى. ئاپاق خاتۇن قازا قىلغاندىن كېيىن ئىككى قېتىم نىكاھلىق بولغان بولسىمۇ، ئۇلار 1188 - يىلى،

1200 - يىلى قىسقا ئۆمۈر تۈپەيلى ئالەمـ
دىن ئۆتۈشكەن.
نىزامى 1203 - يىل ئۆز يۇرتى گەنجىدە ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئەسەر-
لىرى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كەڭ
كۆلەمدە جامائەتچىلىككە تونۇلدى.

2

نىزامى ئوتتۇرا ئەسىر ئارىستوتېلىـ
زمى — فارابىزملىق دۇنيا قارىشىنىڭ
تەسىرىدە، شەرق خەلقلىرىنىڭ مول ۋە رەڭگاـ
رەڭ ئېغىز ئەدەبىياتى تەسىرىدە، ئەبۇلقاسىم
فىردەۋسى ۋە ئۇنىڭ نادىر ئەسىرى
«شاھنامە» داستانلار سىستېمىسىنىڭ
تەسىرىدە، ئەينى زامان ئىجتىمائىي تىپا-
تىكىسىنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىسى ۋە غايىۋى
پىكىرنىڭ يۈكسەك ئىلھامى تەسىرىدە
لىرىك ۋە ئېپىك شېئىرىيەتتە كامالەتكە
يەتكەن شائىر سۈپىتىدە ئۆز خەزىنىسىنى
بېزىدى. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر نىزامى
پەلسەپە پېشىۋالىرىدىن پەرقلىق ھالدا
ئۆزىنىڭ غايىلىرىنى بەدىئىي ۋاستىلەر
بىلەن ئىپادىلەپ بىر قاتار قەسىدىلەر،
غەزەللەر، رۇبائىلار، ھېكمەتلەر، قىتئەلەر
ۋە «پەنج گەنج» (بەش خەزىنە) ناملىق
تونجى خەمسەنى ياراتتى.
شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، نىزامى
غايىلىرىنىڭ پىرىنسىپلىرى ئۇنىڭ داستاز-
لىرىدا قانداق گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولسا،
ئۇنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدىمۇ شۇنداق تىلغا
ئېلىنغاندى. ئۇ غەزەللىرىنىڭ بىرىدە:

«شاد ياشا، بۇ زامان غەمگە ئەرزىمەس،
قىسلما، بىل، كۆپمۇ كەمگە ئەرزىمەس.
ئارپا - تېرىقچىلىق تۇرمىغاي ئۆزى،
تۆكۈلگەن كۆز يېشى نەمگە ئەرزىمەس.
كۈندۈزنىڭ دىلخۇشى بۇ رۇشەنلىكى،
سۈبھىدەم سالقىن شەبنەمگە ئەرزىمەس.
دەيسەنكى، بۇ ئاستا تۈزۈلۈپ قالار،
توغرىمەس بۇ سۆز بىردەمگە ئەرزىمەس.»

دەپ يېزىپ، فېئودالىلىق رېئاللىقتىن
پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزگەنلىكىنى، ئۇنى
ئىنسانىي ھايات بىلەن ياراشتۇرۇش
مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېنىق جاكالىغان.
ئۇ بىر رۇبائىيسىدا:

«يولباستۇق، ئىش قىلدۇق، بارچىسى ئۆتتى،
زامانسىزلىق قىلدۇق، باقمىدى كەتتى.
قىغان چەكتۇق، ئەمما قېنى ئۇنىمىز،
ئۆمرى نەقدىنەمىز زوم ئۆتمەي پۈتتى.»

دەپ، ئىنساننىڭ شەخسىي ئۆمۈر - ھاياتى
بىلەن چەكسىز ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ
ۋاپاسىزلىقىنى تىلغا ئالغان. بۇنى ئۇنىڭ
تۆۋەندىكى يەنە بىر رۇبائىيسى تېخىمۇ
ئېنىق ئېچىپ بېرىدۇ:

«بىر كۈن يەمەن شاھى قەبرىگە بارسام،
كېپەن تۈتۈپ، قول سوزۇپ كۆرسەتتى
كەرەم.
ئۇ دېدى: «بۇ ساخاۋەتىم، قىلماغىل ئەيب،
دۇنيادا بۇنىڭدىن ئۆزگە يوق نەرسەم!»

نىزامى ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەر
غايىلىرىنى بۇ غەزەللىدە مۇنداق
ئىپادىلىگەنىدى:

«دىلىمدا غۇسسە ـ غەم بىسيارۇ بىسيار،
خارابات شەۋقى ئۇ خۇمارۇ خۇمار.
بەختسىزلەر يولىنى تۇتتۇم، يولۇم شول،
رىياكارلار دەمى دەركارۇ دەركار.
نە قىلسۇن مەندە تەسبىھ، ئەي دوستلار،
بۇ خىرقەم ئاستىدا زۇننارۇ زۇننار.
سەلبۇ قۇچقىراقتىن پەخر ئەتتىم،
ناماز تەسبىھقا دىلدا ئارۇ يۈز ئار.
كىرەي دەۋا بىلە مەيخانە ئىچرە،
بازاردا جارچىلار قاتارۇ قاتار.
مېنىڭ قىسسەمدە ھېچ نەقدىنە يوقتۇر،
نە قورقماق ئوغرىدىن، نەزارۇ بىزار.
مۇھەببەت زۇلمىدا مىڭ ـ مىڭ شۈكۈركىم،
تېنىمدا باش، بۇ باشقا سىرتماغۇ دار.
بۇ ئىشلار ئىچرە ئەيب ئەتمە، نىزامى،
قەلەندەرۋار يولۇم بارۇ يولۇم بار.»

نىزامى ئىنساننىڭ، ئىنسان بەختىنىڭ يالقۇنلۇق كۈيچىسى سۈپىتىدە فېئوداللىق جاھالەتنى پاش قىلىش بىلەن بىللە، ئىنساننىڭ بەختيار كەلگۈسىنى كۈيلىدى. ئۇ تەپەككۇرنى رېئاللىقنى بايقاش ۋە تەنقىد قىلىش، كەلگۈسىنى بىنا قىلىشنىڭ ئۇلۇغ قورالى دەپ قارىدى. ئۇ ئۆز ھېكمەتلىرىدە مۇنداق دېگەنىدى:

«تېرىش ھەم ئورۇشتىن ئىبارەت جاھان،
ھەممە ئۇندا بىرى بىرىگە دېھقان.»

«ئاسمان ھەم نە بولسا بارى،
ئادەمنىڭ پىكرىدىن ئەمەستۇر خالى.»

«بىز ئۈچۈن ئېكىلگەن ئىكەن نەچچە باغ،
ياسايلى باشقىلار ئۈچۈن بىز بۇ چاغ.»

## 3

نىزامى ئۆز غايىلىرىنى «پەنج گەنج» داستانلار مەجمۇئەسىدە ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرگەن. نىزامى 1178 ـ يىلى 37 يېشىدا تۇنجى داستانى «مەھزۇنۇل ئەسرار» (سىرلار خەزىنىسى) نى يېزىپ چىقتى. ماقالات ـ ھېكايات شەكلىدە يېزىلغان بۇ پەلسەپىۋى ـ دىداكتىك داستان ئاساسىي تېمىنى ئىنسان ۋە ئادالەت مەسىلىسىگە قاراتقانىدى. داستاندا دۆلەتنى باشقۇرۇشتا ئادالەتنىڭ ئەھمىيىتى، پادىشاھ بىلەن خەلق مۇناسىۋىتىدىكى ئادالەت دەرىجىلىرى قاتارلىق سىياسىي مەسىلىلەر بىلەن ئەمگەكنىڭ قەدرى ـ قىممىتى، ئىنساننىڭ ئۆز قەدرى ـ قىممىتىنى قەدىرلىشى لازىملىقى قاتارلىق ئىجتىمائىي ـ ئەخلاقىي مەسىلىلەر تىلغا ئېلىنغان. شۇنداقلا ۋاپاسىزلىق، خىيانەت، تەمەگەرلىك، كىبىر، ھاۋا قاتارلىق سەلبىي ئەخلاقىي كاتېگورىيىلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈلگەن.

نىزامى 1180 ـ يىلى 39 يېشىدا «خۇسرەۋ ۋە شېرىن» داستانىنى يېزىپ چىقتى. نىزامى خۇسرەۋ پەرۋىزنىڭ شاھزادە چېغىدا گۈزەل شېرىن بىلەن مۇھەببەت قۇرغانلىقىنى، ئەمما ئۇ پادىشاھلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن ئۆز مۇھەببىتىگە سادىق بولالمىغانلىقىنى گەۋدىلەندۈردى. شۇ چاغدا ھۈنەر ـ سەنئەتتە كامالەت تاپقان يىگىت پەرھات شېرىنغا ئاشىق بولىدۇ. شېرىننىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان پەرھات ئۆز ھاياتىدىن ۋاز كېچىدۇ. نىزامى قەلىمىدە خۇسرەۋ زىددىيەتلىك تەسۋىرلەنگەن. ئۇ ئادالەتلىك شاھ يولىنى تۇتۇپ ئالىملار بىلەن دۆلەتنى

AltunOq

باشقۇرۇش يولىنى ئىزدەيدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇ ئۆز مۇھەببىتىگە ئاداقىچە سادىق بولالمايدۇ. بۇ جەھەتتە پەرھات خۇسرەۋگە نىسبەتەن ساداقەت جەھەتتە روشەن سېلىشتۇرما بولىدۇ. نىزامى ئۆز داستانىدا شېرىننى غايە، ئەقىل، ئىقتىدارنىڭ سىماسى سۈپىتىدە ئوبرازلاشتۇرغان. ئۇنىڭ خۇسرەۋ پەرۋىز ھەققىدىكى ئىدىيىسى، ئېھتىمال ئاقسۆڭەك، ئادىل پادىشاھ قاراشلىرىغا نىسبەتەن بىر خىل شۈبھە ئىپادىلەش بولۇشى مۇمكىن. ئاددىي خەلق تەرەپتارى بولغان نىزامى ئۇچۇن داستانىنىڭ تېماتىكىسى ۋە بەدىئىي قۇرۇلمىسى خاراكتېرلىكتۇر. نىزامى چىندىكى بەختىيار ۋە ئادىل شەھەر ۋە چىندىكى تەلىم ئالغان پەرھات ھەققىدە توختالغاندا، ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانىدىكى توران — چىن تەسۋىرىدىن كۆپ دەرىجىدە ئىلگىرىلەپ، ئۆزىنىڭ غايىۋى ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن.

نىزامى 1188 - يىلى 44 يېشىدا «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنى يېزىپ چىقتى. نىزامىنىڭ مۇھىم ئىجادىيەت مېۋىسى بولغان بۇ داستان قەدىمكى ئەرەب ھېكايىسى ئاساسىدا ئىشلەنگەن. نىزامى ئەقىللىق، ئېپپەتلىك لەيلى بىلەن ئەينى زامان زىيالىيسى قەيسىنىڭ (كېيىن ئۇ «مەجنۇن» دەپ ئاتىلىدۇ) پاك مۇھەببىتىنى ئوخشىمىغان تەبىقىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، لەيلىنىڭ ئاتىسىنىڭ فېئودال مۇدھىش توسقۇنلۇقلىرى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ پاجىئەلىك ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. داستان لەيلىگە نىكاھلىق بولماقچى بولغان باشقا ھاللىق ئائىلىنىڭ تويلۇقلىرىنىڭ لەيلىنىڭ كېيىنلىكىگە ئايلىنىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. نىزامى داستانلىرىنىڭ دۇردانىسى بولغان «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى فېئوداللىق ئاسارەتنى ئېچىپ تاشلاشتا مىسلىسىز ئۈلگە ياراتقاندى.

نىزامى 1196 - يىلى 55 يېشىدا «ھەپتە پەيكەر» (يەتتە گۈزەل) داستانىنى تاماملىدى. بۇ داستان «شاھنامە» دىكى بەھرامگور ھېكايىتى ئاساسىدا ئىشلەنگەن. داستاندا بەھرامگورنىڭ بىر مەزگىل ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگەنلىكى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ۋەزىرى دۆلەتنى زۇلۇم بىلەن باشقۇرغانلىقى، كېيىن بەھرامگورنىڭ ئۆزىنى بىلىپ ئادالەت ۋە ساخاۋەتنى كەۋدىلەندۈرگەنلىكى ئۇنىڭ سىياسىي ۋە خۇسۇسىي تۇرمۇش ھادىسىلىرى بىلەن چېتىشتۇرۇلۇپ تەسۋىرلەنگەن. ئەسەر نىزامىنىڭ بارغانسېرى ئىجتىمائىي - سىياسىي تېمىغا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى.

نىزامى 1200 - يىلى 59 يېشىدا «ئىسكەندەرنامە» داستانىنى تاماملىدى. بۇ ئەسەر ئۇنىڭ ھاياتى ۋە غايىلىرىگە نىسبەتەن يەكۈن خاراكتېرلىك يادىكار بولۇپ قالدى. نىزامى «ئىسكەندەرنامە» داستانىنى «شاھنامە» دىكى «ئىسكەندەر پادىشاھلىقى» داستانىدىكى ھېكايىلار ئاساسىدا غايىۋىلەشتۈرۈپ ئىشلىگەندى. «ئىسكەندەرنامە» ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسىمدا فەيلاقۇس ئوغلى ئىسكەندەرنىڭ تەربىيىلىنىشى، ھەربىي يۈرۈشلىرى ۋە ئۇنىڭ ئادالەتلىك ھاكىم بولغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئەسەرنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئۆزىنىڭ فارابىچە ئوتوپىك جەمئىيەت قاراشلىرىنىڭ بەدىئىي سۈرىتىنى بېرىدۇ. نىزامى شىمالدا بىر ئەلدە شۇنداق ئىدىيىئال جەمئىيەت بولۇپ، ھەممە باراۋەر ياشايدۇ، ئۇنىڭدا

بەخت ۋە گۈللىنىشتىن باشقا جاھالەت، ھەسەت مەۋجۇت ئەمەس. نىزامى ئاخىرقى داستانىنى تاماملاپ ئۈچ يىلدىن كېيىن ئالەمدىن ۋىدالاشتى.

## 4

نىزامى ئۆز ئەسەرلىرىدە فېئودالىق رىيائالىق ۋە ئۇنىڭ جىنايى ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاش، ئىنسانىنى، ئىنسانىنىڭ ھوقۇقىنى، ئىنسانىنىڭ ئائىلىۋى ۋە ئىجتىمائىي بەخت-سائادىتىنى كۆيلەش، جەمئىيەتنى تۈزەشنىڭ ئادالەتلىك پادىشاھنى ۋاستە قىلىش لايىھىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش، بەختىيار ۋە باراۋەر كەلگۈسى جەمئىيەت ئوتوپىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن خاراكتېرلەنگەن مۇتەپەككۇر ئەدىب.

نىزامى «مەھزۇنۇل ئەسرار»، «خۇسرەۋ ۋە شىرىن»، «ھەپتە پەيكەر»، «ئىسكەندەرنامە» داستانلىرىدا ئىزچىل تۈردە ئادالەت ۋە دانىشمەن پادىشاھ مەسىلىسى بىلەن ياندىشىدۇ.

نىزامى ھەممە ئەسەرلىرىدە، بولۇپمۇ «خۇسرەۋ ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «ھەپتە پەيكەر» قاتارلىق ئىشقى-مۇھەببەتكە ئائىت داستانلىرىدا قاباھەتلىك ۋە نەپرەتكە مۇناسىپ بولغان ئوتتۇرا ئەسىر مۇھىتىدا مۇھەببەتنى ئىجتىمائىي تېماتىكىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى سۈپىتىدە قەلەم ئاستىغا ئالىدى. «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» داستانىدا نىزامى رىيائالىق ئاساسىدا بۇ پاجىئەلىك مۇھەببەتنى تەسۋىرلىگەن بولسىمۇ، ئۇ ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ شىرىن بىلەن پەرھاتقا خاسلىقىنى بىشارەت ۋە ئارزۇ قىلدى. بۇ ھەقتە شەيخ سەئىدى (1203 — 1291) مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىر يېزىپ، ئۈچ جەھەتلىك ئىشقى پېرسوناژلار — شىرىن، خۇسرەۋ، پەرھاتقا باھا بەرگەندى.

«مەن سۆيەرمەن شۇنچە سىنى، نىكاھ ئۈچۈن
بىتاقەتتە،
دوست مەيلىنى زورلىماسلىق، مۇھەببەتتۇر
ئۇ ئەلۋەتتە.
خۇسرەۋ خاھلار شىرىن بىلەن كۆككۈل
ئاچسا گۈگۈم چېغى،
بېستون تېغىن قازغان پەرھات مۇناسىپتۇر
مۇھەببەتكە.»

ئەلىشىر نەۋائىي خۇسرەۋ دېھلەۋى ئارقىلىق نىزامى ئارزۇ قىلغان، شەيخ سەئىدى ھېسداشلىق بىلدۈرگەن «پەرھات ۋە شىرىن» ئىشقى مۇھەببىتىنى داستانلاشتۇرۇپ چىقتى. نەۋائىدا خۇسرەۋ پەرۋىز زىددىيەتچان شەخس ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي سەلبىي پېرسوناژ قىلىنغاندى. نىزامى خۇسرەۋ پەرۋىزگە ئېھتىمال ئۆزىنىڭ ئىدىيال - ئادىل پادىشاھ ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش نىيىتىدە باشقىچە ياندىشقان بولۇشى مۇمكىن.

«لەيلى ۋە مەجنۇن» نىزامىنىڭ تىپىك ئىجتىمائىي ۋە ئىشقى تراگېدىيەلىك داستانى سۈپىتىدە يېزىلغان. نىزامى فېئودالىق ئەخلاقىي قاراشلار بىلەن ئىنسانىي مۇھەببەت ۋە بەخت - سائادەتنىڭ مۇرەسسەسىز زىددىيەتلىرى تىپىك مۇھىتىدا ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ پاجىئەسىنى

تەسۋىرلەپ، فېئودالىزمنىڭ غەيرىي ئىنسانىي تەبىئىتىنى پاش قىلىدۇ. نىزامى قەلىمىدە مەجنۇن ئاتىسى تەرىپىدىن مەككىگە ئېلىپ بېرىلىپ مۇقەددەس دەرگاھدا ئىلاھى ئىشىق ئاستانىسىدە ئۆز ئەقلىنى تىلىۋالسۇن دېگەندە، مەجنۇن يەنىلا:

«مەن مۇھەببەت ئۈچۈن ياشايمەن يەنە،
مۇھەببەتسىز تاپار ئۆمرۈم خاتىمە.»

دەپ خىتاب قىلىدۇ. بۇ ماھىيەتتە نىزامى گۇمانىزمىنىڭ يالقۇنلۇق خىتابى ئىدى. نىزامى لەيلى تىلىدىن:

«غايە دەپ ئۆلۈرمەن، قان بوياپ كېپەن،
ئۇ تەگدۇر تويدىكى لىباسىم بىلەن.»

دەپ، غايە يولىدىكى ئۆلۈمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى جاكالايدۇ.

نىزامى پىكىر قىلاتتى، ئۇ ھەر بىر بېيىت مىسرانى مەلۇم ئىجتىمائىي - پەلسەپىۋى ئىدىيە ئاساسىدا تۈزەتتى. ئۇ مۇنداق يازغان:

ھېچبىر بېيىت سېنىڭدىن پىنھان بولماس ھېچقاچان،
ئۇنىڭ ھەر جىلۋىسىدە بىر يوشۇرۇن سىر ئايان.
يۈز يىل ئۆتۈپ پورساڭ «سەن نەدە» دەپ ئۇنىڭدىن،
«مەن مۇندا» دەپ نىدا چىقار ھەر بىر بېيىت - قۇرۇمدىن.

5

نىزامى گەنجەۋىي شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا «خەمسە» داستانچىلىقىغا ئاساس سالدى. ئۇ خۇسرەۋ دېھلەۋى، ئەلىشىر نەۋائىدەك ئۈچ - تۆت يىل ئىچىدە ئەمەس، بەلكى ئالدىنقى ئۈلگىسى بولمىغان ھالدا 1178 — 1200 - يىللىرىغىچە جەمئىي 22 يىل (37 — 59 يېشىغىچە) سەرپ قىلىپ بۇ ئۈلگىنى تىكلىدى. ھازىرقى ئەدەبىياتشۇناسلارغا مەلۇم بولۇشىچە، شەرق ئەللىرىدە پارسچە 42 پارچە، تۈركچە تۆت پارچە «خەمسە» يېزىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى نىزامىنى ئۈلگە قىلغان، پىر - ئۇستاز قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خۇسرەۋ دېھلەۋى، ئابدۇررەھمان جامى ۋە ئەلىشىر نەۋائىي ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان ۋە نىزامى «خەمسە» لىرى بىلەن تەڭلەشكەن.

نىزامى ئەسەرلىرى يىپەك يولىدا مەيدانغا كەلگەن ئىدىيە ۋە گۈزەللىك جەۋھەرلىرى سۈپىتىدە ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرىگە كەڭ تونۇشتۇرۇلغان. چاغاتاي ئەدەبىياتى نامايەندىلىرىدىن قۇتبى XIV ئەسىردە ئۇنىڭ «خۇسرەۋ ۋە شېرىن» داستانىنى، ھەيدەر خارەزمى XV ئەسىردە ئۇنىڭ «مەھزۇنۇل ئەسرار» داستانىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلغانىدى. ئاگاھى ئۇنىڭ «ھەفت پەيكەر» داستانىنى نەسرىي يول بىلەن تەرجىمە قىلدى.

ئۇلۇغ ئەزەربەيجان شائىرى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر گۇمانىست ئىلياس يۈسۈپ نىزامى گەنجەۋىي ئەسەرلىرى ئۆزىنىڭ ئىنسانغا يېقىنلىقى، غايىۋى كۈچى، بەدىئىي قىممىتى، تارىخىي تەسىرى بىلەن ھازىرغا قەدەر ياشاپ كەلدى ۋە مەڭگۈ ياشايدۇ.

# هاپىز خارەزمى ۋە ئۇنىڭ دىۋانى توغرىسىدا

چاغاتاي خانلىقى (1230 — 1360) 130 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، ئالىملىقتىن ھىندىقۇشقىچە، قۇمۇلدىن خارەزمغىچە بولغان كەڭ زېمىندا تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ يەنىمۇ پۇختا راۋاجلىنىش مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈردى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ باشقۇرغان كەڭ تېررىتورىيە ماۋەرائۇننەھرى ۋە مۇغۇلىستان (يەتتەسۇ ۋە شىنجاڭ) دىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ رايونلاردا يەنىلا قاراخانىلار مەدەنىيىتى ۋە تىلى ئاساسىدا ئۆزىنى ئەرەب - پارس مەدەنىيىتى ۋە تىلىدىكى ئىجابىي ئامىللار بىلەن بېيىتقان چاغاتاي مەدەنىيىتى ۋە تىلى ئورتاق تىل ۋە ئورتاق مەدەنىي ئەنئەنە سۈپىتىدە خىزمەت قىلىۋاتاتتى.

تۆمۈرلەڭ (1336 — 1405) تۆمۈرىلەر سۇلالىسىنى بەرپا قىلىپ، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا - يېقىن شەرققە يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن كەڭ كۆلەملىك ھەربىي يۈرۈشلەرنىڭ ئىجابىي تارىخىي نەتىجىلىرى سۈپىتىدە تۆمۈر ئەۋلادلىرى دەۋرىدە كەڭ دائىرىلىك مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تېخىمۇ كۈچەيگەن. بۇ چاغدا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىمۇ تەركىي دۇنياچىلىقنى تەرغىپ قىلىدىغان روھانىيەتچىل سوفىزم — غەززالى ۋە يەسەۋىچىلىك ئېقىمى ئورنىغا باھاۋىدىن نەقشىبەندى (1314 - يىلى تۇغۇلغان) سوفىزمى مەيدانغا كېلىپ، ئىنسان ۋە ئەركىن پىكىرنى كۆيلەش ئىمكانىيەتلىرى يارالغانىدى.

تۆمۈرىلەر سۇلالىسى دەۋرىدە يۈسۈپ ئەمىرى، ئەھمەدى، يەقىنى، ئەتائىي، سەككاكى، لۇتپى ۋە ئەلىشىر نەۋائىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆز غەزەللىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە نادىرلىقى بىلەن ئۆز زامانىسىنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىگە جۇلا قوشقان يىرىك ئەدىبلەردىن بىرى ئابدۇرەھىم ھاپىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يېقىنغىچە ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزغا مەلۇم بولمىغان بۇ مۇئەللىپنىڭ 18612 بېيىت (37264 مىسرا) دىن تەشكىل تاپقان زور ھەجىملىك دىۋانى 1975 - يىل 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ھىندىستاننىڭ ھەيدەرئاباد شەھىرىدىكى «سەلار جەڭ مۇزېيى» دا 4298 - رەقەمدە مەلۇم بولدى. بۇ ئىشتا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېك ئالىملىرى، جۈملىدىن فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى، پروفېسسور ھەمىد سۇلايمانوۋ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تەشەككۈرگە لايىق زور ئىلمىي خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى.

«دىۋان» نىڭ بۇ ھەيدەرئاباد نۇسخىسىغا «دىۋانى ھاپىز تۈركى» دېگەن سەرلەۋھە قويۇلغان. ئۇنىڭ قوشۇمچە بېتىگە «دىۋانى ھاپىز بەزەبانى تۈركى» دەپ يېزىلغان. بۇ دىۋان مەشھۇر جاھان كلاسسىكى خوجا شەمسىددىن مۇھەممەد ھاپىز شىرازى (1320 — 1389) شېئىرلىرىنىڭ تۈركىي تەرجىمىسى دېگەن خاتا چۈشەنچە بىلەن مۇزېي خادىملىرىغىمۇ مەلۇم بولماي كەلگەن.

قول يازما خوتەن قەغىزى سىياقىدىكى يىپەك قەغەزگە كۆچۈرۈلگەن. فورماتى 26×15 سانتىمېتىر، جەمئىي 586 بەت. قول يازما قەغىزىنىڭ ئەتراپى نەمدىلىپ سارغايغان بولسىمۇ، تېكىستلەرگە تەسىر قىلمىغان. قول يازمىنىڭ ئاخىرقى قىسمى بولمىغاچقا قاچان ۋە قەيەردە كۆچۈرۈلگەنلىكى، كۆچۈرگۈچىنىڭ كىملىكى نامەلۇم. پالېئوگرافىك ئالامەتلەر بۇ قول يازمىنىڭ XIV — XV ئەسىرلەر ئارىلىقىدا كۆچۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«دىۋانى ھاپىز تۈركى» دە 1 مىڭ 52 غەزەل، بىر مۇخەممەس، ئىككى مۇستەھزاد، تۆت تەركىببەند، ئۈچ تەرجىبەند، 33 قىتئە، 11 رۇبائىي بار. بۇ دىۋاننىڭ ھەيدەرئاباد نۇسخىسىنىڭ تېپىلىشى ئۇنىڭ باشقا نۇسخىلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق ئېھتىمالىنى كۈچەيتىدۇ.

تۆمۈرلەڭ ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى توختامىشخاننى يېڭىپ 1379 - يىلى خارەزمنى ئۆزىگە قاراتتى. تۆمۈرلەڭنىڭ ئوغلى شاھرۇخ مىرزا زامانىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادا يېڭىچە مەدەنىيەت ئۆركىشى شەكىللەندى. بۇ چاغدا شاھرۇخ مىرزا ھىراتنى پايتەخت قىلغان ھالدا خۇراساننى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا قالدۇرۇپ، سەمەرقەنتنى مەركەز قىلغان ماۋەرائۇننەھرنى ئىككىنچى ئوغلى مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا، ئىران زېمىنىنى كىچىك ئوغلى سۇلتان ئىبراھىم (1414 — 1435) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى. شائىر ئابدۇرەھىم ھاپىزنىڭ ھاياتى ئۇنىڭ ۋە شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن دەۋرنى، (1379 - يىلى تۆمۈرلەڭ خارەزمنى قولغا كىرگۈزگەن ۋاقىتتىن 1435 - يىلى سۇلتان ئىبراھىمنىڭ ۋاپات قىلغان ۋاقتىغىچە بولغان دەۋرنى) ئۆزىگە ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. «دىۋان ھاپىز تۈركى» نىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا مۇئەللىپ ئابدۇرەھىم ھاپىز خارەزملىك بولۇپ، كېيىن شىراز شەھىرىدە ياشاپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئابدۇرەھىم ھاپىزنىڭ خارەزمدىن شىرازغا كۆچكەن ۋاقتى تۆمۈرلەڭنىڭ ئىرانغا، جۈملىدىن شىراز شەھىرىگە يۈرۈش قىلغان ۋاقتىغا، ياكى 1414 - يىللىرىنىڭ ئالدى - كەينىگە توغرا كېلىشى تەخمىن قىلىنماقتا؛ ئەگەر 1414 - يىلى شىرازغا كەلگەن دېيىلگەندە، بۇ تۆمۈرلەڭنىڭ شىرازغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ چاغدا خوجا ھاپىز شىرازىنىڭ ۋاپات بولغىنىغا 25 يىل بولغانىدى.

ئابدۇرەھىم ھاپىز شېئىرلىرىدا بۇخارا، سەمەرقەند، خوجەند ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىنىڭ ناملىرى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ شەھەرلەردە ياشىغان ۋە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى نامەلۇم. ئۇنىڭ دىۋانى سۇلتان ئىبراھىمنىڭ ۋاپاتى ئالدىدا تەشكىل قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن؛ ئۇنىڭ سۇلتان ئىبراھىم ۋاپاتى (1435 - يىلى) غا بېغىشلىغان مەرسىيەسىنىڭ قول يازمىغا سەل باشقىچىرەك قەغەز ۋە قەلەمدە قىستۇرۇلغانلىقى بۇنىڭدىن بىشارەت بېرىدۇ.

ئابدۇرەھىم ھاپىز دىۋانىنىڭ قاچان ۋە قانداق قىلىپ شىرازدىن ھىندىستاننىڭ ھەيدەرئاباد شەھىرىگە كېلىپ قالغانلىقى نامەلۇم، پروفېسسور ھەمىد سۇلايمانوۋ ئۇنى بابۇرىلەر دەۋرىگە ئېھتىماللاشتۇرغان.

ئۇ ھاپىز تەخەللۇسىدىكى 156 كىشىنىڭ تەرجىمىھالىنى سىيلىشتۇرۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئابدۇرەھىم ھاپىزنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت ھېچقانداق مەنبە ئۇچراتمىغان.

«دىۋانى ھاپىز تۈركى» لىرىك شېئىرىيەت بويىچە ئەلشىر نەۋائىنىڭ «چاھار دىۋان» توپلاملىرى ۋۇجۇدقا كېلىشتىن بۇرۇنقى ئەڭ زور يادىكارلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر ئابدۇرەھىم ھاپىز ئۆزىنى خوجا ھاپىز شىرازى ئىدىيىلىرى ۋە لىرىكا ماھارىتىنىڭ تۈركى شېئىرىيەتتىكى ۋارىسى ھېسابلىغان. ئۇنى تۈركى خەلقلەر شېئىرىيىتىدە ھاپىز شىرازى ئۇسلۇبىنى يارىتىشنى ئۆز ئالدىغا مەقسەت قىلغان لىرىك شائىر دېيىش مۇمكىن. ئۇ مۇنداق يازغان:

ھافىزنى كۆرۈڭ ئۇشبۇ زەمان تۈرك تىلىدە،
گەر كەچدى ئىسە فارىسىدا ئول ھافىزى شىراز.

ئۇ ئۆزىنىڭ سۇلتان ئىبراھىم زامانىدىكى «غەزەلخان» ئىكەنلىكىنى مۇنداق ئۇقتۇرغان:

گۈلىستان يۈزلى ئەي ساقى، سېنىڭ ھۇسنۇڭ ماڭا گۈلدۇر،
ئىچەيلى بادەنىكىم، دەۋرى ئىبراھىمى سۇلتاندۇر.
سەنا ۋە ھەمد ئەيتادۇر ياراتقان بىرۇ بارىنغا،
ئۇشۇل سۇلتان زەمانىدە بۇ ھافىزكىم غەزەلخاندۇر.

ئۇ ئۆزى ھەققىدە توختالغان غەزەللىرىدىن بىرىدە:

ئول ياردىن جەفا ماڭا نازۇ نەئىم ئېرۇر،
ئەغيارنىڭ ۋەفاسى ئەزابى ئەلىم ئېرۇر.
خاس ئۆز قولۇڭا لۇتف ئېتىپ رەھم قىلسە يار،
مۇخلىس قەدەمى قۇل ئاڭائەبدۇررەھىم ئېرۇر.

دەپ يازغان.

ئابدۇرەھىم ھاپىز شېئىرلىرىنىڭ تېماتىكىسى ۋە ئۇسلۇبى رەڭدار ۋە خىلمۇ-خىل. ئۇنىڭ غەزەللىرى سوفىزمىنىڭ خوجا ھاپىز شىرازى ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىلغار پانتېزملىق ئېقىمغا ئاساسلانغان. ئۇنىڭ كۆپچىلىك قاراشلىرى نەقشبەندى تەرىپىدىن ئىلگىرى سۈرۈلگەن قاراشلارغا — ئىشقى ھەقىقى (ئىلاھى ئىشق)غا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئىشقى مەجازى (ئىنسانىي ئىشق) باسقۇچىنى بېسىش توغرىسىدىكى يېگىچە پىكىر ئېقىمىغا يېقىندىن يانداشقان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىنسان ھەم ئۇنىڭ بەخت-سائادىتى، ئەركىنلىكى ۋە رېئال ھايات لەززىتىنى ساددا، راۋان، گۈزەل تىل بىلەن ئىپادىلىگەن. مەنسۇر ھەللاجى نامىنى كۆپ قېتىم ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان.

يېگىدىن ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغان تالانتلىق شائىر ئابدۇرەھىم ھاپىز شېئىرلىرى «چاغاتاي تىلى» ئاساسىدىكى تۈركى شېئىرىيەتنىڭ يەنە بىر نادىر نەمۇنىسى بولۇپ، ئۇ داۋاملىق تەتقىق قىلىنغۇسى.

# مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ ئەخلاقىي دىداكتىك مىراسى

ئى. سەيدۇللايېۋ

(قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي خادىمى)

ئوتتۇرا ئاسىيا، قازاقىستان، شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ XVIII — XIX ئەسىرلەردە ئىجاد قىلغان ئىلغار كۆز قاراشتىكى كۆپلىگەن ئەدىبلىرىنىڭ، جۈملىدىن مۇھەممەت سادىق قەشقەرى، ئاباي، بىلال نازىم، فۇرقەت، مۇقىمى، ئەخمەت دانىشلارنىڭ ئىجادىيىتى مەزكۇر تېررىتورىيىدە ئەخلاقىي — دىداكتىكلىق ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ ئورنى ئالاھىدىدۇر.

مۇھەممەت سادىق قەشقەرى XVIII ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ توققۇزاق يېزىسىدا دۇنياغا كەلدى. بەزى مەلۇماتلاردا ئۇنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى 1849 - يىلى دەپ كۆرسىتىلگەن.

ئەدىب باشلانغۇچ مەلۇماتنى توققۇزاق يېزىسىدىكى ئائىلىۋى مەكتەپلەردىن ئالغان. ئاندىن كېيىن قەشقەرنىڭ مەشھۇر «ساچ» مەدرىسىسىدە ئوقۇدى. تارىختىن مەلۇم بولدىكى، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ كۆپلىگەن نامايەندىلىرى مەزكۇر مەدرىستە ئوقۇپ تەلىم ئالغان.

مۇھەممەت سادىق قەشقەرى ياش چېغىدا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقنى ئۆزىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان»ىدا ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتىدۇ.

ئۇنىڭ تۆرلۈك ماۋزۇدا 18 دىن ئوشۇق ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم. ئەدىبنىڭ ئەنە شۇ باي مىراسلىرى ئىچىدە «ئەدەبۇسسالىھىن» («ياخشى ئەدەبلەر»)، «زۇبدەتۇلمەسائىل ۋەل ئەقائىد» («ئۇبدان مەسىلىلەر ۋە قائىدىلەر»)، «تەزكىرەئى ئەسھابۇلكەھب» ئوخشاش ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىلغار ئەخلاقىي قاراشلارنىڭ راۋاجلىنىشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. «تەزكىرەئى ئەزىزان» دىمۇ ئەخلاقىي مەسىلىلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. ئەدىبنىڭ ئەخلاقىي دىداكتىك مەزمۇندىكى مىراسلىرىنىڭ ئىچىدە «ئەدەبۇسسالىھىن» دىققەتكە سازاۋەردۇر. مۇھەممەت سادىق قەشقەرى مەزكۇر ئەمگىكىنى يېزىشتىن ئاۋۋال خىلمۇخىل مەزمۇندىكى ئەخلاقىي دىداكتىك، تارىخىي، دىنىي فىلوسوپىيىلىك ئەسەرلەرنى كۆرۈپ چىققانلىقى مەلۇم، XVIII ئەسىردە ئەرەب، پارس تىللىرىدا يېزىلغان كۆپلىگەن ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقى ئەرەب، پارس، ھىندى، قېرىنداش تۈركى تىللىرىدا يېزىلغان ئەمگەكلەردىن بەھرىمەن بولالىغان. ئۆز نۆۋىتىدە قېرىنداش قوشنا خەلقلەرمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دۇردانىلىرىنى

سۆيۈپ ئوقۇغان.

مۇھەممەت سادىق قەشقەرى ئۆزىنىڭ «ئەدەبۇسسالىھىن»، «زۇبدەتۇلمەسائىل ۋەل ئەقائىد» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلىرى بىلەن شۆھرەت قازاندى. ئۇلار شەرق ۋە غەرب ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا پېتىربۇرگتا، تاشكەنتتە، كالكۇتتىدا، تۈركىيىدە بىرنەچچە قېتىم رۇس، ئۆزبېك، تۈرك تىللىرىدا نەشر قىلىنغان.

ئۇلارنىڭ كۆچۈرمىلىرى لېنىنگراد، تاشكەنت ۋە باشقا شەھەرلەرنىڭ قول يازما پونكىتلىرىدا ساقلانماقتا. ئەدىبنىڭ «ئەدەبۇسسالىھىن» ناملىق ئەسىرى ئوتتۇرا ئاسىيا، تۈركىيە، شىنجاڭنىڭ مەدرىسلىرىدە دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلغان. 1902 - 1903 - يىللىرى خىۋەخانى مۇھەممەت رەھىمخاننىڭ ئەمرى بىلەن كاتىپلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ، خارەزىم مەدرىسلىرىدە دەرسلىك قاتارىدا پايدىلانغان. دېمەك مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ مەزكۇر ئەمگىكىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى قېرىنداش خەلقلەر — ئۆزبېك، قارا قالپاق، تۈركمەن ۋە قازاقلار بەھرىمەن بولغان. چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىلغار پىكىرلىك ۋەكىللىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خىۋەدىكى مەدرىسلەردە ئوقۇپ تەلىم ئالغانىدى.

رۇس شەرقشۇناسى ن.س لىكوشىن مەزكۇر ئەسەرنى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ 1895 - يىلى تاشكەنتتە، 1915 - يىلى پېتىربۇرگتا نەشر قىلدى. تەرجىمان كىتاب مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشۇشنى خالىغۇچى ياكى مۇسۇلمان نەزەرىدە قانداق ئادەت ۋە خۇلقلار ئەدەبلىك ئىكەنلىكىنى بىلىشكە قىزىققان ھەرقانداق كىشى ئۈچۈن بۇ كىتاب پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن».

مەزكۇر ئەسەرنىڭ مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بىر نۇسخىسى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا 74.78 ئىنۋېنتار نومۇر بىلەن ساقلانماقتا.

ن.س لىكوشىن بۇ قول يازمىدىن پايدىلانمىغان. ئۇ «ئەدەبۇسسالىھىن» نى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا، ئەسەرنىڭ تاشكەنتتە تاشباسمىدا بېسىلغان نۇسخىلىرىدىن پايدىلانغان. تەرجىمان ئەدەب — ئەخلاق نورمىلىرىغا توختالغاندا، شەرق خەلقلىرى ئەخلاقى بىلەن ياۋروپا خەلقلىرى ئەخلاقى توغرىسىدىكى بەزى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا تاشلىغاندا مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ «ئەدەبۇسسالىھىن» ۋە «زۇبدەتۇلمەسائىل ۋەل ئەقائىد» ئەسەرلىرىگە «شەرقتىكى ئەدەب - ئەخلاق مەجمۇئەسى» دەپ نام بەرگەن. مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ مەزكۇر ئەسەرلىرى ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئائىلىۋى مۇناسىۋىتىنى ئۆگەنگۈچى ئالىملارغا «ئەدەبۇسسالىھىن» بىردىنبىر ئىشەنچلىك مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ «ئەدەبۇسسالىھىن» ئەسىرىدە قەيت قىلىنغان ئەدەبلەر 32 پەسىل ۋە تۆۋەندىكى يەتتە بابتىن ئىبارەت.

1) ئۆيدە ئادەملەر بىلەن ئۇچراشقاندا رىئايە قىلىنىدىغان ئەدەبلەر.

2) سەپەردە، ساياھەتتە رىئايە قىلىنىدىغان ئەدەبلەر.

3) ئاغرىقنى يوقلاشتا، مۇناسىۋەتتە

رىئايە قىلىنىدىغان ئەدەبلەر.
4) ئۇخلاش، دەم ئېلىش، ئىچىملىك
ئىچىش ۋاقتىدىكى ئەدەبلەر.
5) جامائەت يىغىلىدىغان جايلاردا
سۆزلەش، بىلىم ئۆگىنىش، ئۇستاز ۋە
شاگىرت چوڭ - كىچىكلەر ئارىسىدا رىئايە
قىلىنىدىغان ئەدەبلەر.
6) مېھمان كۈتۈش ۋە مېھماندار -
چىلىقتا رىئايە قىلىنىدىغان ئەدەبلەر.
7) ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدا رىئايە
قىلىنىدىغان ئەدەبلەر.
مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ
تەكىتلىشىچە، مۇسۇلمان شەرقتىكى مەملى-
كەتلەردە ھويلا ئالدىغا پېشايۋان قىلىش
رەسمىيەت قىلىنغان. ئائىلە باشلىقى، ئائىلە
ئەزالىرى بىلەن پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ دەم
ئالىدۇ. شۇنداق پەيتلەردە ئۆيگە قەدەم
تەشرىپ قىلغۇچى ئۆزىنىڭ كىرمەكچى
بولغانلىقىنى مەلۇم بىر بەلگە — ئىشىكنى
چېكىش ئارقىلىق بىلدۈرۈش لازىم. سا-
ھىبخان كەلگۈچىنى سالام بىلەن قارشى
ئېلىشى، كەلگۈچىمۇ ساھىبخانىنىڭ سالىمىغا
جاۋاب قايتۇرۇشى ۋە ئۆي ئىگىسى تەكلىپ
قىلغاندا ئۆيگە كىرىشى لازىم. كىتابتا
مۇنداق دېيىلگەن: «تاماقلىنىش ئالدىدا
قول يۇيۇش لازىم. تاماق يېيىلىپ بولغان-
دىن كېيىن ھەر بىر ئادەم قولىنى يۇيۇپ،
چىشىنى تازىلاش لازىم. بۇ ئەدەبكە دائىم
رىئايە قىلىش، ئۆيگە كەلگەن مېھمانلارنى
ياخشى كۈتۈۋېلىش، ئوبدان تاماقلارنى
بېرىش، قولغا سۇ بېرىش».
مۇھەممەت سادىق قەشقەرى كوچى-
دىكى يۈرۈش - تۇرۇشلاردىكى ئەدەبلەر
توغرىلىق يېزىپ كېلىپ، كوچىدا كېتى-
ۋاتقاندا كۆپ سۆزلىشىپ تۇرۇشنىڭ

توغرا ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتىپ قويغان.
شۇنداقلا ناننى ياقىدىغان تونۇرنى، ئۆزى-
نىڭ ھالال تەرى بىلەن بۇغداي ئۆس-
تۈرگەن دېھقاننى ھۆرمەتلەشكە چاقىرىدۇ.
«ناننى ئىسراپ قىلماسلىق، قولنى نانغا
سۈرتمەسلىك، ناننى بىر قول بىلەن
سۇندۇرماسلىق، ھەر بىر كىشى ناننى
ھۆرمەت قىلىش لازىم».
«...ئەر - ئايال بىر - بىرىنى ھۆرمەت
قىلىغاي، ئەر ئېغىر - بېسىق، ۋەزمىن ۋە
ئۆز پىكرىدە قەتئىي بولۇش، ئەر كىشى
ئۆيلەنمەكچى بولسا، ئۆزىنىڭ لايىقىنى
كۆرۈپ ئېلىش لازىم. ئەر - ئايال بىر - بى-
رىنى ھۆرمەتلىشى لازىم. ئەدەبلىك ئەر
كىشى ناپاك ئايالغا ئۆيلەنمەسلىكى لازىم.
يامان خۇلقتىكى ئايالغا ئۆيلەنمەسلىك
لازىم. ئەدەبسىز كىشىگە تۇرمۇشقا چىقىش
ئەدەبسىزلىكتۇر. يامان خۇلقتىكى كىشىلەر
قىغ ئاستىدىن ئۈنۈپ چىققان كۆك ئوت-
تۇر. ئەر - ئايال بىر - بىرى بىلەن ياخ-
شى تۇرمۇش مۇناسىۋىتى ئورنىتىش، ھەد-
دىدىن تاشقىرى ئاچچىقلانماسلىق، ئۆزىنى
خۇش چىراي تۇتۇش تۇرمۇشتىكى بەزىبىر
مەسىلىلەرگە، سىناقلارغا ئېغىر - بېسىق پو-
زىتسىيىدە بولۇش، ھاياتتىكى لەززەتلىرى-
نى بىر - بىرى بىلەن تەڭ سۈرۈپ، كۆڭۈللۈك
تۇرمۇش كەچۈرۈشى لازىم».
مۇھەممەت سادىق قەشقەرى ئۆز ئە-
سىرىدە ئەخلاقنىڭ نورمىلىرى ئىچىدە
تەربىيە مەسىلىسىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى
ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. «مۇسۇلمان جەمئى-
يىدە تەربىيە، — دەيدۇ مۇھەممەت سادىق، —
ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر». ئۇ
تەربىيىنى ئىنسان ئەقلىنى، ھاياتىنى شە-
كىللەندۈرگۈچى ئامىللارنىڭ بىرى دەپ

چۇشىنىدۇ. ياش ئۆسمۇرلەرنى كىچىكىدىن
تارتىپ تەربىيىلەشكە هايات تەسىرىنىڭ
مۇهىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق
دەيدۇ: «هەركىشى كىچىكىدىن تارتىپ
تۇرمۇشنى ئۆگىنىشى لازىم. ئادەمنى تۇر-
مۇش دانا قىلىدۇ».

كۆپچىلىك توپلاشقان جايلاردا ئا-
دەمنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشى، هەرىكەت قىل-
غاندا ۋە سۆزلىگەندە قانداق ئەدەبلەرگە
ئەمەل قىلىشى توغرىسىدا شائىر مۇنداق
دەيدۇ: «نۇتۇق سۆزلىگۇچى گۈزەل، قىسقا،
ئىخچام سۆز قىلىش لازىم. قىيىن، ئارتۇق
سۆزلەرنى قىلماسلىقى، ئۆزىنىڭ بىلىم-
دانلىقىنى، سۆزگە ئۇستا ئىكەنلىكىنى
كۆرسىتىش مەقسىتىدە ئۇزاق سۆزلەش ئە-
دەبسىزلىكتۇر، هەر بىر كىشى يالغان
سۆزدىن يىراق تۇرسۇن، يالغانچىلىق
يامان ئىللەتتۇر».

ئەدىب شۇنداقلا ئاتا-ئانىنىڭ بالا
تەربىيىلەشتىكى رولىغا چوڭ ئەهمىيەت
بېرىپ: «هەر بىر پەرزەنت ئەقىللىق، زې-
رەك، دانا بولسۇن. ئۇلار ئاتا-ئانىلارنىڭ
گېپىنى ئاڭلىشى، هۆرمەت قىلىشى لازىم.
چوڭلارنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتۈشكە
بولمايدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ.

شائىر ئەدەب-ئەخلاق مەسىلىسىنى
ئىنتايىن كەڭ چۈشەنگەن ۋە ئۆز كىتابى-
دا ئۇنى هەممىگە چۈشىنىشلىك تىل بى-
لەن تەپسىلىي بايان قىلىشقا هەرىكەت
قىلغان. ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىك يىغىلغان
جايلاردا ئۆزىنى قانداق تۇتۇشى، نېمىلەر-
گە رىئايە قىلىشى هەققىدە مۇنداق دەپ
يازىدۇ.

«يىغىندا دىققەتلىك بولۇش، ئىز-
زەت-ئىكرام بىلەن ئولتۇرۇش لازىم.
ئەگەر يىغىن ۋاقتىدا چۈشكۈرۈشكە، ئەس-
نەشكە توغرا كەلسە، مۇمكىنقەدەر ئاستا، بىل-
دۈرمەي هەرىكەت قىلىش لازىم. يۆتەلگەن-
دە ئاغزىنى قول ياغلىق ياكى قول بىلەن
يېپىشى لازىمدۇر. كىچىك پېئىل بولۇش،
يىغىندىكىلەرنى هۆرمەت قىلىش، ئۇلارنى
ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن
ئاۋارە قىلماسلىق ئەدەبلىك كىشىلەرگە
خاس خىسلەتتۇر. كۆپچىلىكنىڭ هۆرمىتى
ئۈچۈن بەزى ئىشلارنى قىلىشقا توغرا
كەلگەندە ئۆزىنى چەتكە تارتماسلىق ۋە ئۇ-
يالماسلىق لازىم. باشقىلارنىڭ قىلغان ياخ-
شىلىقى ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىش، مەنپەئەت
كۈتمەسلىك ئەدەبىتىندۇر. ئاغىنە ۋە
يېڭىدىن تونۇشقانلار بىلەن سەمىمىي
سۆهبەتتە بولۇش لازىم.

يىغىندا بىرىنچى قېتىم سۆز قىلغان
كىشى ئاز گەپ قىلىش، كۆپىنچە سۈكۈت
قىلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭكىنى تىڭشاش لا-
زىم. ئۆزىنىڭ سۆزمەنلىكى ۋە دانىشمەن-
لىكىنى بىلدۈرۈش نىيىتىدە بولۇپ قىيىن
ئىبارىلىك سۆزلەرنى، جۈملىلەرنى سۆز-
لەش توغرا ئەمەس.

هەرقانداق كىشى كۆپ ماختىغانغا ئۇ-
چۇپ كەتمەسلىك، ماختانماسلىق لازىم.
ئاردا يوق ئادەملەر هەققىدە غەيۋەت،
شىكايەت قىلىش، ئۇلار توغرىسىدا ئىغۋا
قىلىش مەكروهدۇر ۋە بىئەدەبلىكتۇر.
ئادەملەرنىڭ ئاقساق-چولاق ۋە شۇنىڭغا
ئوخشاش ئەزالىرىنىڭ تەلتۆكۈس بولماس-
لىقىغا كۈلۈش ۋە لەقەم قويۇش، هاقا-
رەتلەش يامان خىسلەتتۇر. ئىككى كىشى
بىر نەرسە توغرىلىق پاراڭلىشىۋاتقان
بولسا، ئۈچىنچى كىشىنىڭ يېقىنلىشىشى،
گەپكە قۇلاق سېلىشى توغرا ئەمەس».

(ئاخىرى 160 - بەتتە)

AltunOg




# تورى غوجا، ھوشسىز ئىشان

بۇرۇن ئابدۇللا ئىسىملىك ئەقىل-پاراسەتلىك بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. بىر كۈنى ئۇ ساياھەت قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ بىر باياۋانغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ جىلغىدىن چۈشكەن سۇنىڭ ئاياغ تەرەپكە ئېقىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ: «سۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ھاياتلىق بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپتۇ-دە، سۇنىڭ ئاياغ تەرىپىگە قاراپ مېڭىپتۇ. بەش-ئالتە چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن قۇملۇق بىر باياۋانغا كەپتۇ ۋە بۇ يەردە كۈن كەچۈرگىلى بولۇدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى، قولۇم-قوشنىلىرىنى ۋە غېرىب-غۇرۋالاردىن بولۇپ يەتتە ئائىلىنى كۆچۈرۈپ كەپتۇ.

بۇ يەتتە ئۆيلۈك تېرىقچىلىق قىلىپ، كۈندىن-كۈنگە مول ھوسۇل ئاپتۇ، ئۇلار پاتلا بېيىپ كېتىپتۇ.

ئابدۇللا باشقىلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— بىز ئالغان ئاشلىقىمىزنىڭ ئوندىن بىرىنى ئايرىپ قويايلى، ناۋادا بىرەر جايدىن غېرىب، ئاجىز كىشىلەر كېلىپ قالسا زاپاس ئاشلىقتىن ئۇلارغا بېرىپ بىز بىلەن تېرىقچىلىق قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەيلى.

بۇ خەۋەر پات ئارىدىلا باشقا جايلارغا تارقاپتۇ. كىشىلەر تەرەپ-تەرەپتىن بۇ جايغا كۆچۈپ كېلىپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلاپتۇ. ئارىدىن بىرقانچە يىللار ئۆتۈپتۇ. ئابدۇللا ئۆلۈپ بۇ تۈزۈمنى ئىجرا قىلىش ئوغلى ھاشىمغا قاپتۇ.

ھاشىم ئاستا-ئاستا دادىسى تۈزگەن تۈزۈمنى بۇزۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ يىغىلغان ئاشلىقنىڭ بىر نىسپىنى غېرىب، ئاجىزلارغا بەرسە، يەنە بىر نىسپىنى سېتىپ ئۆزىنىڭ يانچۇقىنى توملاپتۇ. ئابدۇللانىڭ يەتتىنچى ئەۋلادىغا بارغاندا غېرىپ، ئاجىزلارغا ئاش بېرىدىغان تۈزۈم پۈتۈنلەي تۈگەپتۇ. تاغدىن كېلىدىغان سۇمۇ كۈندىن-كۈنگە كېمىيىپ دېھقانچىلىق بارا-بارا سۇسلىشىپتۇ. ئاشلىق كېمىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرگە سېلىنىغان سېلىق كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىشكە باشلاپتۇ.

زۇلۇمنىڭ ئېغىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يۇرتتا غوجىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشقا باشلاپتۇ. ئابدۇللانىڭ ئەۋلادىدىن بولغان

تورى غوجا بوپتۇ.
تورى غوجىنىڭ بىر بالىسى بار ئىـ
كەن. بىر كۈنى تورى غوجا بالىسىنى
چاقىرتىپ:
ـــ ئوغلۇم سەن باشقا يۇرتلارغا بېرىپ
بىر ئىلمىي تەلىم ئۆگىنىپ كەلگىن، ئىلـ
مىڭ بولسا نادان خەلقنى ئوبدان باشقۇر-
غىلى بولىدۇ. ئىلىم ئىگىسى بولساڭ، ئادەم
نېمە دېسەڭ شۇنىڭغا قايىل بولىدۇ، ـــ دەپتۇ.
بۇ بالا باشقا شەھەرگە بېرىپ، بىلىم
ئېلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئويۇن ـ تاماشىغا
بېرىلىپ كېتىپ، كۈندىن ـ كۈنگە خارابلىـ
شىپتۇ. ئاخىرى پۇلى تۈگەپ نان تىلەپ
يەيدىغان هالەتكە كەپتۇ. ئۇ تىلەمچىلىك
قىلىپ يۈرۈپ بىر مەككارغا ئۇچراپ قاپتۇ.
مەككار بالىغا ئۆزىنى «ئالىم، بىلىملىك»
دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ ۋە بالىدىن:
ـــ تۇرقۇڭدىن قارىغاندا بۇ يۇرتتىن
ئەمەستەك تۇرىسەن. سەن قەيەردىن
كەلگەن؟ ـــ دەپ سوراپتۇ. هېلىقى بالا:
ـــ مەن ئابدۇللانىڭ ئەۋلادى، دادام
تورى غوجا بولىدۇ. دادام مېنى بىلىم ئېـ
لىش ئۈچۈن بۇ يەرگە ئەۋەتكەنىدى. بىـ
لىم ئېلىشقا قۇربىتىم يەتمىدى. ئويۇن ـ تاـ
ماشىغا بېرىلىپ كېتىپ، ئاخىردا دۇنيادىن
ئاجراپ مۇشۇنداق كۈنگە قالدىم، ـــ دەپتۇ.
مەككار:
ـــ مەن ساڭا باي بولۇشنىڭ يولىنى
ئۆگىتەي. ساڭا ئۆزۈن توندىن بىرنى كېيـ
گۈزىمەن، بېشىڭغا يوغان سەللىدىن بىرنى
ئورايسەن. ئىسمىڭ هوشىسز ئىشان بولىدۇ.
شەرت شۇكى، مەن نېمىكى دېسەم شۇنىڭغا
كۆنىسەن. شۇنداق قىلساڭ ئىككىمىز ئۇزاقـ
قا بارمايلا بېيىپ كېتىمىز. قانداق، بۇ
شەرتكە كۆنەمسەن؟ ـــ دەپتۇ.

بالا بۇ مەككارنىڭ شەرتىگە ماقۇل
بوپتۇ. مەككار دېگىنى بويىچە بالىغا تون
كىيدۈرۈپ، بېشىغا يوغان سەللە ئوراپتۇ.
قولىغا ئۇزۇن تەسۋىينى تۇتقۇزۇپ، ئۇنى
هوشىسز ئىشان دەپ ئاتاپتۇ ۋە:
ـــ سەن كۈندۈزى قوپماي ئۇخلايسەن
مەن باشقىلارغا ئىشانىم كارامەت قىلىۋاتىدۇ،
دەيمەن. سەن بار ئۆيگە هېچكىم كىرـ
مەيدۇ. كېچىسى خەلقنىڭ ئۆيىگە تۈنەككە
بارىمىز، ـــ دەپتۇ. مەسلىھەت پۈتكەندىن
كېيىن ئۇلار يېزا ـ قىشلاقلارغا مېڭىپتۇ.
يولدا كېتىپ بارسا ئالدىغا بىر ئادەم يو-
لۇقۇپتۇ. ئۇ ئادەم:
ـــ نەگە ماڭدىڭلار، ـــ دەپ سوراپتۇ.
ـــ بىز يېزا ـ قىشلاقلارغا ماڭدۇق، ماـ
ۋۇ پالانى كەنتىدىن كەلگەن ئىشان ئىكەن
مەن ئۇنىڭ خىزمىتىگە چاكار بولدۇم، ـــ دەپـ
تۇ مەككار.
هېلىقى ئادەم بۇ مەككارنى تونۇيدىـ
كەن، شۇڭا ئۇنىڭغا نەسھەت قىلىپ:
ـــ بۇ ئىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى
بولمايدۇ. ئاخىرى سىلەر هالاك بولۇسىلەر،
بۇنداق قىلىقنى قىلماڭلار، ـــ دەپتۇ. مەككار
بۇ سۆزلەرگە قۇلاقمۇ سالماي يولىغا مېڭىـ
ۋېرىپتۇ. ئۇلار چەت بىر يېزىغا يېتىپ بار-
غاندىن كېيىن مەككار هوشىسز ئىشاننى
بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇپ ئۆزى دىۋانـ
لىق قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ نان تىلەپ بىر
ئۆيگە كىرىپ ئۆيدە بىر كېسەلنىڭ ئېغىر
ئەھۋالدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. كېسەلنىڭ
قولۇم ـ قوشنىلىرىدىن سۈرۈشتۈرۈش ئار-
قىلىق ئۇ كېسەل كىشىنىڭ ئەسلىدە كاتتا
بىر باي ئىكەنلىكىنى؛ پالەچ كېسەلگە گىـ
رىپتار بولۇپ يېتىپ قالغىلى ئۈچ يىل
بولغانلىقىنى؛ ئۇنى خوتۇنى بېقىۋاتقانلىقى،

قېشىدا ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ.

مەككار دەرھال ھوشسىز ئىشاننىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى كېسەل كىشىنىڭ قوشنىسىنىڭكىگە ئېلىپ كەپتۇ ۋە:

— بۇ كىشى بولسا ھەزرىتىم بولىدۇ، بىز مۇشۇ يەردە پەقەت بىر كېچىلا قونىمىز. ئاخشاملىققا كېلىپ بىزدىن تۇۋا ئىستىغپار ئالىدىغانلار بولسا كېلىپ ھەزرىتىمدىن دۇئا ئېلىپ گۇناھلىرىنى ساقىت قىلسۇن! — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قولۇم-قوشنىلار ئۆيگە يىغىلىشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا مەككار ھوشسىز ئىشاننىڭ بېقىنىغا بىرنى نوقۇپ قويۇپتۇ. ئىشان كۆزىنى ئالايتىپتۇ. مەككار:

— ھە، ئىشانىم كارامەت قىلدى، ماۋۇ ئۆيدە بىر كېسەل بار ئىكەن، ئۇنىڭ قېشىدا 14 ياشلىق بىر قىز بار ئىكەن، دەيدۇ. شۇڭا ئۇ قىزنى مۇشۇ ئىشانىمغا دۇئا قىلدۇرسا يەتتە كۈندىن كېيىن كېسەل ساقىيىدۇ، — دەپتۇ. ھېلىقى كېسەلنىڭ ئايالى «ئۈچ يىلدىن بېرى ساقايمىغان كېسەل يەتتە كۈندە ساقىيىدىغان ئىش بولسا، قىزىمنى دۇئا قىلدۇراي» دېگەن ئويغا كەپتۇ ۋە قىزنى ھوشسىز ئىشانغا دۇئا قىلدۇرۇپتۇ. ئەتىسى ئۇلار قىزنى ئېلىپ كەنتتىن بىرنەچچە كۈنلۈك يىراقلىقتىكى يەنە بىر كەنتكە بېرىپ چۈشۈپتۇ. ئۇلار كىرگەن ئۆيدە ئىشاننى كارامەت قىلىدۇ دەپ ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. مەككار دەرھال سىرتقا چىقىپ بىر مۈشۈكنىڭ ئۆلۈكىنى ئەكىلىپ چوڭ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىقىپ قويۇپ قايتىپ كىرىپتۇ ۋە:

— ئىشانىم ئۇسساپ قاپتۇ بىر چۆگۈن سۇ ئەكىلىڭلار، — دەپتۇ. ئۆي ئىگىسى بىر چۆگۈن سۇنى كەلتۈرۈپتۇ. ئىشان سۇنى ئىچىپ بېقىپ:

— سىلەر قايسى كۆلدىن سۇ ئىچىسىلەر، سىلەر ئىچكەن كۆلنىڭ سۈيىدە بىر دانە تاپ بار ئىكەن، تەخلەپ بېقىڭلار، — دەپتۇ.

ئۇلار بېرىپ قارىسا ئىشان ئېيتقاندەك كۆلدىن بىر دانە مۈشۈكنىڭ ئۆلۈكى چىقىپتۇ. خالايىق ئىشاننىڭ كارامىتىگە چۆمپۈتۈپتۇ. شۇ چاغدا مەككار:

— سىلەرنىڭ كەنتىڭلارنىڭ ئاۋات بولۇشىغا، سۆيۈگۈڭلارنىڭ ئەلۋەك بولۇشىغا ئىشانىم بىر دۇئا قىلسۇن. تاپقىنىڭلارنى ئېلىپ كېلىڭلار! — دەپتۇ. خالايىقلار تاپقان-تەرگىنى ۋە پۇللارنى ئېلىپ كېلىپ ئىشاننىڭ دۇئاسىنى ئاپتۇ. ئۇلار يىغقان مال-دۇنيالارنى ئېلىپ، ئىككىنچى بىر كەنتكە قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇلار بىر قانچە كۈن يول يۈرۈپ بىر كەنتكە يېتىپ كەپتۇ. بۇ كەنتنىڭ ئارىلىقىدا بىر ئوتلاق بار ئىكەن. مەككار بۇ يەردە بىر قويچىنىڭ بىر قورۇ قوي بېقىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئۇدا بىرقانچە كۈن ئوتلاققا بېرىپ، بىر ئوغلاققا نان، ئۈزۈملەرنى بېرىپ ئوغلاقنى كۆندۈرۈۋاپتۇ. ئاندىن كېيىن ئوغلاقنىڭ بوينىغا ئۈچ دانە گۆھەرنى چىگىپ قويۇپتۇ. مەككار ئەتىسى قويچىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ھەي قويچى، سېنىڭ بېشىڭغا چوڭ بىر بالا كەپتۇ. شۇڭا ئۈچ دانە گۆھەرنى دۇئا قىلدۇرغىن، — دەپتۇ. قويچى:

— مەندە دۇئا قىلدۇرغۇدەك گۆھەر نېمىش قىلسۇن، — دەپتۇ.

— ئەمىسە گۆھەر بەرمىسەڭ ئۈچ قوينى دۇئا قىلدۇرغىن، — دەپتۇ.

— بۇ قوي مېنىڭ ئەمەس، باينىڭ قويلىرى، — دەپتۇ قويچى.

—سەن بەرمىسەڭ، خۇدا ياراتقان جانىۋارنىڭ ئۆزى بېرىدۇ، — دەپ «چىگ-چىگ» دەپتىكەن ھېلىقى ئوغلاق مەككارنىڭ قېشىغا كەپتۇ.

—قانداق، سەن بەرمىسەڭمۇ ئوغلاق بېرەمدىكەن، — دەپ ئوغلاقنىڭ بوينىدىن ئۈچ دانە گۆھەرنى يېشىۋاپتۇ.

قويچى «بۇ راستىنلا ئەۋلىيا ئىكەن» دەپ ئويلاپ ئۇلارنى باينىڭ قېشىغا باشلاپ كەپتۇ. قويچى ئۇلارنىڭ كارامىتىنى بايغا بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. بايمۇ ئۇلارنىڭ كارامەت ئىگىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ:

— قانچىلىك نەرسىگە دۇئا قىلىسلەر، — دەپ سوراپتۇ.

ئوتتۇز ئېرىك، ئوتتۇز ساغلىقىقا دۇئا، — قىلىمىز، دەپتۇ مەككار.

باي ئۇ قويلارنى دۇئا قىلدۇرۇپتۇ. ئۇلار قويلارنى ئېلىپ يەنە بىر كەنتكە يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ كەنتتە ئون يەتتە ياشقا كىرگەن ئەقىللىق بىر بالا بار ئىكەن. بۇ بالا خالايىقتىن كۈندۈزى ئىشان قېشىغا ھېچكىمنى كىرگۈزمەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىشاندىن گۇمانلىنىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ بالا ئىشاننىڭ قېشىغا كىرىپ:

— مەن سىزگە سوپى بولسام، — دەپتۇ. ئىشان ئاماللىسىز ماقۇل بوپتۇ. بالا ئىشان زادى نېمە ئىش قىلىدۇ دەپ ئۇنىڭ ھالى ئەھۋالىنى كۈزىتىپتۇ. ئىشان كۈندۈزى ھېچ نەرسە يېمىگەن كىشىدەك بولۇۋاپتۇ.



مەككار ئۇدا ئۈچ كۈن ئېلىپ كىرىلگەن تاماقلارنى «ئىشانىم كۈندۈزى تاماقلانمايدۇ» دەپ ئىتقا بېرىۋېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۈچ كۈن ھېچ نەرسە يېيەلمىگەن ھوشسىز ئىشان مەككارغا:

— مەن ھېچ نەرسە يېيەلمەي ھالىمدىن كېتەي دېدىم. ماۋۇ بالىنى بىر ئامال قىلىپ قوغلىۋېتەيلى، — دەپتۇ.

ئۈچ كۈندىن بۇيان ئىشاندىن ھېچقانداق كارامەتنى كۆرمىگەن بالا ئۆزىدەك ئەقىللىق بىر قانچە يىلەننى يىغىپ:

(ئاخىرى 128 - بەتتە)

# ھېكايەت ۋە لەتىپىلەر

مەۋلانا غىياس فىقھىسىنىڭ قۇلىقى گاس ئىكەن. ئۇنىڭ قۇلىقى ئېشەكنىڭ قۇلىقىدەك چوڭ، ھەم ئۇزۇن بولغىنى ئۈچۈن باشقىلار ئۇنى مەۋلانا غىياس ئېشەك، دەپ ئاتايدىكەن.

بىر كۈنى پېشىن نامىزىدىن كېيىن مەۋلانا غىياس ھەزرىتى جامىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ.

جامى:

— ئەي مەۋلانا، نەگە بېرىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

مەۋلانا غىياس:

— موللا ھۆسەيىن ۋائىزنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاشقا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

جامى:

— نېمە ۋەز ئاڭلىدىڭ؟

مەۋلانا غىياس:

— مۇنبەردىن يىراقراق ئولتۇرۇپ قاپتىمەن. شۇڭا ناتىقنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا يەتمەدى، — دەپتۇ.

جامى:

— ۋائىزنىڭ ئاۋازى قۇلىقىڭغا يەتمەگەن بولسا، قۇلىقىڭ ۋائىزنىڭ ئاۋازىغا يەتكەندۇ، — دەپتۇ.

×

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ زامانىدا ھەزرىتى مەۋلانا جامى سەمەرقەندە بىر مەزگىل تۇرغانىكەن. شۇ مەزگىلدە گۈل ۋىلايىتىدىن گۆزەللىكتە تەڭدىشى يوق بىر زىبەرەك شائىرەمۇ سەمەرقەندكە كەلگەنىكەن. ئۇنىڭ تەخەللۇسى خاكى (تۇپراق) ئىكەن. بىر كۈنى شائىرە بىر توپ تالىپلار بىلەن ئولتۇرغىنىدا ئۇلارنىڭ ئالدىدىن جامى باشچىلىقىدا بىرقانچە شوخ كىشىلەر ئۆتۈپتۇ. شائىرە ئۇلارغا:

— ئەي خۇراساننىڭ ئېشەكلىرى، قايان ماڭدىڭلار، — دەپ ھەزىل ئارىلاش چاقچاق قىپتۇ. مەۋلانا جامى دەرھاللا:

— يۇمشاق تۇپراقتا ئېغىناش ئۈچۈن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

×

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى شارابىنىڭ كەيپىدە ئايازنىڭ چېچىنى كېسىپ قويۇپتۇ. ئەسلىدە سۇلتاننىڭ ئايازغا مۇھەببىتى ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن. ئەتىسى سۇلتان كەيپلىكتىن يېشىلىپ، قىلغان ئىشىغا كۆپ پۇشايمان قىپتۇ. بۇ سەھۋەنلىكى ئۈچۈن سۇلتان قارا كىيىم كىيىپتۇ. ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئەيش - ئىشرەت، ئويۇن - تاماشىنى يىغىش-

AltunOq

تۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۇردا خادىملىرىنىمۇ قوبۇل قىلماپتۇ. ۋەزىر-ۋۇزرالار، مۇلازىملارنىڭ بۇ ئىشقا ناھايىتى ئىچى پۇشۇپتۇ. ئۇلار پايتەختتىكى داڭلىق شائىر ئەنسەرىنىڭ قېشىغا بېرىپ، سۇلتان بىلەن ئايازنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. ۋە:

— ئەي ئەنسەرى، سەن بىر شېئىر يېزىپ سۇلتاننى بۇ ئېغىر يۈكتىن خالاس قىلغىن. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزلەر ساڭا 100 مىڭ دەرھەم پۇل ئىنئام قىلۇرمىز، — دەپتۇ.

ئەنسەرى تەكلىپنى قوبۇل قىپتۇ. ئۇ ئۈچ كۈندىن كېيىن ھەرەم سارايىنىڭ ئالدى بىلەن مېڭىپ يىراقتىن سۇلتانغا كۆرۈنۈش قىپتۇ. سۇلتان ئەنسەرىنى ئالدىغا چاقىرتىپ:

— ئەي ئەنسەرى، كەيپىلىكتە ئايازنىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قويدۇم. شۇڭا بۇ ھەقتە بىر شېئىر يازغىنكى، كۆڭلۈم ئارام تاپسۇن، — دەپ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى قىسقىچە قىلىپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئەنسەرى يەر سۆيۈپ تۇرۇپ بۇ رۇبائىينى ئوقۇپتۇ:

ئەيب ئەرسە ئۇزۇن تۇررە ئۇچىنى ئۈزمەكدۇر،
مەھزۇن بولۇپ ئۆزىنى مۇنچە كۆرگۈزمەكتۇر.
ئىشرەت ۋەختى مەينى تولا سۈزمەكتۇر،
كەسمەك چېچىن سەرۋى بويىن تۈزمەكتۇر.

مەنىسى: ئۇزۇن ئۆرۈم چاچنىڭ ئۇچىنى كېسىۋېتىپ غەمگە چۆكۈش ھاجەتسىزدۇر. چۈنكى ھازىر مەي ئىچىپ خۇشاللىقتا چۆمۈش پەيتىدۇر. ئۇ خۇددى سەرۋى دەرىخىنى تۈز ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ھارام شاخلىرىنى پۇتىۋەتكەندەكلا ئىشتۇر.

سۇلتانغا بۇ رۇبائىي ياققانلىقى ئۈچۈن مۇلازىملىرىغا بىر قۇتا كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. سۇلتان قۇتىدىن قىممەت باھالىق ئۈنچە-مەرۋايىتلاردىن ئۈچ مەررە ئېلىپ ئۇنى تارتۇقلاپتۇ. ۋەزىر-ئۇمرالارمۇ قىلغان ۋەدىلىرى بويىچە شائىر ئەنسەرىگە 100 مىڭ دىنار پۇل ئىنئام قىپتۇ. سۇلتان ئاياز ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىنى جەم قىلىپ بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. تاكى 40 كېچە-كۈندۈزگىچە نەغمە-ناۋالار چېلىنىپ، كۆڭۈل ئېچىشىپتۇ. شائىر ئەنسەرىنىڭ ئىناۋىتى، ئورنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئەنسەرىنىڭ رۇبائىيسىنى ئايازنىڭ «ئاياز» ناملىق كىتابىغا نەزمە قىلىپ پۈتتۈرۈپتۇ.

×

ياز مەزگىللىرىدە سۇلتان ئولتۇرغان يەرگە چىۋىنلار ئولىشىۋېلىپ ئۇنى ئاۋارە قىلغىلى تۇرۇپتۇ. سۇلتان ئاچچىقىدا:

— چىۋىن يوق جايمۇ بارمىدۇ؟ — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تەلھەك:

— ئادەم بارلىكى يەردە چىۋىن بولىدۇ. ئادەم بولمىغان يەردە چىۋىنمۇ بولمايدۇ، — دەپتۇ. سۇلتان بۇنىڭغا قايىل بولماي:

— ئەگەر ئادەم بولمىغان جايدىمۇ چىۋىن بولۇپ قالسا قانداق قىلۇرسەن؟ - دەپتۇ. تەلھەك دەپتۇكى:

— ئۇنداقتا كېلىشىم قىلايلى. ئەگەر سىز دېگەندەك بولسا بۇ قېتىم يۈز خاتىرە قىلماي كاللامنى تېنىمدىن جۇدا قىلىڭ مۇبادا مەن دېگەندەك بولۇپ قالسا......؟

— سەن دېگەندەك بولسا 10 مىڭ
دىنار پۇل بېرۇرمەن، — دەپتۇ سۇلتان.
شۇ بويىچە توختام تۈزۈلۈپتۇ. ئە-
تىسى پادىشاھ ۋەزىر - ۋۇزىرالىرىنى ئېلىپ
ئادەم يوق ماكاننى ئىزدەپ ئاتلىنىپتۇ.
مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئاخىرى ئادەم ئاياغ
باسمىغان بىر خىلۋەت ماكانغا كەپتۇ. سۇل-
تان چۈشىن بار - يوقلۇقنى بىلىشكە ئەت-
راپقا ئادەم ئەۋەتىپتۇ. راستىنىلا سۇلتان
ئۆزى ئېيتقاندەك، بۇ ئادەم ئايىغى دەس-
سەپ باقمىغان خىلۋەت جايدىمۇ چۈشىن-
نىڭ بارلىقى مەلۇم بوپتۇ. سۇلتان خىز-
مەتكارلىرى ئەپكەلگەن چۈشىنى تەلھەككە
كۆرسىتىپ:
— قانداق تەلھەك، ئادەم ئايىغى
تەگمىگەن جايدىمۇ چۈشىن بولامدىكەن؟
ئەمدىغۇ كاللاڭنى ئالساق رازى بولۇر-
سەن؟ — دەپتۇ.
— يوغسۇ پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ
تەلھەك، — سىز بىلەن بىزلەر ئادەم بول-
ماي نېمە بولۇرمىز؟
سۇلتان يېڭىلگىنىگە تەن بېرىپ
تەلھەككە ۋەدە قىلغان 10 مىڭ دىنار
پۇلنى ئىنئام قىپتۇ.

×

كۈنلەردىن بىر كۈنى تەلھەككە خۇ-
دايىتائالا بىر پەرزەنت ئاتا قىپتۇ. بۇنى
ئاڭلىغان پادىشاھ:
— ئەي تەلھەك، پەرزەندىڭ ئوغۇل-
مۇ ياكى قىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. تەلھەك:
— بىزدەك كەمبەغەللەرنىڭ پەرزەنت-
لىرى ئوغۇل ياكى قىز بولماي نېمە بولۇر
ئىدى؟ — دەپتۇ. پادىشاھ سەل تېرىكىپ:
— سەندەك گادايلاردىن قىز ياكى
ئوغۇل تۇغۇلسا، پادىشاھلاردىن كىم تۇ-
غۇلۇر؟ — دەپ ياندۇرۇپ سوراپتۇ.
— پادىشاھلاردىن، — دەپ جاۋاب
بېرىپتۇ تەلھەك قىلچە قورقماستىن، —
بەدخۇي، ئەخلاقسىز، -زالىم تۇغۇلۇر.

×

بىر ئاقىل كىشى بىر بېخىل باينىڭ
ئىشىكىنىڭ يوچۇقىدىن باينىڭ ئەنجۈر
يەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئىشىكىنى
قېقىپتۇ. بېخىل باي يەۋاتقان ئەنجۈر-
نى سەللىسى بىلەن يېپىپ قويۇپ ئاندىن
ئىشىكنى ئېچىپتۇ، ۋە:
— كىم بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.
— قىرائەت قىلىشقا ماھىر، خۇش
ئاۋاز قارىي قۇرئان بولۇرمەن، — دەپ جا-
ۋاب بېرىپتۇ ئاقىل. باي:
— ئۇنداق بولسا مېنىڭ ئۈچۈن بىر-
ئىككى ئايەت قىرائەت قىلىپ بەرسەڭ، —
دەپ ئۆتۈنۈپتۇ. ئاقىل ماقۇل بولۇپ قى-
رائەت قىلىشقا باشلاپتۇ:
...... ۋەززەيتۇنى، ۋەتۇرى سىنىنى
...... بېخىل باي تاقەت قىلالماي:
— ئايەتنىڭ بېشىدىكى «ۋەتتىين»
قېنى؟ — دەپ لوقما ساپتۇ.
— سەللىڭىزنىڭ تېگىدە يوشۇرۇنۇ-
ۋالدى دەپتۇ ئاقىل.
چۈنكى ئەرەب تىلىدىكى «تىين»
دېگەن سۆز ئەنجۈر، مەنىسىدە ئىدى.

×

بىر توپ ئاقىللار بىر بېخىل باينى
سىناش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە يول ئاپتۇ.
بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان باي خىزمەتكارىغا:
— ئۇلار كەلسە خوجايىن ۋاپات بول-
دى، دەپ ئېيتىپ قوي، — دەپ تاپىلاپتۇ.
جامائەت دەرۋازىغا كەلگەندە خىزمەتكار
خوجايىنىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

×

ئاقىللار:
— ئەي خىزمەتكار، باي ئاكام بىز-
لەرگە جىق ياخشىلىقلارنى قىلغان غەم-
خورىمىز ئىدى. بىز مۇشۇ يەردە ساقلاپ
تۇرۇپ، ئۆلۈم نامىزىغا قاتنىشىپ جىناز-
سىنى كۆتۈرۈشۈپ گۆرلۈكىگە قويۇپ
كەلمەكچىمىز، — دېيىشىپتۇ.

×

بىرنەچچە كېسەل يوقلىغۇچىلار ئەل
ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر پېشىۋا زات-
نىڭ كېسىلىنى يوقلاپ بېرىپ، ئۇنى-بۇ-
نى سوراپ ئۇزاق ئولتۇرۇپتۇ. قايتىشىدا
ئۇلار ئۇ زاتتىن:

×

نېمە ۋەسىيىتىڭىز باركىن ئاڭلىساق، —
دەپتۇ. ھېلىقى پېشىۋا ئېيتىپتۇكى:
بۇندىن كېيىن كېسەل يوقلاپ بار-
ساڭلار ئۇزاق ئولتۇرۇۋالماڭلار، كېسەل
ئازابلىنىپ قالمىسۇن...

×

ئۈچ نەرسىنىڭ ئۆز خىزمىتى جەر-
يانىدىكى ئەيىبلىرىنى ئاقىللار ئەيىب كۆر-
مەسلىكى لازىم:
بىرى، ئاتا - ئانا، بىرى، مېھمان، يە-
بىرى، مىنگەن ئۇلاغ.

×

يەنە مۇنداق ئۈچ نەرسىدىن كىشى-
لەر ئۆز ۋاقتىدا قۇتۇلمىقى لازىم.
بىرى مىدىرلاپ تۇرغان چىش،
ئىككىنچىسى، ئوغرى خىزمەتكار،
ئۈچۈنچىسى، بەدخۇي خوتۇندۇر.

×

لوقمان ھېكىمنىڭ رەڭگى قارا ئى-
كەن. بىر كىشى ئۇنى سېتىۋېلىپ، مەلۇم
مەزگىل خىزمەتكە سالپتۇ. بىر كۈنى خو-
جايىن لوقمان ھېكىمنى سىنىماقچى
بوپتۇ ۋە:
— ئەي لوقمان، قويدىن بىرنى ئۆل-
تۈرۈپ ئەڭ ناچار ئەزاسىنى كەلتۈرگىن،
دەپتۇ.
لوقمان ھېكىم بىر قوينى سويۇپ
ئۇنىڭ تىلى بىلەن يۈرىكىنى ئەكەپتۇ.
خوجايىن يەنە:
— ئەي لوقمان، قويدىن يەنە بىرنى

×

سويۇپ ئەڭ ياخشى ئەزاسىنى كەلتۈر-
گىن، — دەپتۇ. لوقمان ھېكىم يەنە بىر
قوينى ئۆلتۈرۈپ يەنە تىلى بىلەن يۈر-
كىنى ئەكەپتۇ.
خوجايىن ھەيران بولۇپ:
— ئەي لوقمان بۇ نېمە ئىش؟ — دەپتۇ.
لوقمان ھېكىم:
— ئەگەر پاك بولسا ھېچنەرسە تىل
بىلەن يۈرەكتىن ياخشى ئەمەس. ئەگەر
ناپاك بولسا ھېچنەرسە ناپاك تىل بىلەن
يۈرەكتەك يامان بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب
بېرىپتۇ.

تەييارلىغۇچى: ئوسمان ھەسەن




## دولانلىقلار ھەققىدە

**(1)**

بىر رىۋايەتتە دولانلار مەكىتتىن تارتىپ لوپنۇرغىچە بولغان پايانسىز قۇملۇق ئەتراپىنى ئىگىلىگەچكە، «دولان» سۆزىنى «دالا» دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن دەيدىكەن؛ يەنە بىر رىۋايەتتە «دالان» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، دەپمۇ قارايدىكەن.

دولانلار ئاساسەن چۆل-باياۋاننى ماكان قىلغان بولۇپ ئوۋچىلىققا ماھىر خەلق ئىكەن. بۆرە، قاۋان، قاپلانلارنى خۇددى قويىنى تۇتقاندەك ئەركىن تۇتالايدىكەن. ئۇلارنىڭ مازايى-ماشايىخلارغا بولغان ئېتىقادى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، قانداق مازار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىنى ئۇلۇغلايدىكەن. شۇڭا باشقا يۇرتتىن كەلگەنلەر ئۇلارنىڭ بۇ ئادىتىنى: «ئاچاتوغراقنى كۆرۈپ، مازار غوجام دېگەن دولان،
قاشقا تۇڭگۇزنى كۆرۈپ مىڭنىڭ كالام دېگەن دولان» دەپ قوشاققا قاتقانىكەن.

دولانلار تولىمۇ خۇش چاقچاق، ناخشا-قوشاققا ماھىر خەلق ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر دولاننىڭ ئۆيىگە مېھمان كەپتۇ. ئۆي ئىگىسى لەيلىمخان مېھماننى كۆرۈپ ئېرىگە:

ئۆيىگە مېھمان كېلىپتۇ،
ئاش ئېتەيمۇ بەگچەك؟
نان ياقايمۇ بەگچەك؟

دەپ سوراپتۇ. ئېرى ئايالىغا:

قارا قوينى سويايلى،
گۆشنى ئېسىپ چۆپ ئەت.
قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل،
خۇدايىم بەرگەن لەيلەك.

دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان مېھمانلار ئۇلارنىڭ قوشاققا ئۇستىلىقىدىن ھەيران قاپتۇ.

ناغرىسنى دەسلەپ دولانلار ئىجاد قىلغانىكەن. ئۇلار كەڭ باياۋاندا تارقاق ئولتۇراقلاشقاچقا، ئۇلارنى بىر يەرگە توپلاشقا توغرا كەلسە ناغرا ئاساسلىق خەۋەرچى ھېسابلىنىدىكەن. ئەينى ۋاقىتتا ھەر-بىر مەلىدە بىردىن «ناغرىخانا» بولغانىكەن. دولان مەركىزىدىن ناغرا چېلىنسا، ئۇنىڭ ئاۋازى باشقا ناغرىخانىلارغا يەتكەن ھامان ناغرا ئاۋازى ئۈزۈلمەيدىكەن. يىپرىم سائەتكە قالمىغان ۋاقىت ئىچىدىلا ھەرقانداق خەۋەر دولانلارنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە يېتىپ بارالايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال دولانلار بىردەمدىلا «ناغرىخانا» مەيدانى-

غا جەم بولىدىكەن. توي-تۆكۈن ۋە مەشرەپلەردىمۇ ئالدى بىلەن ناغرا چېلىنىدىكەن. دولان يۇرتىدىكى هازىرقى «ناغرىخانا» دەپ ئاتالغان يۇرت ئىسىملىرى شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

(2)

دولانلار: «بىزنىڭ ئاتا-بوۋىمىز دەرۋىشتىن چىققان» دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمكى زامانلاردا شىمالدا ياشايدىغان «دولۇن» دەيدىغان بىر كۆچمەن قەبىلە بولغانىكەن. ئۇلار جەنۇبقا كۆچكەندە بىر بۆلىكى بەدەخشاننىڭ بىر چېتىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپتۇ. ئۇلار شۇ يەردە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، مۇسۇلمان بوپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئىگىلىگەن يەرگە ئون توپ سۆگەت تىكىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئافغانلار ئۇلارنى «دەرۋىتلىكلەر①» دەپ ئاتاپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ جاي «ئون توپ سۆگەتلىكلەر» دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ. ئۇلاردىن ئۈچ كىشى ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن دەسلەپ قەشقەرگە كەپتۇ. قەشقەرنى ئىسلامغا كىرگۈزگەندىن كېيىن كۇهچارغا② كەپتۇ. بۇ يەردە قالماق دەپ ئاتىلىدىغان كۇپپارلار ياشايدىكەن. سۆگەتلىكلەر ئۇلارنى ئىمانغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، كۇچانىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قۇملۇق يېنىغا جايلاشقان چوڭ بىر شەهەرگە كېلىپ، ئۇ يەردىكى كۇپپارلارغا ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىپتۇ. بۇ شەهەردىكى خەلقلەر ئۇلارغا ئىشەنمەي: «ئەگەر سۆزۈڭلار راست بولسا بىزگە بىر دۇئا قىلىڭلار، دۇئايىڭلارنىڭ خاسىيىتىدىن شەهرىمىز پۈتۈنلەي ئالتۇن بولۇپ كەتسۇن. شۇ چاغدىلا سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا ئىشىنىمىز» دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن سۆگەتلىكلەر قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشىپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە پۈتۈن شەهەر ئالتۇن بىلەن قاپلىنىپ كېتىپتۇ. لېكىن بۇ شەهەردىكى بۇتپەرەسلەر ئۆز ئېتىقادلىرىدىن پەقەت يانماپتۇ. سۆگەتلىكلەر: «بۈگۈن ئاخشام بىز يەنە دۇئا قىلىمىز، ئۇچاغدا شەهىرىڭلەرگە قۇم ياغىدۇ. شۇنىڭغىچە ئىمان ئېيتمايدىغان بولساڭلار هەممىڭلار قۇم ئاستىدا قېلىپ هالاك بولىسىلەر»، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئون تۆت ئادەم ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بوپتۇ. قالغانلىرى بىر كېچىدىلا قۇمنىڭ ئاستىدا قېلىپ هالاك بوپتۇ. مۇسۇلمان بولغان ئون تۆت كىشى بۇ يەردىن ئايرىلىپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ هەر بىرى بىردىن شەهەر قۇرۇپتۇ. هازىرقى دولانلىقلار ئەنە شۇ ئون تۆت كىشىنىڭ ئەۋلادى ئىكەن.

(3)

«دولان» دېگەن سۆز موڭغۇلچە «يەتتە» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققانىكەن. موڭغۇللار قەدىمكى چاغلاردا مەكىتلىكلەرنى «يەتمىش ئىككى مىڭ ياغاچ ئۆيلۈك دولان» دەپ ئاتاشقانىكەن.

دولانلار دەسلەپتە گەمە ئۆيدە ياشى

① پارسچە «دەر» دېگىنى — ئون، «ۋىت» دېگىنى — سۆگەت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

② كۇهچار — پارسچە سۆز بولۇپ، كۇه — تاغ، چار — قۇدۇق دېگەن مەنىدە.

غان بولۇپ، بىرقانچە كىچىك بەگلىككە
بۆلۈنگەنىكەن. ئۇلارنىڭ ئەمەت بەگ،
سىيىت بەگ، ئەمىتەم بەگ، ئەزىز بەگ،
ئامان بەگ، يامان بەگ، زامان بەگ دېگەن
يەتتە بېگى بولغانىكەن. ئۇلار داۋاملىق
ياۋايى يىرتقۇچ هايۋانلار ۋە مانجۇلارنىڭ
هۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، باياۋانلاردا
كۆچۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغانىكەن.

سائادەت بەگ زامانىسىگە كەلگەنىدە
بۇ بەگلەر دولانلىقلارنى يىغىپ، «لەمپە-
دۆڭ» ۋە «قالىغۇچدۆڭ» دېگەن ئىككى
يۇرتنى تەشكىللەپتۇ. سائادەت بەگ
مانجۇ خانلىقىغا بېرىپ بەگلىك دەۋاسى
قىلغاندا، مانجۇ خانى هىيلە ئىشلىتىپ
ئۇنىڭغا بىر ياغاچ تامغىنى تۇتقۇزۇپ:
«سەن ياغاچ ئۆيلۈك دولانلارنىڭ بېگى بول»
دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سائادەت بەگ دولان-
لىقلا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، دولانلارنىڭ
مەركىزى دەپ ئاتالغان «لەمپەدۆڭ»
بىلەن «قالىغۇچدۆڭ» نى لايدىن قوپۇرۇپ
شەهەر بىنا قىپتۇ. سائادەت بەگ يەكەن
دەرياسىنىڭ نېرىقى قىرغىقىدىكى «لەمپە-
دۆڭ» دە تۇرۇپتۇ. يەكەن دەرياسىنىڭ
بۇ قېتىدىكى «قالىغۇچدۆڭ» دە مامۇر
پالسا (پالۋان) نىڭ قالىغاچخان ئىسىملىك
بىر ئايالى بولۇپ، ئىنتايىن گۈزەل ئىكەن.
ئۇ ناخشا-ئۇسسۇلدا تەڭدىشى يوق، قول-
دىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلمايدىغان باتۇر
ئايال ئىكەن. سائادەت بەگ «قالىغۇچ-
دۆڭ» گە كەلگەنىدە، قالىغاچخان ئۇنىڭغا
ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدىكەن ۋە ئەقىل
كۆرسىتىدىكەن. شۇڭا قالىغاچخانىنى سائادەت
بەگ ئۆزىگە ياردەمچى قىلىۋاپتۇ. «قالىغۇچ-
دۆڭ» ئاشۇ قالىغاچخانىنىڭ نامىنى كۆرسى-
تىدىكەن. سائادەت بەگ بىلەن قالىغاچ-
خان بىر-بىرلىرىنى داۋاملىق كۆرۈپ
تۇرۇش ئۈچۈن «لەمپەدۆڭ» بىلەن «قال-
غۇچدۆڭ» گە ئىككى راۋاق سالدۇرۇپتۇ.
ئۇلار ئىككى دۆڭلۈكتە نۆۋەت بىلەن
داۋاملىق مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىكەن.
بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئاپپاق خوجا
ئۇلارنى «شەرىئەتتىن چىققتى» دەپ
ئەيىبلەپ، ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن
لەشكەر تارتىپ كەپتۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ
سائادەت بەگكە كۆچى يەتمەي، ئۆزلىرى
مەغلۇپ بولۇپ قايتىپتۇ. ئاخىرى ئاپپاق
خوجا نۇرغۇن سوۋغا-سالام ۋە ئىنئاملار
بىلەن چىيەنلۇڭ خاندىن ياردەم سوراپتۇ
هەمدە قىزىنى چىيەنلۇڭ خانغا ئىنئام
قىپتۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە چىيەنلۇڭ خان
ئاپپاق خوجىغا ئەسكىرىي كۈچ جەهەتتىن
زور ياردەم بېرىپتۇ. نەتىجىدە ئاپپاق
خوجىنىڭ لەشكەرلىرى چىيەنلۇڭنىڭ ئەس-
كىرىي كۈچىگە تايىنىپ دولانلارنىڭ ئۈس-
تىگە باستۇرۇپ كەپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ يۇرت-
لىرىنى ۋەيران قىپتۇ. بۇ قىرغىنچىلىقتىن
ئامان قالغان دولانلار يۇرتلىرىنى تاشلاپ،
تەرەپ-تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ. ئاپپاق
خوجا ئەسكەرلىرى بىلەن سائادەت بەگ ۋە
قالىغاچخانلارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى دولانلار
ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇنغىچە قاتتىق جەڭلەر
بوپتۇ. هازىر «سەردارلار گۈمبىزى» دەپ
ئاتالغان جاي ئاشۇ جەڭدە شېهىت بولغان-
لارنىڭ قەبرىستانلىقى ئىكەن. بەزىلەر
ئۇنى «ئاق موللا گۈمبىزى» دەپمۇ
ئاتايدىكەن.

(4)

چىيەنلۇڭ خان زامانىسىدە دولانلار مانجۇلارغا بويسۇنماي، ئۇزاقىقىچە ئۇلارغا قارشى جەڭ قىپتۇ. دولانلار ئۆز يۇرتلىرىنى مانجۇلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىر كالىنىڭ تېرىسىدە يوغان بىرپاي ئۆتۈك تىكىپ ئېگىزگە قوم قاچىلاپتۇ. ئۇنىڭغا: «ئالتە ياشلىق دولاننىڭ كىيىدىغان ئۆتۈكى» دېگەن خەتنى چاپلاپ، دولان چېگرىسىغا ئېسىپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن مانجۇلار: «ئالتە ياشلىق بالىنىڭ ئۆتۈكى بۇ بولسا چوڭلىرى كىيىدىغان ئۆتۈك قانچىلىكتۇ»، دەپ قورقۇشۇپ، دولانلىقلارغا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار بۇ ئىشتىن گۇمانلىنىپ بىر مانجۇنى سېتىقچى قىياپىتىدە ياساپ، تاغاق، سۈزگۈچ، يىپ-يىڭنە بىلەن دولان يۇرتىغا كىرگۈزۈپتۇ. ئۇ قارىغۇدەك بولسا دولان يۇرتىدا بۇنداق يوغان ئۆتۈك كىيىدىغان ئادەم ئۇچرىماپتۇ. «سېتىقچى» قايتىپ كېتىپ مانجۇ خانىغا ئەھۋالىنى مەلۇم قىپتۇ. دولانلارنىڭ ھىيلىسىگە ئالدىنىپ قالغان مانجۇ خانى قايتا لەشكەر تارتىپ، دولان يۇرتلىرىغا بېسىپ كىرىپتۇ. دولانلىقلارمۇ ئۇزۇنغىچە تىز پۈكمەي مانجۇلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىپتۇ. ئاخىرى يۇرتلىرى ۋەيران بولغان دولانلار تەرەپ-تەرەپكە قېچىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇلار يۇرتتىن ئايرىلىش ۋاقتىدا ھەتتا ئۆز يۇرتىنىڭ پاشىلىرىنىمۇ قوشاققا قېتىپ، ناخشا ئېيتىپ ماڭغانىكەن:

ئەل بۇ يەرنى چۆل دەيدۇ،
چۆل ئەمەس گۈلزار ئىدى.
توغرىقى ئالماغا ئوخشاش،
يۇلغۇنى مازار ئىدى.
چارۋىمىزغا يايلاق ئىدى،
بالىمىزغا بازار ئىدى.
تۇمشۇقلىرى بىگىزدەك،
قاناتلىرى كىگىزدەك.
پاشىلىرىمىز ئايرىلىپ
قالدى بىزدىن يىراقتا ئەي، ياللا.

دولانلىقلار تارقالغان يۇرتلار مارالبېشى دولان، ئاۋات دولان، مەكىت دولان، ئاقسۇ قاراتال دولان، شايالۇچىمەن، شىنچىمەن، ئاقئېرىق، ئۈچئېرىق دولان، لوپنۇر دولان دەپ ئاتالغانىكەن. بۇ يۇرتلار ھازىرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

## «40 قىز دالا (تالا) سى» ھەققىدە

«قىرىق قىز دالاسى» مارالبېشى جاڭگىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توغراقلىقنىڭ ئەتراپى بولۇپ، يۈزمىڭ مو ئەتراپىدا كېلىدىغان بىر تۈز كەتكەن دالىنىڭ ئىسمى.

چىيەنلۇڭ خان زامانىسىدە (بىر رىۋايەتتە چىڭگىزخان دەۋرىدە) دولانلىقلارنىڭ 40 قىزىنى مانجۇلار بۇلاپ كېتىپتۇ. دولانلىقلار قىزلىرىنى بۇلاپ كەتكەن مانجۇلارنىڭ تۇرۇشلۇق يېرىگە مۇھەممەت سېيت لەڭگەرچاق دېگەن كىشىنى ئاغلاقچىلىققا ئەۋەتىپتۇ. ئۇ كىشى

ئوتۇنچى قىياپىتىگە كىرىپ، 40 قىزنى
ئىزدەشكە باشلاپتۇ. ئۇ شۇ ئەتراپنى ئايلى-
نىپ يۈرگەنىدە 40 قىز مۇھەممەت
سىيىت لىڭغىرچاقنى كۆرۈپ قىلىپ مۇنداق
دەپ ناخشا ئېيتىپتۇ:

دولان، دولان دوپپىچاق،
ئوتۇن ساتتى بىر قۇچاق.
بۇ ئوتۇننى كىم ساتتى،
مەممەت سىيىت لىڭغىرچاق.
ئوتۇنۇڭنى يۆلەپ قوي،
ئەتراپىڭغا قاراپ قوي.
سەن بىزنى ئىزدەپ كەلسەڭ،
بىز بۇ يەردە بىلىپ قوي.

قىزلار بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ئاشكارى-
لاپتۇ. مۇھەممەت سىيىت لىڭغىرچاق يۇرتى-
غا قايتىپ دولان بېگىگە ئەھۋالنى مەلۇم
قىپتۇ. دولانلىقلارنىڭ تاللانغان 40
يىگىتى شەپە چىقارماي مانجۇلارنىڭ ئۈس-
تىگە ھۇجۇم قىلىپ، 40 قىزنى ساق-
سالامەت قۇتقۇزۇپ چىقىپتۇ. ئۇلار شۇ
يۈرگەنچە كەڭ كەتكەن دالىغا كېلىپ
توختاپتۇ. دولانلىقلارنىڭ ئاقساقاللىرى
بۇ مەيدانغا كېلىپ، شۇ جايدىلا 40
قىزنى ھېلىقى 40 يىگىتكە نىكاھلاپ،
ھەشەمەتلىك توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپتۇ.
بۇ 40 جۈپ ئەر-ئايال ئاشۇ مەيدانغا
ئورۇنلىشىپ ئېرىق-ئۆستەڭ چېپىپ،
تېرىقچىلىق قىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ جاي-
نىڭ ئىسمى «40 قىز دالاسى» دەپ
ئاتىلىپتۇ. دولانلىقلار ئارىسىدا توي-تۆكۈن
بولسا ھازىرمۇ مۇشۇ مەيدانغا يىغىلىپ،
ئوغلاق تارتىش، چاقپىلەك، سارغايدى
قاتارلىق ھەر خىل ئويۇنلارنى ئوينىشىدىكەن.

## مۇغاللىق نېمىشقا چۆچۈرە يېمەيدۇ؟

بۇ زاماندا ئەمەس ئۇ زاماندا، يامغۇر-
مۆلدۈردىن ئاتەش ياغقاندا، ئەل خاراب-
لىشىپ ۋەيران بولغاندا، ئاچارچىلىقتىن
زار قاقشىغاندا، خۇدانىڭ تاپشۇرۇقى
بىلەن قايسىدۇر بىر پەيغەمبەر ئەلنىڭ
دەردىگە يەتمەك بولۇپ، چۆل كېزىپ،
يۇرت ئاتلاپ، يوپۇرغا تەۋەلىكىدىكى
مۇغال دېگەن يېزىغا كەپتۇ. يول ئازابى-
دىن ھارغىنلىق يەتكەن پەيغەمبەر ئۆزىگە
ھەمراھ بولۇپ ئايىغىنى يەڭگىل قىلغان
تۆگىسىنى باغلاپ قويۇپ، بىر تۈپ سۆ-
گەتنىڭ سايىسىدا يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.
ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي تەييار ئول-
جىنى غەنىمەت بىلگەن مۇغاللىقتىن بىر
نەچچىسى پەيغەمبەرنىڭ تۆگىسىنى ئوغرى-
لاپ چۆچۈرە ئېتىپ يەۋاپتۇ. پەيغەمبەر
ئويغىنىپ قارىسا تۆگىسى يوق تۇرغۇدەك.
ئۇ سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق تۆگىسىنىڭ يوقى-
لىش سەۋەبىنى بىلگەنىدىن كېيىن دەر-
غەزەپ بوپتۇ ۋە مۇغاللىقلارنى: «بۈگۈن-
دىن باشلاپ چۆچۈرە يېسەڭ شۇ زامان
ئۆلگەيسەن»،— دەپ قاغاپتۇ. شۇنىڭدىن
باشلاپ مۇغال خەلقى چۆچۈرە يېيىشتىن
ھەزەر ئەيلەپتۇ ۋە ئەل ئارىسىدا: «مۇغال-
لىق پەيغەمبەرنىڭ قاغىشىغا كەتكەن،
چۆچۈرە يېسە ئۆلىدۇ»، دېگەن رىۋايەت
تارقالغانىكەن.

## لوقمان ھېكىم ھەققىدە

ئاسمان پادىشاھى بىلەن زېمىن پادىشاھى دەۋر سۈرگەن زامانلاردا ئۇلار ناھايىتى ئىناق ئۆتۈشكەنىكەن. بىر-بىرىنى پات-پاتلا مېھماندارچىلىققا چاقىرىپ تۇرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاسمان پادىشاھى زېمىن پادىشاھىنى مېھماندارچىلىققا چاقىرىپتۇ. مېھماندارچىلىقتىن كېيىن ئاسمان پادىشاھى زېمىن پادىشاھىغا نىم شەك ئېغىرلىقتىكى بىر خالتا نەرسىنى ھەدىيە قىپتۇ. زېمىن پادىشاھى ئۆز ئوردىسىغا قايتقاندىن كېيىن خالتىنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا خالتىدىكى باشقا نەرسە ئەمەس بۇغداي ئىمىش. زېمىن پادىشاھى ئاسمان پادىشاھىنىڭ بەكمۇ ئاددى «سوۋغا» ھەدىيە قىلغانلىقىدىن ئاغرىنىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ: «بۇ بۇغدايدا مەلۇم سىر بولۇشى مۇمكىن» دەپمۇ ئويلانتۇ. ئۇ خىزمەتكارنى چاقىرىپ، بۇ بۇغداينى تۈگمەنگە ئاپىرىپ بىر تالمۇ باشقا بۇغداي ئارىلاشتۇرۇۋەتمەي، بىر تالىنىمۇ زايا قىلماي ئۇن قىلىپ ئەكىلىشكە بۇيرۇپتۇ. تۈگمەنچى پادىشاھنىڭ ئېيتقانلىرىنى بىجانىدىل ئورۇنداپ، ئۇننى شاھقا تاپشۇرۇپتۇ. پادىشاھ ناۋايغا بۇ ئۇننى نان يېقىپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ.

ناۋاي ئۇننى تۆت نان قىلىپ تونۇرغا يېقىپتۇ. ناننى تونۇردىن سويغىچە ئارىلىقتا «لوقمان» ئىسىملىك بىر دىۋانە ناۋاينىڭ ئۆيىگە تىلەمچىلىككە كېلىپ قاپتۇ. ناۋاي دىۋانىنىڭ تىلىگىنىنى بېرىپ بولۇپ، تونۇرغا قارىغۇدەك بولسا، ناننىڭ ھەممىسى چوغنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، كۆيۈپ كۆمەچ بولۇپ تۇرغۇدەك.

پادىشاھنىڭ بۇ ناننى كۆرسە غەزەپلىنىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ناۋاي، قورقىنىدىن ئالمان-تالمان ئۆز ئۇنىدىن خېمىر يۇغۇرۇپتۇ-دە، چىرايلىق تۆت نان پىشۇرۇپ پادىشاھقا ئاپىرىپتۇ. ھېلىقى كۆمەچ بولۇپ كەتكەن تۆت ناننى بولسا كېپەككە قوشۇۋېتىپتۇ.

لوقمان ئادىتى بويىچە يەنە تىلەمچىلىك قىلىپ ناۋاينىڭكىگە كەپتۇ. ناۋاي لوقمانغا كېپەك ئارىسىدىكى ھېلىقى كۆمەچتىن بىرنى بېرىپ يولغا ساپتۇ. لوقمان ئۆيىگە بېرىپ ھېلىقى كۆمەچ ناننى يەپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا، ئۆزىدە بىر خىل ئۆتكۈرلۈك ھېس-تۇيغۇلارنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى سېزىپتۇ. لوقمان ناۋاينىڭ ئۆيىگە ئۇدا ئۈچ كۈن تىلەمچىلىككە بېرىپ، قالغان ئۈچ كۆمەچنىمۇ ئەكىلىپ يەپتۇ.

لوقمان ئەڭ ئاخىرقى كۆمەچنى يەپ بولۇپ سىرتقا چىقىپتۇ ۋە ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر توپ كەپتەر بىلەن ئۆينىڭ يېنىدىكى تېرەككە قونۇۋالغان بىر توپ چۈغۈندەككە كۆزى چۈشۈپتۇ. ھېلىقى كەپتەرلەر: «سوغۇقى ئېشىپ كەتكەنلىكتىن كېلىپ چىققان پالەچ كېسەلگە دورا بولۇمىز» دېسە، چۈغۈندەكلەر: «بىزنىڭ تۈكۈمىزدىن تارتىپ پۈتۈن ئەزايىمىز دېمى سىقىلغان كېسەلگە دورا» دەۋاتقۇدەك. قىسقىسى لوقماننىڭ ئالدىغا نېمىلا ئۇچرىمىسۇن ئۇلارنىڭ مەلۇم كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلغۇدەك. لوقمان ئۇزۇندىن بىرى مەيدە

ئاغرىقى بىلەن يېتىپ قالغان قوشنىسىنى
داۋالاپ بېقىش ئۈچۈن دورا ئىزدەپ
تاغقا چىقىپتۇ. لوقماننى كۆرگەن ئوتـ
چۆپلەرنىڭ ھەر بىرى ئۆزلىرىنىڭ قانداق
كېسەلگە داۋا بولۇدىغانلىقىنى ئېيتىشىپتۇ.

لوقمان بۇ ئوتلارنىڭ ئارىسىدىن
«مەن مەيدە ئاغرىقىغا داۋا» دېگەن پىنـ
نىنى ئەكىلىپ كېسەل قوشنىسىنى داۋاـ
لاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي قوشنىسى ساقىيىپتۇ.
بۇ كېسەلنىڭ ساقايغانلىقىنى ئاڭلىغان
بىر ئادەم لوقماننىڭ ئالدىغا كېلىپ،
دادىسىنىڭ ئېغىز ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغـ
نىغا ئۇزۇن يىللار بولغانلىقىنى، كۆپ
قېتىم داۋالانغان بولسىمۇ كېسىلى ساقايـ
مىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. لوقمان ئۇ كېسەلگە
دورا تېپىش ئۈچۈن كۆپ ئورۇنلارنى
كېزىپتۇ. ئاخىرى چوڭ بىر مازارنىڭ
يېنىدا مەي بولۇپ پىشقان بىر تۈپ ئۆرۈكـ
نىڭ: «مەن جان ھەلقۇمىغا كېلىپ قالـ
غان ئېغىز ئاغرىقىغا دورا» دەۋاتقانلىقىنى
ئاڭلاپ قاپتۇ. لوقمان دەرھال بۇ ئۆرۈكـ
تىن يەتتە تال ئۆزۈۋېلىپ ئاپىرىپ،
ھېلىقى كېسەلگە ئاز-ئازدىن يېگۈزۈپتۇ.
كېسەل بۇنىڭدىن شىپا تېپىپ پۈتۈنلەي
ساقىيىپ كېتىپتۇ.

لوقماننىڭ تىبابەتچىلىك ئىلمىدە
تەڭداشسىز ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان كىشىلەر
لوقماننى ئىزدەپ كېلىپ كېسەللىرىنى داۋاـ
لىتىدىغان بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يۇرتتا
ھېچقانداق كېسەلدىن ئەسەر قالماپتۇ.
كېسەلدىن ساقايغان كىشىلەر ئاللاغا: «ئەي
خۇدا! سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن سەن ياراتقان
ئۈسۈملۈكلەر ئارقىلىق لوقمان بىزنى
داۋالاپ ساقايتتى. ئۇنىڭدىن بىز بەكمۇ
خۇرسەنمىز. سېنىڭ لوقمانغا كەم بولغاندا
1000 يىللىق ئۆمۈر ئاتا قىلىشىڭنى سورايـ
مىز،» دەپ مۇراجىئەت قىلىشىپتۇ. ئۇلارـ
نىڭ تىلىكى ئىجابەت بولۇپ، خۇدا يولىدا
خالىس ئىش قىلغۇچى لوقمانغا ئاللا
1000 يىللىق ئۆمۈر بېرىپتۇ.

## ئىلى دەرياسى ھەققىدە

ئەسلىدە ھازىرقى ئىلى دەرياسىنىڭ
ئورنىدا ھېچقانداق سۇ دېگەن نەرسە
مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن. شۇڭا يىلدا بولۇـ
دىغان قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بۇ جايدىكى
كىشىلەرگە نۇرغۇن بالايىئاپەتلەرنى
كەلتۈرىدىكەن. بۇ يېزىدا ئېلى ئىسىملىك
كېلىشكەن، قاۋۇل بىر يىگىت بار ئىكەن.
ئۇ خەلقنى بۇ ئاپەتلەردىن قۇتۇلدۇرۇش
ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ياشلارنى باشلاپ
ئۆستەڭ چېپىپ، يېزىغا سۇ باشلاپ كەپتۇ.
سۇ كۈندىن كۈنگە ئۇلغىيىپ بىر دەريا
ھاسىل قىپتۇ. ئېلى ئەمگەك جەريانىدا
قاتتىق زەخىملەنگەنلىكتىن بۇ دۇنيادىن
كۆز يۇمۇپتۇ. كىشىلەر بۇ باتۇر ئوغۇلنى داۋامـ
لىق يادلاپ تۇرۇش ئۈچۈن بۇ دەريانى
ئۇنىڭ نامى بىلەن باغلاپ «ئىلى دەرياـ
سى» دەپ ئاتىشىپتۇ.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇكېرىم راخمان

AltunOq

# چاغاتايچە لۇغەت

تۈزگۈچىلەر: غەيرەت غەيۇرانى، ئىسمايىل قادىرى

## ب

ب چاغاتاي ئېلىپبەسىنىڭ ئىككىنچى ھەرپى.

با [با] (پ) 1 › بىرەر سۆپەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈدىغان سۆز ئالدى قوشۇمچە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆپەت ياسىغۇچى «لىق، چى، دار» قوشۇمچىلىرىنىڭ رولىدا كېلىدۇ:

سۇلۇكەتدە ماھىر ئەجەب بائەدەب،
تەكەللۇم قىلۇر سەۋتكە غۇنچە لەب.

— ئا. نىزارى.

2 › بەزى سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «بىلەن، ئارقىلىق» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ: باقەلەم — قەلەم بىلەن، باتەرتىپ — تەرتىپ بىلەن، بامەسلىھەت — مەسلىھەت بىلەن؛ 3 › «بەI» گە قاراڭ.

باب I [باب] (ئە) 1 › ئىشىك، دەرۋازا، قۇۋۇق:

كى شاھزادە ئاچتى كەرەم بابىنى،
كۆرۈپ شاھى فەغفۇر بۇ ئىنئامىنى.

— ئا. نىزارى.

2 › بۆلۈم، قىسىم، باب:

سۆزلەشىبان ھەربىرى بىر بابىدىن،
تىز رەۋان ئۆتتىلەر تىزنابىدىن.

— زەلىلى.

3 › جەھەت، ساھە، مەسىلە:

پاكلىق بابىدا يوقتۇر بىرسىنىڭدەك دەھرئارا،
كىم يۈزۈڭنى كۆردى دەر: مەريەمدىن ئېرمىشدۇر ئەفىق.

— ئۇبەيدى

**باب I** [باب] (پ) ماس، مۇۋاپىق، لايىق، باب.

**بابا** [بابا] بوۋا؛ مويسىپىت؛قىرى؛ بۇرۇن ياشىغان كىشىلەر، ئەجدادلار.

**بابەت** [بابت] (ئە) جەھەت؛ توغرىسىدا، ھەققىدە؛ تۈر، خىل.

**بابەركەت** [بابركت] (پ+ئە) بەرىكەتلىك، مول.

**بابەھا I** [بابها] (پ) باھالىق، قىممەت.

**بابەھا II** [بابهاء] (پ+ئە) ھۆسن، جامال، گۈزەللىك، روشەنلىك.

**بابزەن** [بابزن] (پ) كاۋاپ زىخى.

**بابۇل خىلاپ** [باب الخلاف] (ئە) ئەگرىلىك، ناتوغرىلىق.

**بابىل** [بابل] (ئە) ئىراقتا قەدىمكى زاماندا مەشھۇر بولغان بىر شەھەر.

**باپەندە** [بافنده] (پ) باپكار، توقۇمىچى:

ۋۇجۇدىغە باپەندەنىڭ تۇشتى تاب،
زەبان چەرخىغە ئەشتى سۆزدىن تەناب.

— غەرىبى.

**بات** [بات] (پ) تىز، ئىلدام، ئىتتىك، پات:

قارا ساچىڭ كۆكۈلگە كەلسە دەرمەن،
قەرارىمغەكى بات بول باشىڭ ئال، قاچ.

— ئەتائى.

**بات ئەيلەموك** — تىز قىلماق، قەتئىي بەرمەك:

گەر مالىنى ئەسبابى نىجات ئەيلەگەسەن،
دەرۋىشكە سەدقىسىنى بات ئەيلەگەسەن.

— نەۋائى.

**باتەئەب** [باتعت] (پ+ئە) 1› ھارغان، ھاردۇق يەتكەن، چارچىغان؛ 2› مادارسىز، كۈچسىز:

يەنە خاجە سورىدىكى، ئەي باتەئەب،
ھەلەب شەھرىگە كەلمەكىڭ نى سەبەب.

— ئا. نىزارى.

**باتەرتىب** [باترتيب] (پ+ئە) تەرتىپ بىلەن، تەرتىپلىك.

**باتەنەززۇل** [باتنزل] (پ+ئە) چۈشكۈنلۈك بىلەن، ئۆزىنى پەسكە ئىلىش يولى بىلەن.

**بات-بات** [بات-بات] تىز-تىز، پات-پات.

**باتراغ** [باتراغ] تىزرەك، پاتراق.

**باتماق** [باتماق] 1› چۆكمەك، غەرق بولماق، پاتماق؛ 2› يوشۇرۇنماق، كۆمۈلمەك، يوقالماق:

فەلەك ياتىب ئاياغ ئىلگىن ئۇزاتىپ،

ئېشەك يەڭلىغ قارا بالچىقتا باتىپ.
— نەۋائى.

**باتمانI** [باتمان] ئېغىرلىق ئۆلچىمى، پاتمان.
**باتمانII** [باتمان] پاتمايمەن.
**باتىل** [باطل] (ئە) 1) بۇزۇق، بۇزۇلغان؛ بوش، قۇرۇق؛
... ئۇلاھا باتىل ئىشلاردىن ماڭا بەرگىل پۇشەيمانلىق.
— ئەھمەد يەسەۋى.
2) ئاساسسىز، بىھۇدە؛ ناتوغرا، ناھەق؛
قازىلار پەتۋايى بەريان ھەقنى باتىل قىلدىلار.
كۇفر ئېتىپ ئىمانە كەلمەس، كەلمەكىكە ئار ئەتدىلەر.
— موللا مۇھەممەد نىيازى.
3) يالغان، ساختا:
تەمبۇرەنىڭ باتىلە پەرۋەردەسىن،
يىرتايىن ئول باشتىن-ئاياق پەردەسىن.
— ئەھمەدى.

**باتىل ئەتمەك** — بۇزماق.
**باتىل بولماق** — بۇزۇلماق.
**باتىل خەيال** — بىھۇدە، بۇزۇق خىيال.
**باتىن** [باطن] (ئە) 1) ئىچ، ئىچكى دۇنيا، كۆڭۈل؛
قىلىب باتىنىدە خۇدادىن تەلەب،
خالاس ئولماقىغە نېچۇكدۇر سەبەب.
— ئا. نىزارى.
2) يوشۇرۇن، مەخپى، پىنھان:
خۇدانىڭ خەلقىغە كۆپ جەبر ئەيلەر،
كى باتىن كۆزلەرىنى كور ئەيلەر.
— مۇھەممەد سادىق قەشقەرى.
**باتىن ئەئما** — زىھىنسىز، ئوقۇشسىز.
**باتىن ئۆي** — كۆڭۈل ئۆيى.
**باتىنى قارا زاھىرى ئاق** — ئىچى قارا كۆرۈنۈشى ئاق، ئىككى يۈزلىمچى.
**باتىنەن** [باطنا] (ئە) ئىچىدىن، يوشۇرۇن
**باتىنەن ۋە زاھىرەن** — ئىچىدىن ۋە تېشىدىن.
**باج** [باج] (ئە) پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ تەرىپىدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق جاي-
لاردىن ئالىدىغان سېلىقى؛ باج، ياساق:
چۇ شاھلارغا قىلساڭ ئەگەر تاجىنى،

كى ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ئالىپ باجىنى.
— غەرىبى.

**باجۇد** [باجود] (پ + ئە) مەرھەمەتلىك، ھىممەتلىك، سېخى.
ۋۇجۇدى باجۇد — مەرھەمەتلىك شەخس.

**باخەبەر** [باخبر] (پ + ئە) خەۋەردار، خەۋىرى بار؛
بۇلاردىن سوراپ مەن، ئەيا راھبەر
بۇ ئىشدىن فەقىرنى قىلىڭ باخەبەر.
— ئا. نىزارى.

**باختەر** [باختر] (پ) 1 › غەرب، كۈن پېتىش.
باختەردىن تا بەخاۋەر — غەربىدىن شەرققىچە.
2 › بەلخ شەھرىنىڭ قەدىمكى نامى.

**باختەن** [باختن] (پ) يېڭىلمەك، ئۇتتۇرماق؛ زىيان تارتماق.

**باخسۇم** [باخسوم] تېرىق، بۇغداي ياكى قوناق ئۇنىدىن قىلىنغان بوزىغا ئوخشاش ئىچىملىك.

**باخنامە** [باخنامه] (پ) 1 › لەقەم؛ 2 › نام، ئۇنۋان، ئاتاق.

**باخۇسۇس** [باخصوص] (پ + ئە) 1 › مەخسۇس قىلىنغان، خاس.
2 › خۇسۇسەن، بولۇپمۇ.

**باخىرەد** [باخرد] (پ) ئەقىل، ھوشقا ئىگە؛ ئەقىللىق، دانا.

**باد** [باد] (پ) يەل، شامال.
قىلىپ باد يەڭلىغ جەھاننى گۈزەر،
خەبەر ئالماقىغە شەھەرمۇ ـ شەھەر.
— ئا. نىزارى.

**بادى ئەجەل** — ئەجەل شامىلى، ئۆلۈم خەۋىرى.
بولۇپ غەرق كىشتى، فۇرۇكەتتى ئەل،
كى تەقدىر ئىلە ئەستى بادى ئەجەل.
— ئا. نىزارى.

**بادپەناھ** — شامالدىن پاناھلىنىدىغان جاي.

**بادى خەزان** — كۈز شامىلى:
دەر ئېردىكى ئىستەپ چۇ بادى خەزان،
كى ئۆچتى چىراغىم نېتەي، ئاھ، جان.
— ئا. نىزارى.

**بادى سەبا** — تاڭ شامىلى، مەيىن شامال.

**بادى سەر سەر** — ئىتتىك شامال، قاتتىق شامال، بوران:
بولۇپ بادى سەرسەر مەسەللىك ئېتى،

قاباتىپ تۇرار جۇرغا تىگىنىڭ ئېتى.
— موللا شاكىر.

**پادى سۇبھ** — سەھەر شامىلى:
كىم ئايغاي شەرھى ھالىمنى قاتىڭدە،
چۇ بادى سۇبھ يەتمەس ھەزرەتىڭدە.
— لۇتفى.

**بادى مۇخالىف** — تەتۈر شامال:
چۇ قوزغالدى بادى مۇخالىف شەددىد،
خەلايىق جانىدىن ئۈزۈلدى ئۈمىد.
— ئا. نىزارى.

**بادام** [بادام] (پ) بادام؛ بادام شەكىللىك:
كاكۇلىنىڭ تارى داغى بادامدۇر،
كۆزلىرى گۇياكى چۇن بادامدۇر.
— زەلىلى.

**بادامە** [بادامە] (پ) بادام شەكىلدىكى، بادام نۇسخە.
بادامە مۇھر — بادام شەكىلدىكى مۆھر.

**باد ئاۋەرد** [بادآورد] (پ) يەل كەلتۈرگەن، شامال ئېلىپ كەلگەن؛ مۇشەققەتسىز قولغا كەلگەن.

**بادە** [بادە] (پ) مەي، شاراب:
ھەمە قاچتى مەندىن ھەرامزادەلەر،
چەراكىم فەقىردا تۆگەپ بادەلەر.
— ئا. نىزارى.

**بادە ئاشام** —مەيپەرەست، شارابخور.
**بادە بەزمى** — مەي زىياپىتى، ئىچىملىك ئولتۇرۇشى.
**بادەئى ئەسفەر** — سېرىق مەي؛
**بادەئى تەھۇرا** — ساپ، تازا مەي؛
**بادەئى سەندەل** — سەندەل پۇراقلىق مەي؛
**بادەئى گۇلپام** — قىزىل، ياقۇت رەڭ مەي؛
**بادەئى گۇلگۇن** — قىزىل رەڭلىك سۈزۈك مەي؛
**بادەئى ناب** — تازا، تىنىق، ساپ مەي:
ئىلىندە بىر پىيالە بادەئى ناب،
مۇنىڭدەك كەلدى ئول گۇلبەرگى سىيراب.
— لۇتفى.

**بادەئى ھۇمرا** — قىزىل مەي؛
**بادەئى ئىشرەت** — خۇشاللىق شارابى، ئىشرەت شارابى:

AltunOq

نەسىب ئەتمىش فەلەك خۇنابەئى ھەسرەتنى غەم بىرلە،
كۆرەرمۇ بادەئى ئىشرەتنى ئول ھەرگىز رەۋا بىزگە.
— مەھزۇن خوتەنى.

**بادەئى ئىشق** — ئىشق، سۆيگۈ، ۋىسال مەيى:
بادەئى ئىشقىڭدىن ئەت كۆڭلۈمنى مەست،
لىبىڭ ئول يەڭلىغكى بولغاي مەي پەرەست.
— نەۋائى.

**بادەپالا** [بادپالا] (پ) مەينى سۈزۈشتە ئىشلىتىدىغان لاتا، داكا، مەي سۈزگۈچ.

**بادە پەرەست** [بادە پرست] (پ) مەيپەرەس، مەيگە بېرىلگەن.

**بادە پەيماي** [بادە پيماى] (پ) مەي قۇيغۇچى؛ مەي ئىچكۈچى:
بۇ بەزمى غۇسسە ئىچرە بادە پەيماي،
بولۇر ھەرلەھزە مۇنداق مەجلىسئاراي.
— نەۋائى.

**بادە پۇرۇش** [بادە فروش] (پ) مەي ساتقۇچى.

**بادە كەش** [باد كش] (پ) مەيخۇر شارابخور:
سەن ئەمدى غەم يېمە كۆڭلۈگنى خۇش تۇت،
تەرەب بىرلە ئۆزۈڭنى بادەكەش تۇت.
— نەۋائى.

**بادە نۇش** [بادە نوش] (پ) مەي ئىچكۈچى، مەي ئىچكەن، مەيگە ئۆگەنگەن.

**باد بان** [بادبان] (پ) يەلكەن، يەلكەنلىك كېمە، كېمە چېدىرى:
خىرەد كىشتى ئۆزرە تىكىب بادبان.
قىلۇر بەھر ئىچرەقۇيۇندەك رەۋان.
— ئا، نىزارى.

**بادپا** [بادپا] (پ) يەل تاپان، تېز يۈرەر؛ چاپقۇر ئات.
يەنە ئەمر قىلدى پەرى ئەي ئاتا،
يەنە كەلتۈرۈڭ تېزرەك بادپا.
— ئا. نىزارى.

**باد پاي** [باد پاى] (پ) «بادپا» گە قاراڭ.
چاپىپ ھەر تەرەپ بادپايى سەمەند،
شكار ئەيلەبان بارچە پەستۇ بەلەند.
— ئا. نىزارى.

**بادنەما** [بادنما] (پ) شامال يۆنىلىشىنى كۆرسەتكۈچى ئەسۋاب.

**بادىنجان** [بادنجان] (پ) پەدىگەن، (چەيزە)

**بادىيە** [بادیە] (ئە) چۆل، باياۋان، سەھرا:
كۆرۈندىكى ئاندىن ئەجەب بادىيە،
سەمەرلىك يەر ئىردى ئۇشول ۋادىيە.
— ئا. نىزارى.

**بار I** [بار] دۇر، ئىرۇر (كېسىملىك جۈملە ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان قوشۇمچە)
شوخلۇقتىن ئويناشىپ جان ئالسا ھەردەم كۆزلەرى،
غەم ئەمەستۇر جان بىرۇردە لەئلى شەككەر بارى بار.
— مەھزۇن خوتەنى.

**بار II** [بار] (پ) يۈك
بارى ئەندۇھ — غەم يۈكى.
بارى دىل — كۆڭۈل يۈكى، كۆڭۈلدىكى تەشۋىش.

**بار III** [بار] (پ) 1) مېۋە؛ ھوسۇل؛ 2) قورساقتىكى بالا:
بولۇپ ھامىلەدىن شىكەم ئىچرە بار،
تۇغارغە بۇ يەرنى قىلىپ ئىختىيار.
— زەلىلى.

**بار IV** [ بار] مەررە، قېتىم، نۆۋەت:
قىلىب نەغمىنى ئۈچ قاتار،
بۇ نەخش غەزەلنى نەچچە بار.
— موللا شاكىر.

بار ئەۋۋەل — دەسلەپكى قېتىم، بىرىنچى قېتىم، تۇنچى قېتىم.
باردىگەر — كېيىنكى قېتىم، ئىككىنچى قېتىم؛
بىر بار — بىر قېتىم؛
مەيخانەسىگە يول بەرسە بىربار،
ئۆزلۈكنى تاشلاپ بولسام سەبەبكار.
— خەستە.

**بار V** [بار] (پ) ئىجازەت، رۇخسەت، ئىزنى؛ قوبۇل.
بار ئەھلى — ساراي مەمۇرلىرى؛
بار بەرمەك — كىرىشكە رۇخسەت بەرمەك، قوبۇل ئەتمەك؛
بار تاپماق — كىرىشكە ئىجازەت ئالماق، قوبۇل ئېتىلمەك.
بارى ئام — ئۇمۇمىي قوبۇل.
بارى ئام بەرمەك — ھەممىنى قوبۇل قىلماق.
بار ئىستەمەك — رۇخسەت، ئىجازەت سورماق.

**بار VI** [بار] (پ) سۆز بىرىكمىسىدە: ياغدۇرغۇچى، تۆككۈچى، تارقاتقۇچى، ياققۇچى مەنىلىرىدە كېلىدۇ.

ئەنبەر بار — ئەنبەر تارقاتقۇچى، گۈزەل ھىدلىق.
بارىد بار — سوغۇق تارقاتقۇچى.
كافۇر بار — كافۇر ياغدۇرغۇچى.

باراب [باراب] (پ) سۇغىرىلىدىغان يەر.

باراج [باراج] (پ) تۇغۇت ئانىسى.

بارئاغۇش [بارآغوش] بىر باغلام، بىر قۇچاق، بىر يۈدە (ئوتۇن).

باران [باران] (پ) يامغۇر.

نە نامازۇ رۇزىيۇ نە ئەيلەدىم ھەججۇ-زەكات،
بولدى ئەمدى كۆز ياشىم چۇن مىسلى باران ئەلۇدا.
— سەدائى.

تىير باران — ئوق ياغدۇرۇش.
سەڭگى باران — تاش ياغدۇرۇش.

باره I [باره] (پ) مەررە، قېتىم؛ «بار IV» غا قاراڭ.

باره II [باره] (پ) ھەق ...، خۇسۇس ....
بارەسىدە — خۇسۇسىدا، ھەققىدە:

بىزنىڭ بارەمىزدە چېكىپ رەنجىنى،
ئاڭا ئەرزىمەس بەرسە مىلك گەنجىنى.
— ئا. نىزارى.

باره III [باره] (پ) قەلئە، قورغاننىڭ تېمى.

باره IV [باره] (پ) ئات، ئۇلاغ.

باره-باره [باره-باره] (پ) بىرقېتىم-بىرقېتىم، ئاستا-ئاستا، بارا-بارا.

بارەندە [بارنده] (پ) ياغقۇچى.
بارەندە ئەبر — يامغۇرلۇق بۇلۇت.

باربار [بار بار] (پ) قايتا-قايتا، تەكرار-تەكرار.

باربەست [بار بست] (پ) يۈك تېڭىش.

بارخانە [بارخانه] (پ) چېدىر؛ مال ئامبىرى، ئامبار.

باردار [بار دار] (پ)، 1) مېۋىلىك، 2) ھامىلدار، ئېغىر ئاياغ، 3) يۈك كۆتەرگۈچى ھاممال.

بارسىپ [بارسيپ] سىلكىپ، ئوينۇتۇپ:

ساچ باغ ئۇچىنى بارسىب،
مۇنساكىنى يۆرگەنىپ،
يولغا كىردى تەبرەنىپ،
يۆگۈرۈپ يۈرۈر ئېردىيا.
— موللا مۇھەممەت نىيازى.

باركەش [باركش] (پ) يۈك توشۇغۇچى، ھاممال.

**بارگاھ** [بارگاه] (پ) 1› پادىشاھ قوبۇلخانىسى، قەسىر، ساراي:

تىنگىلدى ئىككى ياندىن بارگاھلار،
مۇۋافىق بولدى ئىككى پادىشاھلار.
— لۇتفى.

2› چېدىر، ئۇتاق:

پەقىر نامراتلارغا ھەم بەردى ئات،
ئاق ئۆي چادىرۇ بارگاھ بىرلە كات.
— موللا شاكىر.

3› مازار، قەسىر:

خەلق تاۋاپ ئەتمەك ئۈچۈن بارگاھ،
بارماقىنى بەرمەس ئىلكىدىن رەھا.
— زەلىلى.

**فەلەكبارگاھى** — ئاسمان قەسىر، يۈكسەك ئاسمان.

**بارھا** [بارها] (پ) بىرنەچچە قېتىم، بىرنەچچە ھەررە.

**بارۇت** [باروت] (پ) مىلتىق دورىسى، پۇرۇخ.

**بارۇت ساز** [باروت ساز] (پ) مىلتىق دورىسى ياسىغۇچى.

**بارۇتگەر** [باروت كر] (پ) مىلتىق دورىسى ىىلەن شوغۇللانغۇچى ئۇستا.

**بارۇر I** [بارور] (پ) مېۋىلىك، ھاسىل بولغان.

**بارۇر II** [بارور] بارىدىغان:

قايدا باراي مەن ئەيە سەنەم، يوقتۇر يەنە بارۇر يېرىم،
ئىشق ئېلىنىڭ بولۇپدۇرۇر سەجدەگاھى بۇ بابىڭىز.
— ئۇبەيدى.

**بارۇھ** [بارح] (پ + ئە) روھلۇق، جانلىق، ياشناپ تۇرغان.

**بارىي** [بارى] (ئە) ياراتقۇچى، ئاپىرىدە قىلغۇچى، ئاللا.

**بارىبان** [باريبان] بېرىپ.

**بارىد** [بارد] (ئە) سوغۇق.

**بارىد رەتىب** — ھۆل سوغۇق.

**بارىد يابىس** — قۇرۇق سوغۇق.

**بارىقە** [بارقه] (ئە) نۇرلۇق، روشەن، چاقنايدىغان.

**بارىقەئى زىيا** — نۇرنىڭ پارلىشى.

**بارىقەئى سەرمەدىي** — ئەبەدىي روشەنلىك.

**بارىقەئى لەتاپەت** — يارقىن، ئىللىق ئاپتاپ.

**بارىك** [باريك] ئىنچىكە، نازۇك.

**بارىكەللا** [بارك الله] (ئە) ئاللا بەرىكەت بەرسۇن! خۇدا مۇبارەك قىلسۇن! دېدى: بارىكەللاھ مۇرادىڭغا يەت،

لەئىش خاتىرەڭگە يېتەر، قىل ئەبەت.
— ئا. نىزارى.

**بارىكبىن** [باريك‌بين] (پ) نازۇك نەرسىلەرنى كۆرۈپ بىلەلەيدىغان، ئۆتكۈر، زېرەك.

**بارىكبىنلىك** [باريك‌بين ليك] زىرەكلىك، ئۆتكۈر زېھنىلىك.

**بارىندەك** [بارندەك] (پ) يامغۇرلۇق بۇلۇتتەك.

جەھان خۇررەم بولۇپ خۇددى بارىندەك،
سۆزۈلۈپ چەشمەلەر مايى مايىنتەك.
— لۇتفى.

**بارەۋاج** [بارواج] (پ + ئە) راۋاجلانغان، ئىشى ئالغا باسقان:

مۇساپىر بولۇر ئاقسۇدا بارەۋاج،
تاپۇر نامۇراد بولسا خەرجۇ-خەراج.
— موللا شاكىر.

**بارياب** [بارياب] (پ) قوبۇل قىلىنغان، كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىنغان.

**باز I** [باز] (پ) لاچىن.

چۇ ناز ئول تەزەرۇ ئاشكار ئەيلەبان،
بەسى بازۇ شاھىن شىكار ئەيلەبان.
— نەۋائى.

**باز II** [باز] (پ) يەنە، قايتا:

چۇ بىر جامنى باز مەملۇ ئېتىپ،
ماڭا تۇتتى جامنى خۇشبۇ ئېتىپ.
— ئا. نىزارى.

**باز III** [باز] (پ) سۆز بىرىكمىسىدە «ئوينىغۇچى، ئويناتقۇچى» مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ: مەيمۇنباز — مايمۇن ئويناتقۇچى، ئىشقباز — ھەقىقىي ئاشىق.
بازئەتمەك — ئويناتماق:

كەبكدېك رەفتار ئىلە ھەر سارى ئەيلەپ جىلۋەلەر،
بەندى زۇلفىن باز ئېتىپ ئەنبەر فىشانلىقلارمۇدۇر.
— گۇمنام.

**باز IV** [باز] (پ) ئېچىش، ئېچىلىش؛ ئوچۇق.

ئۆتۈپ ئېردى ئول كۈن بۇ يەڭلىغ ئۇمۇر،
ئەجەب ۋاقىئە باز تاپتى زۇھۇر.
— ئا. نىزارى.

**بازار** [بازار] (پ) سودا-سېتىق قىلىنىدىغان جاي، بازار.

**بازارگان** [بازارگان] (پ) بازارچى، سودىگەر، ئېلىپ ساتار.

AltunOq

**بازارى** [بازارى] (پ + ئە) بازارلىق، بازار ئەھلى.

**بازئاۋەرد** [باز آورد] (پ) قايتا كەلتۈرۈش؛ ھەدىيە، سوۋغا.

**بازەۋق** [بازوق] (پ + ئە) زوقمەن، زوقمەنلىك بىلەن.

**بازبان** [بازبان] (پ) لاچىنۋاز، لاچىننى شىكارغا ئۆگەتكۈچى، لاچىن بىلەن شىكار قىلغۇچى.

**بازبىن** [بازبين] (پ) بېلەت ساتقۇچى.

**بازجۇست** [بازجست] (پ) ئاختۇرۇش، تەكشۈرۈش.
**بازجۇست ئەيلەمەك** — قىدىرماق.

**بازگەشت** [بازگشت] (پ) قايتىش، يېنىش.
**بازگەشت ئەيلەمەك** — قايتماق، قايتىپ كەلمەك.

**بازگۇن** [بازگون] (پ)؛ 1) تەتۈر، چەپ، ئەكس؛ 2) بەختسىز.

**بازگۇنە** [بازگونه] (پ) «بازگۇن» غا قاراڭ.

**بازگۈي** [بازگوى] (پ) ناخشا، غەزەلدە بىر سۆزنى ياكى بىر بېيىتنى قايتىلاپ تەكرار ئېيتىش

**بازۇ** [بازو] (پ) بىلەك.

كى بازۇسىدۇر مىسلى شاخى چىنار،
يۈزى ئاي مەسەللىك ئۆزى تاجدار.
— ئا. نىزارى.

**بازۇيى ئەدل** — ئادالەت قولى.

**بازۇلۇق** [بازو لوق] 1) بىلەكلىك؛ 2) كۆچمە: كۈچلۈك.

چۈكسە زور بازۇلۇق ئەيلەپ پەددىن،
كېلىپ لەرزىگە كۆھ ئانداغكى بېد.
— ئا. نىزارى.

**بازى** [بازى] (پ) ئويۇن؛ ئالداش؛
**بازى بەرمەك** — ئالدىماق.
**بازى يېمەك** — ئالدانماق.

**بازىچە** [بازيچه] پ) 1) ئويۇنچۇق؛ قوچاق؛ 2) چاقچاق.
**بازىچەئى ئەتفال** — باللار ئويۇنچۇقى.

**بازىگەر** [بازيگر] (پ) ئويۇنچى، مەسخىرەۋاز.

**باسەفا** [باصفا] (پ + ئە) ساپالىق، تازا، يېقىملىق؛

كۆرۈپمەن ئەجەب گۈنبەزى باسەفا،
كى ئۇستاد ئىلكىدە تاپمىش بەنا.
— ئا. نىزارى.

**باسرۇغ** [باسروغ] 1) ئاق ئۆي ئۈستىگە ياپىدىغان كىگىز؛ 2) باسقۇچ (باسىدىغان).

**باسقۇن** [باسقون] تاجاۋۇز، ھۇجۇم.

**باسۇت** [باسوت] 1) ياردەم، قوللاش، مەدەت، ياردەمچى، يۆلىگۈچى، كۆيۈنگۈچى.

**باسىبان** [باسيبان] بېسىپ:

ئۇن كىشىدە ئالتە ئېشەك، ئىككى قوي،
گاھ باسىبان يۇقارى، گاھىدا ئوي.

— زەلىلى.

**باسىت** [باسط] (ئە) 1) ئېچىلغان يېيىلغان؛ 2) كۆڭۈل ئاچقۇچى.

**باسىرە** [باصره] (ئە) كۆرۈش قۇۋۋىتى، كۆرۈش سەزگۈسى؛ كۆز.

**باسىق** [باسيق] بېسىملىق، چىدامىلىق.

**باسىن** [باسن] باسما، مەتبەئە.

**باسىنج** [باسنج] زۇلۇم، ئېزىش.

**باسەۋەللاھ** [باسوىالله] ئاللادىن باشقىسى.

ئاھىكىم ئول بادەدىن نوش ئەيلەسەم،
باسەۋەللاھنى فەراموش ئەيلەسەم.

— خەراباتى.

**باشەرەف** [باشرف] (پ + ئە) شەرەپكە ئىگە، ئالىيجاناپ، ئېسىل:

تىلەر ئەردى ھەقدىن كى قابىل خەلەف،
مۇناجات ئەيلەپ شەھى باشەرەف.

— ئا.نىزارى.

**باشەفىق** [باشفيق] (پ + ئە) شەپقەتچى، ھىمداشلىق قىلغۇچى:

مەلىكە دېدى: خاجەئى باشەفىق،
نەچۈك كەل دۇرۇر سىزگە بولغان رەفىق.

— ئا. نىزارى.

**باشۇكۇھ** [باشكوه] (پ) شەۋكەتلىك، سەلتەنەتلىك؛ تەنتەنىلىك؛ تەمكىن، سالماق:

شەھەنشاھ ئانداغ ئېرۇر باشۇكۇھ،
خەزايىن ئاڭا بارئىدى كوھ- كوھ.

— ئا. نىزارى.

**باشارماق** [باشارماق] باشقۇرماق، يولغا سالماق.

**باشام** [باشام] (پ) پەردە، ئىشىك ياكى دېرىزە پەردىسى.

**باشامە** [باشامه] (پ) ئاياللارنىڭ چۈمپەردىسى،

**باشقان** [باشقان] باشلىق، يۇرت چوڭى.

**باشقالىق** [باشقالق] ئىختىلاپ، ئايرىملىق، جۇدالىق.

**باشى** [باشى] رەھبەر، باشلىق، سەردار.

**باشىر** [باشير] سۆت بىلەن:

ئانگىدەك ئەتتىلەر بارچەسى تەدبىر،

كى بىر ـ بىرگە قاۋۇشقاي شەھدۇ باشىر.
ـــ لۇتفى.

باغ [باغ] (پ) گۇلزار، گۇلشەن، باغ.
باغۇراغ ـ باغ ۋە دالا، باغ ۋە ئوتلاق.
ئاندا گەر قىلساڭ تەمەئكىم سەرۋىيۇ ھەم باغۇ راغ،
مۇندا بىر ۋەيرانە ئىچرە گۇشەئى دىۋار تۇت.
ـــ مەھزۇن خوتەنى.
باغۇ بوستان ـ باغ ۋە گۇلزارلار، ياشنىغان باغ.
يەنە ئەيلەدى باغۇ ـ بوستانلار،
كى پەيدا قىلىبان گۇلىستانلار.
ـــ غەرىبى.
باغى ئىرەم ـ جەننەت بېغى؛ كۆچمە: ناھايىتى ياخشى باغ؛
يا پەرى يا ھۇر يا باغى ئىرەم ياد ئەيلەمەس،
شەھرىنى ئۇنتار بولۇر ھەركىم دۇچارى كاشغەر.
ـــ گۇمنام.
باغى ۋىسال ـ ۋىسال بېغى؛
باغى جەننەت ـ جەننەت بېغى، بوستان؛
باغى جىنان ـ «باغى جەننەت» كە قاراڭ:
مەلامەت ئوقىدىن جىسمىمدە ھەدسىز يارەلەردۇركىم،
بولۇرمۇ ئىشق ئېلىگە يارەلەر باغى جىنان بىر كۇن.
ـــ گۇمنا م.
باغى رىزۋان ـ جەننەت؛
باغى رەھمەت ـ رەھمەت بېغى.
باغات [باغات] (ئە) باغلار، باغلىق جايلار.
باغى [باغى] (پ) بىرگە بولۇپ، بىرلىكتە.
باقى [باقى] (ئە) 1 › ئەبەدى، دائىمىي، مەڭگۇ:
ئەلقىسسە، بۇ شاھلارغا ھەياتلىق باقى بولماي، جەھان سەلتەنەتىنى
بېرىپ، بۇ فەلەكى غەددار پات فۇرسەتتە ياندۇرۇپ ئالدى.
ـــ موللاسىدىق يەركەندى.
2 › قالدۇق، ئېشىپ قالغان نەرسە:
نېچۇك جان بەرمەسۇن ۋەسلىڭ تىلەپ دەردۇ فىراقىدىن،
قەلەندەرغە ۋىسالۇ دەۋلەتۇ ھەم ئۇمرى باقىدۇر.
ـــ ئۇبەيدى
باقىئى ئۇمر ـ قالغان ئۆمر:
قەدەھگەردان قىلىبان ساقىئى ئۇمر،

كەچۇردىلەر مۇنىگدەك باقىنى ئۆمر.
— لۇتفى.

**باقىمەندە** [باقى ماندە] (پ) قالدۇق، قالدۇق قەرز؛ باقىۋەندە.

**باك** [باك] 1) قورقۇنچ، خەۋپ، ۋەھىمە:
دەرىن ئەردىكى باغرىن چاك قىلسا،
يۈرەكىنى چىقارىپ باك قىلسا.
— لۇتفى.

2) زەرەر:
جان ئەگەر ئول ئارەز ئۈچۈن بارسا يوق، كۆڭلىدە رەھم،
سۇسىزىن يۈز بالىغ ئۆلسە بەھرىغە نې باك ئېرۇر.
— لۇتفى.

3) ئەندىشە، يىغا-زار:
ئاقىل ھۇۋەيدا بولۇپ ئەيلەدى باك،
بەرەھنە سەبر ياقاسىنى قىلدى چاك.
— ئەھمەدى.

**باكاۋۇل** [باكاول] پادىشاھنىڭ تامىقىنى ئېتىدىغان خىزمەتچى، ئاشپەز:
باكاۋۇل پادىشاھغە پەركەچىدۇر،
بىلىپ دىۋانغە ئىش يەتكۇرگۈچىدۇر.
— مەھزۇن خوتەنى.

**باكەمال** [باكمال] (پ + ئە) كامالەتكە يەتكەن، يېتىلگەن؛ مۇكەممەل؛ تالانتلىق، ئىقتىدارلىق:
ھۇنەرمەندلىكتە ئەجەب باكەمال،
ۋەلېكىن ئاگا ئەردى ئون ئىككى سال.
— ئا. نىزارى.

**باكى** [باكى] (ئە) يىغلىغۇچى.

**باكىر** [باكر] (ئە) تاڭ، ئەتىگەن.

**باكىرە** [باكره] (ئە) توي قىلمىغان قىز.

**بالڭ** [بانگ] (پ) قىچقىرىلغان، ۋارقىرىغان ئاۋاز، سادا، پەرياد:
بۇ ۋەسۋاس ئىلە تۈن ئۆتۈپ ئاتتى تاڭ،
كى مۇرغى سەھەر ئول زەمان ئۇردى بالڭ.
— ئا. نىزارى.

**بالڭى بەلەند** — يۇقىرى ئاۋاز:
بەيت ئوقۇپ ئۈچ كىشى بالڭى بەلەند،
يۇردۇكۇ قالدى سىپىلى ياركەند.
— زەلىلى

**بالI** [بال] (پ) قانات.
**بالۇ پەر**ــ قانات قۇيرۇق:
دېمە قىرغول، كەبۇتەر بىرلە ئۇرمىش بالۇ پەر،
شۇڭقار ئىلە ھەم خىرام ئۇلمىش ھەۋا ئۈستىدە قار.
ـــ سەبۇرى.

**بالII** [بال] (پ) كۆڭۈل، دىل، خاتىرە.

**بالا** [بالا] ئېگىز، يۇقىرى، ئۈستۈن:
گۈلشەن گۈلى تازە، قەدى سەرۋ ئۇلماقى بالا،
قەدىڭ تۈز ئۇلۇپ تازە ئاچىلغانىڭ ئۈچۈندۇر.
ـــ گۇمنام.

**باللىباس** [باللباس] (پ+ئە) كىيىم كىيگەن، كىيىملىك.
رەسۇلى خۇدا دېدى ئۇلدۇركى ناس،
جەھان مەجلىسىدە بولۇر باللىباس.
ـــ غەرىبى.

**بالىق** [بالق] بېلىق:
گەھى قەئر ئىچرە بالىق بىرلە ھەمساز،
گەھى مەۋج ئۈستىدە كۆن بىرلە ئەنباز.
ـــ لۇتفى.

**بالىن** [بالين] (پ) ئورۇن-كۆرپە، چۈشەك:
ئانى ياتقۇزۇپ ئۆيدە بالىن ئۈزە،
نە بالىن ئۇزە فەرش قالىن ئۈزە.
ـــ ئا. نىزارى.

**بام** [بام] (پ) 1) سۇبھى، تاڭ 2) ئۆگزە، ئۆگزە ئۈستى:
كى بىر ھۇجرا تەئيىن قىلىپ بام ئۈزە،
چىكىپ ئاھۇ-ئەفغان چىقىپ تام ئۈزە.
ـــ ئا. نىزارى.

**بامەسلەھەت** [بامصلحت] مەسلىھەت بىلەن، پىكىرلىشىپ، مەسلىھەتلىشىپ.

**بامداد** [بامداد] (پ) ئەتىگەن؛ ئەتىگەنلىك ناماز.

**بامىدە** [باميده] ئۆگزىدە:
تىڭلادىم ئول ھالىنى ھەيرەت تۈنى،
يەتتى فەلەك بامىدە غەۋغا ئۈنى.
ـــ ئەھمەدى.

**بامىقدار** [با مقدار] (پ+ئە) مىقدارلىق، باھالىق، قەدرى بار.

**بان** [بان] (پ) 1) ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ، شۇ ئىسىم بىلدۇرگەن شەيئىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچىنىڭ نامىنى بىلدۇرىدىغان ئىسىم ياسايدۇ:

باغبان ـ باغۋەن، پاسبان ـ پاسۋان، دەرۋازەبان ـ دەرۋازىۋەن:
بۇلار ھەر برى بر جەھانبان ئىدى،
جەھان مۇلكىگە خانۇ خاقان ئىدى.
— ئا. نىزارى.

2 › قاراۋۇل، قاراۋۇللۇق قىلغۇچى.
سپەند ئىرمەس ئوت ئۈزرە ئول سەنگكى دانەئى خالىڭ،
ئەسرىك بەند ئەتمەكلىككە ئۇل بانى زەنەخدانىدۇر.
— گۇمنام.

**بانەۋا** [ بانوا ] (پ) ئاۋازى ياخشى، ئاۋازلىق؛ باي، بەختلىك.
**بانو** [ بانو ] (پ) ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئاياللارنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ قوللىنىلىدۇ: خانىم، ئايىم:
تاماشا قىلىپ سائەتى ماھۋەش،
كى بانۇيى ئالى نەسەب شاھۋەش.
— ئا. نىزارى.

**بانى** [ باني ] (ئە) بىنا قۇرغۇچى، بىناكار.
**باھ** [ باه ] (پ) جىنسىي مۇناسىۋەت، جىنسىي قۇۋۋەت.
**باھەسرەت** [ باحسرت ] (پ + ئە) ھەسرەتلىك:
مۇنگدەكدە ئول ئىككى يارى ھەمدەم،
كۇنىنچە روبەرو باھەسرەتۇ غەم.
— لۇتفى.

**باھەم** [ باهم ] (پ) بىرلىكتە.
**باھەيات** [ باحيات ] (پ + ئە) ھاياتبەخش، جانلىنىپ تۇرغان.
**باھۇزۇر** [ باحضور ] (پ + ئە) ھۇزۇر قىلىپ، راھەتلىنىپ، بىمالال:
كېلىپ تاغۇ تاغدىن بۇ نەزرى نۇزۇر،
بۇ لەشكەر ھەمە ياتدىلار باھۇزۇر.
— موللا شاكىر.

**باھۇنەر** [ باهنر ] (پ) ھۇنەرى بار، كەسپى بار.
**باھىر** [ باهر ] (ئە) روشەن، ئېنىق، ئاشكارا.
**باھىس** [ باحث ] (ئە) ئىزلەنگۇچى، تەتقىقاتچى.
**باۋەفا** [ باوفا ] (پ + ئە) ۋاپادار، ئىشەنچلىك، سادىق.
**باۋەر** [ باور ] 1 › ئىشەنچ، ئېتىقاد:
كى باۋەر قىلمىسا ئۇشبۇ سۆزۈمگە بىۋەفا دىلبەر،
يېرىپ بۇ كۆكرىكىم خەنجەر بىلەن باغرىمنى كۆرسەتسەم.
— ئا. نىزارى.

2 › توغرا، ھەقىقەت.

**باۋەر ئەتمەسلىك** ــ ئىشەنمەسلىك، چىن پۈتمەسلىك؛ گۇمان، شۈبھە بىلەن قارىماق:

باۋەر ئەتمەس نەچچە قان يۇتسام يۈزىنىڭ يادىدا،
كۆرمەدىم دەپ كۆزلەرىڭدىن ئىشقىنىڭ ئاشارىنى.

ــ ناقىس.

**باۋەر ئەيلەمەك** ــ ئىشەنمەك، چىن پۈتمەك.

**باۋەر بولماق** ــ ئىشەنچلىك بولماق:

بەرمەپ ئېركەن ھەقتەئالا ساڭا ھەرگىز ئېئتىقاد،
مىڭ دېدىم ئەرزىمنى بىرى بولمادى باۋەر ساڭا.

ــ ئۇبەيدى.

**باۋەر قىلماق** ــ ئىشەنچ قىلماق:

مەنىڭ ئىشقىمنى باۋەر قىلمادى، قاشىمغە كەلتۈرگىل،
كۆرۈپ ھالىم قولىن تىشلەپ نەچاغلىق شەرمسار ئولسۇن.

ــ گۇمنام.

**باۋۇرچى** [باورجى] ئاشپەز:

باۋۇرچى قىلدىلەر تويىدى قېرىنىنى،
قوغۇنلار ئارامىدا بېھىتەرىنىنى.

ــ مەھزۇن خوتەنى.

**باۋۇرچىخانە** [باورجى خانە] ئاشپەزخانا.

**باۋۇجۇد** [باوجود] (پ + ئە) 1 › مەۋجۇتلۇقتا ئىكە، ۋۇجۇدقا كەلگەن؛ 2 › شۇنداق بولسىمۇ، شۇنداق بولۇپ تۇرۇپ:

باۋۇجۇدى مۇنچە نەقد ئول دونخسال،
تونىگە تىكمىش ئىدى گەردۇن مىسال.

ــ نەۋائى.

**بائېئتىقاد** [بااعتقاد] (پ + ئە) ئېتىقاد بىلەن، ئېتىقادى بولغان ھالدا؛

دېدى: ئاندا شاپۇرى بائېئتىقاد،
قىلاي كارىڭىزدا فەقىر ئىمتىياد.

ــ ئا. نىزارى.

**بائىس** [باعث] (ئە) 1 › سەۋەب، ۋەج، باھانە:

چۇ بائىس بولۇپ دەردى سەرگە خاجە،
كى فائىل بولۇپ دەردى سەرگە خاجە.

ــ ئا. نىزارى.

2 › ئاساس، مەنبە:

سەنىسىز بىلمەم ئۆزۈم بەلكىم ئۆلۈك مەن يا تىرىك،
بائىسى ئۇمرى ئەزىزۇ ئىفتىخارىم قايداسەن؟

ـــ ئۇبەيدى.

بائىسى ئەفكارلىغ ـ غەمكىنلىك، كۆڭلى غەشلىكنىڭ سەۋەبى.

بائىسى تەھەييۇر ـ ھەيرانلىنىش، ئەجەبلىنىشنىڭ ئاساسى.

بائىسى دەرد ـ غەم، دەردنىڭ سەۋەبى.

بائىسى غەمكەش ـ غەم يېيىشنىڭ سەۋەبى:

ئىشق ئارا جانۇ دىلىم ھەردەم كەشاكەشلىقدا دۇر،
باىئسى غەمكەشلىك ئول دىلجۇ ئىكەننى بىلمەدىم.

ـــ گۇمنام.

باىئسى قۇۋۋەت ـ قۇۋۋەت مەنبەسى.

باىئسى ئىفتىخار ـ ئىپتىخارلىنىشنىڭ سەۋەبى.

**باىئىجازەت** [ بااجازت] (پ + ئە) رۇخسەت قىلىنغان، ئىجازەت بېرىلگەن؛ رۇخسەت بىلەن.

**باىئىدراك** [ باادراك] (پ + ئە) ئىدراكلىق، زېھنى ئۆتكۈر، پاراسەتلىك.

**باىئىلىم** [ باعلم] (پ + ئە) ئالىم، ئىلىملىك.

**باىئىمتىياز** [ باامتياز] (پ + ئە) ئىمتىيازغا ئىگە، ئىمتىيازلىق.

**بايەد** [ باید] 1 › جەزمەن، چوقۇم، زۆرۈر؛ 2 › مۇمكىن، ئېھتىمال:

كى بايەدكە شايەد ئاتا ئەيلەگىل،
بۇ ئېھسان ئىشىن بى خەتا ئەيلەگىل.

ـــ ئا. نىزارى.

**بە** [ بە] (پ) 1 › ئىسىملارنىڭ ئالدىغا ئۇلىنىپ سۈپەت ياسايدۇ: 2 › بەقۇۋۋەت ـــ قۇۋۋەتلىك، بەھۇزۇر - ھۇزۇرلۇق؛ 2› بەزى ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ ئورۇن، يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچە رولىدا كېلىدۇ:

كى ئاندىن يۇرۇپ تېز ئەيلەپ سەمەند،
كى داخىل بولۇپمەن بەجايى خوقەند.

ـــ ئا. نىزارى.

3 › جۈپ سۆزلەرنىڭ ئارىسىدا كېلىپ «مۇ، ۋە، ھەم» مەنىلىرىدە كېلىدۇ:

يارنى سۇراغلاپ دەشت بەدەشت، كۇھ بەكۇھ يۈرەي،
مەجنۇن سىفەت دىلبەر ئۈچۈن ئەيلە ئارىسىز.

ـــ موللا بىلال.

4 › بەزى سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «بىلەن، ئارقىلىق» مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ:

بەجانۇ دىل ئەتتىكى ئەمرىن قوبۇل،
دېدىكىم، قىلايىن قىزىمنى دوخۇل.

ـــ ئا. نىزارى.

**بەئەين** [ بەعين] (پ + ئە) ئاجرىتىپ بولمايدىغان دەرىجىدە ئوخشاش، ئۇنىڭ

ئوخششى، خۇددى ئۆزى:

ماگا بۇ سەفەرنىڭ ئىشىدۇر زەدۇر،
بۇ يولنىڭ غەمىدۇر بەئەينى سۇدۇر.
— ئا. نىزارى.

**بەباد** [بباد] (پ) شامالغا، هاۋاغا؛ بىكارغا.
**بەباد بەرمەك** — بىكارغا كەتكۈزمەك، هاۋاغا ئۇچۇرماق.
**بەباد ئولماق** — بىكارغا كەتمەك، سورۇلماق.
**بەباد ئولماغاي** — بىكار كەتمىگەي، يوق بولمىغاي.

**بەبر** [ببر] (پ) يولۋاس.

بۇ بىشەكىم ئۆتەردە ۋەهم ئىتىپ لال،
سالۇر بەبر ئاندا پەنجە شىر چەڭگال.
— نەۋائى.

**بەبرى خۇنرىز** — قان تۆككۈچى، يىرتقۇچ يولۋاس
**بەبرى يابان** — سەهرا يولۋىسى.

**بەت I** [بط] (ئە) ئۆردەك.
**بەت كەباب** — ئۆردەك گۆشىدىن تەييارلانغان كاۋاپ.

**بەت II** [بت] «بد» گە قاراڭ.

ئاران قويدى ئىسە تاتماغە فۇرسەت،
تاتار-تاتماستىن يىغدى سۇفرەنى بەت.
— لۇتفى.

**بەتائەت** [بطائت] (ئە) ئاستىلىق، سۆرەلمىلىك.

**بەتالەت** [بطالت] (ئە) 1› بىكار تەلەپلىك، ئىشسىزلىق. 2› باتۇرلۇق قەهـ رىمانلىق؛ دادىل.

**بەتەر** [بتر] «بەدتەر» گە قاراڭ:

فۇرقەتىدەكىم ئۆلۈمدىندۇر خەتەر،
سەككىز ئۇچماق، يەتتى دەۋزەختىن بەتەر.
— نەۋائى.

**بەتەڭ** [بتنگ] (پ) تار، سىقىلغان.
**بەتەڭ كەلمەك** — سىقىلماق، تويماق:

كەلدىم ئوشۇل هالدە جاندىن بەتەڭ،
چىقتى خارابەتتە غەۋغايى جەڭ.
— ئەهمەدى.

**بەتەمام** [بەتمام] (پ + ئە) پۈتۈنلەي، تامامەن، تولۇقى بىلەن:

ئالدى سەبرىم ئول پەرىزاد، دىلىم ئالدى قەددى شەمشاد،
مىنى كۆرۈپ بولدى ناشاد بەتەمامى خەيلى ئەفلاك.
— موللا بىلال.

**بەتتال** [بطال] (ئە) 1 › كىرەكسىز، ئىشتىن چىققان، قىممىتى يوق؛ 2 › بىكارچى، ئىش قىلمايدىغان؛ 3 › باتۇر، قەھرىمان.

**بەتلان** [بطلان] (ئە) پايدىسىز؛ يالغان، ساختا؛ ئىشەنچسىز.

**بەتن** [بطن] (ئە) قورساق، ئىچ.

چۇ ئىزھار ئېتىپ مەزھەرى ئىشقىنى،
سەدەپ بەتنىدىن گەۋھەر ئىشقىنى.
— ئا. نىزارى.

**بەچە** [بچە] (پ) گۆدەك، بالا؛ بالا خىزمەتكار، بالا ئويۇنچى:

ئالىپ كىردى ئول قەسر ئەيۋانىغە،
كى ئول بەچە ئولتۇرغۇزۇپ يانىغە.
— ئا. نىزارى.

**بەچچە** [بچە] «بەچە» گە قاراڭ.

**بەخت** [بخت] (پ) شادلىق، مەمنۇنىيەتلىك، ئارمانسىزلىق؛ ئامەت، تەلەي؛ ئىقبال، تەقدىر؛ بەخت.

**بەخت ئەختەرى** — بەخت يۇلتۇزى.

**بەختى بەد** — بەختى قارا.

قىلسە مەدەد بۇ بەختى بەد ئۇچراسىڭىز بەناگەھى،
كۆيدۈرەدۈر بۇ نازىڭىز، ئۆلتۈرەدۇر ھىجابىڭىز.
— ئوبەيدى.

**بەختى بەلەند** — بەختلىك، ئامەتلىك.

**بەختى بىدار** — ئويغاق بەخت، دائىمىي بەخت.

**بەختى كامران** — بەختكە ئېرىشكەن، مەقسىتىگە يەتكەن، بەختلىك.

**بەختى گۇمراھ** — ئاداشقان، بەختسىز.

**بەخش** [بخشاش] (پ) بەرمەك، بېغىشلىماق؛ ھەدىيە قىلماق؛ ئىگە بولماق:

ئاتام ئېردى ئول شەھر ئارا تاج بەخش،
كى شەھلىق بىلەن نەچە يىل سۇردى رەخش.
— ئا. نىزارى.

**بەخشايىش** [بخشايش] (پ) 1 › كەچۈرۈم قىلماق، ئەپۇ قىلماق؛ 2 › تۆھپە، ھەدىيە، ئىنئام.

**بەخشەندە** [بخشنده] (پ) بەرگۈچى، بەخش قىلغۇچى.

**بەخشىش** [بخشش] (پ) ھەدىيە، سوۋغا؛ ئېھسان، سەدىقە؛

**بەخۇسۇس** [بەخصوص] (پ + ئە) مەخسۇس، ئالاھىدە؛ خۇسۇسەن، بولۇپمۇ.

**بەخىل** [بخيل] (ئە) پىخسىق، بېخىل؛ ئىچى تار، ئاچكۆز.

**بەخىيە** [بخيه] (پ) تىكىش، كىيىمنىڭ تىكىشى، جىيەك.

AltunOq

بەخيەساز ـــ جىيەك تىككۈچى.

**بەد** [بد] (پ) 1 › يامان، يارىماس، بۇزۇق؛

كېلىپ ئىشكىگە دائىم گەدادەك تەلمۈرۈپ تۇردۇم،
گەدالىق بەد ئىدى دوستلار، گەدادىن بەلكى خار بولدۇم.
ـــ موللا بىلال.

2 ) سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدە كېلىپ «يامان، بۇزۇق» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

قىلسە مەدەد بۇ بەختى بەد ئۇچراساڭىز بەناگەھى،
كۆيدۈرەدۇر بۇ نازىڭىز، ئۆلتۈرەدۇر ھىجابىڭىز.
ـــ ئۇبەيدى

3 › بەزى ئىسىملارنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ، ئىسىم بىلدۈرگەن مەنىنىڭ يامانلىق تەرەپتىكى سۈپىتىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت ياسايدۇ؛ بەد بەشىرە ـــ سەت چىراي؛ بەدھال ـــ ھالسىز؛ بەدخۇي ـــ قىلىقى يامان.

**بەد ئامۇز** [بد آموز] (پ) 1 › يامانلىققا ئۆگەنگەن؛ 2 › يامانلىقنى ئۆگەتكۈچى.

**بەداھەت** [بداهت] (ئە) 1 › روشەن، ئېنىق، چۈشىنىشلىك؛ 2 › تاسادىپىي ۋەقە.

**بەد ئاۋاز** [بدآواز] (پ) ئاۋازى خۇنۇك، ئۈنى يېقىمسىز.

**بەدايەت** [بدايت] (ئە) باشلىنىش، دەسلەپ:

شەبابەت زەمانى بەدايەت ئىدى،
مېنىڭ ۋەرزىشىم كۆپ سەياھەت ئىدى.
ـــ ئا. نىزارى.

**بەدئايىن** [بدآيين] (پ) 1 › قانۇن ـ شەرىئەتنى ئىنكار قىلىدىغان، گۇناھكار، 2 › دىنسىز، دىنغا ئىشەنمەيدىغان.

**بەدئەختەر** [بداختر] (پ) بەختسىز، بەختى قارا، تەلەيسىز.

**بەدەخشان** [بدخشان] (پ) ئابغان تۈركلىرى ئورۇنلاشقان بىر ناھىيىنىڭ نامى ۋە ئۇ يەر لەئلى بىلەن تونۇلغان، بەزىدە لەئلى مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدۇ:

بارچە خوش قامەت سەفا تەلئەت ۋە لېكىن باتىنى،
ئاق قوناق شاخى، سۇنۇق شىشە، بەدەخشان كورسى.
ـــ ناقىس.

لەئلى بەدەخشان ـ بەدەخشاننىڭ قىزىل تېشى؛ قىپقىزىل لەب؛ سۆيگۈننىڭ قىزىل لىبى.

مۇنچە كۆيدۈرمەك نەدۇر، خۇرشىدى تابانىم، نەسۇد،
يۈرەكىم قان ئەيلەدىڭ لەئلى بەدەخشانىم، نەسۇد.
ـــ ئۇبەيدى

**بەدئەدا** [بدادا] (پ) 1 › قوپال سۆزلۈك، ئاچچىق تىللىق 2 › خۇنۇك،

يېقىمسىز تاۋۇش.

بەدەر [ بەدر ] (پ) قويۇۋېتىلگەن؛ قاچقان.
بەدەر كەتمەك ــ نام-نىشانسىز، ئىز-دېرەكسىز كەتمەك، قايرىسىنىمۇ كۆرسەتمەي كەتمەك:

بەيابان تەرەپكە بەدەر كەتتى ئۇل،
يۇگۇرماق بىلە باقمايىن ئوڭ ۋە سول.
— ئا. نىزارى.

بەدئەفئال [ بدافعال ] (پ + ئە) قىلىقى سەت، خۇلقى يامان، قىلىقسىز.

بەدەل [ بدل ] (ئە) ئالماشتۇرۇش؛ ئالماشتۇرۇلدىغان نەرسە:

دېدى: ئۇن بەرابەر كۇمۇشتۇر بەدەل،
بېرىلگ دەرمەھەل ئەسلە قىلماي جەدەل.
— ئا. نىزارى.

بەدەل قىلماق ــ ئالماشتۇرماق.

بەد ئەمەل [ بدعمل ] (پ + ئە) يامان قىلىق، بۇزۇق ھەرىكەت.

بەد ئەندام [ بداندام ] (پ) خۇنۇك، سەت.

بەدئەھد [ بدعهد ] (پ + ئە) ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان، ۋاپاسىز، تۇراقسىز.

بەدئەھدۇپەيمان [ بدعهدو پیمان ] (پ + ئە + پ) ۋەدىسى يالغان، يالغانچى، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان:

بۇكى ئانىڭ ئەھدۇ پەيمانىدا مەن ئولسام داغى،
ياخشى پۇرسەت تاپساڭ، ئۇل بەدئەھدۇ پەيمانىغا ئايت.
— نەۋائى.

بەدئەھل [ بداهل ] (پ + ئە) بۇزۇق، پەسكەش، يامان، ناچار.

بەدەۋلەت [ بدولت ] (پ + ئە) چوڭ دۆلەتكە، بايلىققا ئىگە، دۆلەتمەن.

بەدەۋى [ بدوی ] (ئە) كۆچمەن خەلق؛ نادان، مەرىپەتسىز.

بەدەۋىيەت [ بدویت ] (ئە) كۆچمەنلىك؛ نادانلىق، مەرىپەتسىزلىك.

بەدبار [ بدبار ] (پ) قوپال، كېلەڭسىز، ئېغىر.

بەدبەخت [ بدبخت ] (پ) بەختسىز، تەلەيسىز؛ بەختى قارا.

بەدبەشرە [ بدبشره ] (پ + ئە) سەت چىراي؛ ئەپتى بۇزۇق.

بەدبەيان [ بدبیان ] (پ + ئە) يامان مەلۇمات، خاتا دەلىل؛ زىيانلىق پىكىر؛ ناتوغرا مۇلاھىزە:

ۋەزىر بەدبەيانغا ھاجەت ئەرمەس،
مىسال ئەتمەك ئايانغا ھاجەت ئەرمەس.
— زەلىلى.

بەدبۇ [ بدبو ] (پ) ھىدى يامان، يېقىمسىز پۇراق، سېسىق پۇراق.

بەدبىن [ بدبین ] (پ) باشقىلارغا يامانلىق سېغىنغۇچى.

بەدتەر [بدتر] (پ) يامانراق، بەتەر:
هەم ئۇل يەردە يىقىلدى زار-مەدهۇش،
يەنە ئاندىن بەدتەر ماھى قەسەبپۇش.
— لۇتفى.

بەدتەرىن [بدترين] (پ) ناھايىتى يامان، ئەڭ يامان:
ئۆزى پەرۋەرىش ئەيلەگەن بىر خەسىس،
زىھى بەدتەرىن ئىبنى مۇلجەم نەجىس.
— ئا. نىزارى.

بەدتەئم [بدطعم] (پ+ئە) تەمسىز، تەمى يوق.

بەدجەھل [بدجهل] (پ+ئە) پەيلى يامان، ئاچچىقى تېز كېلىدىغان.

بەدخاھ [بدخواه] (پ) يامانلىق سېغىنغۇچى، يامان نىيەتلىك.

بەدخور [بدخور] (پ) ئېغىزغا تېتىمايدىغان، تەمسىز.

بەدخۇ [بدخو] (پ) مىجەزى يامان، يامان خۇيلۇق؛ قوپال، يامان ئادەتلەنگەن؛
بارچەغە لۇتف ئەيلەرۇ قىلماس ماڭا ھېچ ئىلتىفات،
بۇ مەنىڭ ھالىمغە ئۇل بەدخۇ ئىكەننى بىلمەدىم.
— گۇمنام.

بەدخۇلق [بدخلق] (پ+ئە) خۇلقى، قىلىقى يامان.

بەدخۇي [بدخوي] (پ) «بدخۇ»غا قاراڭ:
نەقىلدىم يارەب ئۇل بەدخۇي جەۋاب بەرمەس سەلامىمغە،
ئاچىغ سۆز بىرلە دۇشنام ئەيلەدى شىرىن كەلامىمغە.
— مەھزۇن خوتەنى.

بەددىل [بدل] (پ+ئە) يامان نىيەت، شۈبھىلىك، گۇمانلىق.
بەددىل بولماق — شۈبھىلەنمەك، بەدگۇمان بولماق.

بەددىيانەت [بدديانت] (پ+ئە) دىنىي قائىدىلەرگە رىئايە قىلمايدىغان، ئىنساپسىز، ۋىجدانسىز:
گەر مۇسۇلمان زادە بولساڭ ئەي مەھى نامېھرىبان،
شۇم رەقىبى بەددىيانەت جانىغە بىداد قىل.
— ئۇبەيدى.

بەدر [بدر] (ئە) تولۇن ئاي، ئون تۆت كۈنلۈك ئاي:
ئۇل ھىلالى قاشلەرىنغە ئوخشاتاي دەپ ئۆزىنى،
بەدر ئۆزىن كۆرگىل نې يەرگە يەتكۈرۈر ھەر ماھ-ماھ.
— ئەتائى.
بەدرى كەۋاكەب — يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى تولۇن ئاي:
ئۇشبۇ جەمائەت بەدرى كەۋاكەب بىز،

مەئنىسى يوق باتىلۇ بىباك بىر.
— ئەھمەدى.

بەدرى ماھ — تولۇن ئاي، ئون تۆت كۈنلۈك ئاي:
لەبلك ئىستەپ نىبدىن جان بەرمەيىن ئابىھەيات ئاندىن،
يۈزۈڭ كۆرگەچ نىچۈك كۆز ئاچمايىن ئول بەدر ماھىدۇر.
— گۇمنام.

بەدرى مۇنىر — نۇرلۇق تولۇن ئاي:
سەئادەت سىپىھرىدە بەدرى مۇنىر،
دىيانەت ئىلى ئىچرە رەۋشەن زەمىر.
— ئا. نىزارى.

**بەدرەگ** [بدرک] (پ) تېگى پەس، ناپاك، ئىپلاس:
بەرىپ قىممەتىنى كەنىزەك ئۈچۈن،
فوسۇنساز پۇرمەكىر بەدرەگ ئۈچۈن.
— ئا. نىزارى.

**بەدرەڭ** [بدرنگ] (پ) 1› رەڭگى سەت، كۆرۈمسىز:
ئۈزىنى ئەرز قىلدى كەلدى بەدرەڭ.
— مەھزۇن خوتەنى.
2› رەڭگى سەت بىر خىل قوغۇن.

**بەدرۇددۇجا** [بدرالدجى] (ئە) تۈندىكى تولۇن ئاي.
ئايا شاھى لەۋلاك بەدرۇددۇجا،
شەفائەت مەيدىن ماڭا قىل ئەتا.
— ئا. نىزارى.

**بەدرۆز** [بد روز] (پ) يامان كۈن، بەختى قارا، بەختسىز، تەلەيسىز.

**بەدزاد** [بدزاد] (پ) يامان، يارىماس ئادەم:
يەنە قول ئۇزاتتى پەرىزادغە،
يەنە ئۇردى خەنجەرنى بەدزادغە.
— ئا. نىزارى.

**بەدزەبان** [بدزبان] (پ) تىلى يامان، يامان سۆزلۈك.

**بەدسىگال** [بدسگال] (پ) نىيىتى يامان، نىيىتى بۇزۇق:
قەزارا كىرىپ باغ ئارا پىرى زال،
بۇبى زاھىرى، باتىنى بەدسىگال.
— ئا. نىزارى.

**بەدشەكل** [بدشكل] (پ + ئە) كۆرۈنۈشى سەت، خۇنۇك.

**بەدفەرجام** [بدفرجام] (پ) ياخشى نەتىجە بەرمەيدىغان، يامان ئاقىۋەتلىك.

**بەركار** [بدكام] (پ) ئەخلاقسىز، يارىماس، يامان ئىش قىلغۇچى:

ناقساكىم قەدرى كەمدۇر ئەھل ئىلم، قارىيۇ، دەرۋىشنىڭ،
فاسىقۇ بەدكار، بەدخۇ مۇھتەرەم ئىنسان ئارا.
— ناقىس.

**بەدكىردار** [ بدكردار ] (پ) يامان. تەبىئەتلىك، يامان قىلىقلىق.
قىلۇرمەن شىكۇەلەر مەككارەلەردىن،
نە بەدكەردار بەد خۇنىخارەلەردىن.
— مۇھەممەد سادىق قەشقەرى.

**بەدكارلىق** [ بدكارليق ] ئەخلاقسىزلىق، بۇزۇقلۇق، ئىپلاسلىق:
ساڭا كەسب بەد فىئىل بەدكارلىق،
ماڭا كەسبدۇر ئەبرىشىمكارلىق.
— غەرىبى.

**بەدگۇمان** [ بدگمان ] (پ) گۇمانخور، يامان نىيەت؛ شۇبھە.
بەدگۇمان ئەيلەمەك — گۇمان قىلماق، شۇبھىلەنمەك.
بەدگۇمان بولماق — شۇبھە بىلەن قارىماق، گۇمانلانماق:
نىتىپ قاشىمدا كۆرەي دىۋلەركى، باردۇر ئىشىم،
مەلايىك ئۆتسە ئانىڭ سارى بەدگۇمان بولماق.
— نەۋائى.

**بەدگۇمانلىق** [ بدگمانلىق ] ئىشەنمەسلىك، گۇمانخورلۇق.

**بەدگۇي** [ بدگوي ] (پ) يامان سۆزلىگۇچى؛ قوپال سۆز؛ تۆھمەتچى، غەيۋەتچى.

**بەدگۇيلۇق** [ بدگويلۇق ] تۆھمەتچىلىك، غەيۋەتچىلىك:
كىشىدىن ساڭا يەتسە بەدگۇيلۇق،
ئاڭا ئەيلەسەڭ ئۆزنى خوشخۇيلۇق.
— غەرىبى.

**بەدگەۋھەر** [ بدكوهر ] (پ) ئەسلى يامان، ئەسلى پەس.

**بەدگەۋھەرلىغ** [ بدكوهرليغ ] ئەسلى يامانلىق، ئەسلى-زاتى پەسلىك.

**بەدلەھجە** [ بدلحجه ] (پ + ئە) قوپال سۆزلۈك، سۆزى يېقىمسىز، سېسىق گەپ قىلىدىغان.

**بەدمەسلەھەت** [ بدمصلحت ] يامان مەسلىھەت بەرگۇچى، بۇزۇق نىيەتلىك:
ئەداۋەت سارىگە بەد مەسلەھەتلەر،
ئىلاج كورىدەن كاج مەسلەھەتلەر.
— مۇھەممەد سادىق قەشقەرى.

**بەدمېھر** [ بدمهر ] (پ) شەپقەتسىز، مېھرسىز، كۆيۈمسىز:
كۆڭۈلنى باغلىما مېھرىغە ئول ئېرۇر بەدمېھر،
دەمى بۇزال نېچە ئەلنى ناتەۋان قىلادۇر.
— غەرىبى.

**بەدنام** [بدنام] (پ) يامان نام چىقارغان، نامى بۇلغانغان، نامىغا داغ چۈشـ
كەن، يامان ئاتلىق:

چىقاردى يۈلەپ بارچە خەدداملار،
ۋەزىرغە ھەمە قىلدى بەدناملار.
— ئا. نىزارى.

**بەدنەپەس** [بدنفس] (پ + ئە) نەپسى سوغۇق، يامانلىق كۈتكۈچى.

**بەدنەپس** [بدنفس] (پ + ئە) نەپسى يامان، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان.

**بەدنەما** [بدنما] (پ) سەت چىراي، ئەپتى بۇزۇق:

**بەدنەماي** [بدنماى] (پ) «بەدنەما» غا قاراڭ:

بۇ كەسىب ئىچرە ئۇمر ئۆتسە ھالىڭغە ۋاي،
داغى بەخىر ئېتەرسەنمۇ، ئەي بەدنەماي.

**بەدنىھاد** [بدنهاد] (پ) يامان تەبىئەتلىك، يىرگىنچلىك، سەت، كۆرۈمسىز:

كىچە چىقتى مەككارەئى بەدنىھاد،
قىلىپ ئول زەمان شاھغە خەيرباد.
— ئا. نىزارى.

**بەدھال** [بدحال] (پ + ئە) 1 › ئەھۋالى يامان، ناچار؛ بەختسىز:

چۇ تەببىھ قىلىپ بارچە جۇھھالغە،
كى ئىبرەت قىلىپ جۇملە بەدھالغە.
— ئا. نىزارى.

2 › جانسىز، كۈچسىز، مادارسىز:

ۋەلې نەۋرۇز ئانىڭتەك ئەردى بەدھال،
كۆز ئاچمادى تاڭ ئاتقۇنچە قالىپ لال.
— لۇتفى.

بەدھال ئولماق — ھالسىزلانماق، يامان ئەھۋالغا قالماق، كۆڭلى
بۇزۇلماق:

زەمانى تۇرۇپ ئانچە بەدھال ئولۇپ،
ئاڭا سۆز قىلىشقە تىلى لال ئولۇپ.
— ئا. نىزارى.

**بەدھەيبەت** [بدهيبت] (پ + ئە) كىشىنى قورقۇنچقا سالىدىغان، ۋەھىمىلىك؛
سەت، قوپال.

**بەدھۇش** [بدهوش] (پ) ھۇشىدىن كەتكەن، ھۇشسىزلانغان، بىھۇش.

ساقىيا، ھىجران خۇمارى لالۇ بەدھۇش ئەيلەمىش،
بەرمەگەيسەن بىزگە يەتسە دەۋرى ساغەر ئىنتىزار.
— نەۋائى.

**بەدۈك** [بدوك] بۈيۈك، چوڭ؛ ناھايىتى.

بەدىماغ [بەدماغ] (پ + ئە) 1 › دىمىغى ئۈستۈن، كىبىرلىك، تەكەببۇر؛
2 › يۇقىرى پەرۋاز:

بەلكى بۇ فەسلى باغ ئۆتەر، قۇمرىيۇ-تۇتى، زاغ ئۆتەر،
سەرۋ يەنە بەدىماغ ئۆتەر، بەلكى بۇنەۋ بەھار ئۆتەر.
— موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ.

بەدىھە [بديهه] (ئە) ھازىر جاۋابلىق؛ ئۇشتۇمتۇت، بىردىنلا ئېيتىلغان سۆز.

بەدىئ [بديع] (ئە) نەپىس، گۈزەل، نادىر؛ تازا، ساپ.
ئىلمى بەدىئ — ئەرەب تىلى ئىستىلىستىكىسىنىڭ 3-قىسمى؛ ئىستىلىستىكا.
بەدىئ خۇبى مەنزەر — ناھايىتى گۈزەل كۆرۈنۈشلۈك:

يەمەن خانى رەفىئ فەررۇخى ئەختەر،
ئەدەن خانى بەدىئ خۇبى مەنزەر.
— لۇتفى.

بەدىئ ئولماق — گۈزەل، نەپىس بولماق، گۈزەللەشمەك.

بەدىئە [بديعه] (ئە) 1 › گۈزەللىك، نەپىسلىك، كۆركەملىك؛ 2 › كىشىنى جەلىپ قىلىدىغان، ماختاشقا سازاۋەر بەدىئى ئەسەر.

بەدىئۆەش [بديعوش] (ئە + پ) مۇكەممەل، ئاجايىپ نادىر يېزىلغان شېئىرلار.

بەدىئى [بديعي] (ئە) سەنئەتلىك، ئىستىتىكىلىق.

بەر I [بر] (پ) 1 › سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ «قا، غا؛ دا، دە؛ ئۈستىدە، توغرىسىدا... قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ؛ 2 › بەزىدە «بە» قوشۇمچىسىنىڭ رولىدا كېلىدۇ.
بەركە مال تولۇقى بىلەن. — بەردەۋام — داۋاملىق.

بەر II [بر] (پ) مېۋە، ھوسۇل، نەتىجە، پايدا، مەنپەئەت:

كىشى ھەنزەل ئېكسە ئاچىغ بەر تاپار،
ۋەگەر نەيشەكەر ئېكسە شەككەر تاپار.
— نەۋائى.

بەر تاپماق — لەززەتلەنمەك، بەھرە ئالماق:

قەدىمنىڭ سەرۋىدىن تاپماس كىشى بەر،
مېنى كۆرمەس پەرىتەك ئادەمىلەر.
— لۇتفى.

بەرييەمەك — لەززەتلەنمەك، پايدىلانماق:

سېنى ئىستەگەن ئول مىسكىن غەمخار،
ۋىسالىڭدىن يېسۇن بەر ئاخىرى كار.
— لۇتفى.

بەر III [بر] (پ) بەدەن، گەۋدە؛ كۆكرەك.

بەر IV [بر] (ئە) قۇرۇقلۇق، يەر؛ دەشت، چۆل.

بەررۇ بەھر ـ قۇرۇقلۇق ۋە سۇ، يەر يۈزى.

**بەرابەر** [برابر] (پ) تەڭ، بىر خىل؛ بىر ـ بىردىن قىلىشمايدىغان:

كىم ئۆرتەي دېدى ئالەمنى سەراسەر،
تىلەدى كۆرمەدى گۈلنى بەرابەر.

**بەرات** [برات] (ئە) 1› يارلىق، ئاقلىق قەغىزى:

مۇشكىن خەتىكى چەشمەئى ھەيۋان نەباتىدۇر،
بىر دانە جان ئەڭەكى تىرىكلىك بەراتىدۇر.
— ئەتائى.

2› قەمەرىيە يىلى ھېسابىدا 8 ـ ئاينىڭ نامى، شەبان؛ بايرام:

ئەي قەلەندەر، گەر تاپىشسام ئول پەرى پەيكەر بىلە،
شۇم رەقىبغە نەھس، ماڭا باردۇر ئەيدى بەرات.
— ئۇبەيدى.

**بەر ئامەد** [برآمد] (پ) چىقىش، كۆتۈرۈلۈش يۈكسىلىش.

**بەراي** [براي] (پ) ئۈچۈن؛ چۇنكى، ...لىقتىن؛ ھەققىدە:

**بەرايى خۇدا** ـ خۇدا ھەققىدە، خۇدالىق ئۈچۈن:

مەنى ئاندا يەتكۈر بەرايى خۇدا،
قۇدۇمىڭغە ياران، بۇ جانىم فىدا.
— ئا.نىزارى.

**بەرايا** [برايا] (ئە) خلايىق؛ مەخلۇقات.

رەئاياغا قىلمىش مۇرۇۋۋەت بەسى،
بەراياغە ئەيلەپ خۇتۇۋۋەت بەسى.
— ئا.نىزارى.

**بەرەس** [برص] (ئە) ئاق كېسەل؛ پىسە.

**بەرەنداز** [برنداز] (پ) بۇزغۇچى، بەربات قىلغۇچى، ۋەيران قىلغۇچى:

چۇن ئەمەلى بىرلە نەۋاساز ئولۇپ
ئول نەي ئۈنى خانە بەرەنداز ئولۇپ.
— نەۋائى

**بەرەندە** [برنده] (پ) ئىگە بولغان، ئېرىشكەن، ئالغان؛ ئىگە بولغۇچى؛ يەڭگۈچى، غالىپ.

**بەرەھنە** [برهنه] (پ) 1› قىپيالىڭاچ، كىيىم ـ كېچەكسىز:

بولۇپ سەر بەرەھنە بارىپ مەن يەقىن،
سالام ئەيلەدىم يەرگە سۈرۈب جەبىن.
— ئا.نىزارى.

2) كەمبەغەل، يوقسۇل.

**بەرباد** [برباد] (پ) شامالغا، ھاۋاغا؛ شامال بىلەن؛ سورۇلغان، يوقالغان؛

ۋەيران، خاراب، يوق:

نەسمى يار قويندىن تاپىلسە،
سۇلەيمان مۇلكىنى بەرباد ئوقۇرلەر.
— ئەتائى.

**بەرباد ئەتمەك** — «بەرباد قىلماق» قا قاراڭ:

نىقاب ئاچماقنى بۇ مەھزۇنغە بىر ياد ئەتمەدىڭ ھەرگىز،
مەنى ئۆرتەپ ئول ئوتقە كۆلنى بەرباد ئەتمەدىڭ ھەرگىز.
— گۇمنام.

**بەرباد قىلماق** — يوق قىلماق، تۈگەتمەك، شامالغا ئۇچۇرۇۋەتمەك.

**بەربەت** [بربط] (ئە) بەربەت، ئوردەك شەكلىدىكى چالغۇ ئەسۋابى:

كى قانۇنۇ تەنبۇرۇ بەربەت، غەجەك،
يەنە چەڭۇ سەمتۇر ياشىل چەمبەرەك.
— ئا. نىزارى.

**بەر بەتزەن** [بربطزن] (ئە + پ) بەربەتچى.

**بەربەتنەۋاز** [بربط نواز] (ئە + پ) بەربەت چالغۇچى.

**بەربەر** [بربر] (پ) 1) ئافرىقىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر قەبىلە خەلقى؛ 2) ۋەھشى، ياۋۇز 3). تەييار، تەييارلانغان، ھازىرلانغان:

ئايرىلار بولساڭ مېنىڭدىن، ئەي دىلاۋەر، ئەلۋىدا،
مەنمۇ ھەم ئەندى كېتەرمەن سۈيى بەربەر، ئەلۋىدا.
— موللا بىلال.

**بەر تەرەپ** [برطرف] (پ + ئە) چەتتە، ياقتا؛ ياقلىق؛ بىر ياقلىق، بىر تەرەپتە.

**بەرتەرەپ قىلماق** — بىر ياقلىق قىلماق؛ تازىلىماق، تۈگەتمەك:

كەلدى سەفا لەشكەرىيۇ تۈزدى سەف،
قىلدى ئەدالەت چېرىكىن بەرتەرەف.
— ئەھمەدى.

**بەرجا** [برجا] (پ) مۇناسىپ، ئورۇنلۇق.

**بەرجا مەندە** [برجامنده] (پ) بىر جايدا ئولتۇرۇپ قالغان، سەپەرگە چىقمىغان.

**بەرجاي** [برجاي] (پ) جايغا، ئورۇنغا:

تۇرۇپ تويلاپ ئول ئەلدە بىر ئىككى ئاي،
كېتۇردىلەر تەرەب شەرتىنى بەرجاي.
— لۇتفى.

**بەرجەستە** [برجسته] (پ) چوقچىيىپ تۇرغان، كۆزگە كۆرۈنەرلىك، گەۋدىلىك.

**بەرخ** [برخ] (پ) ھەسسە، نېسىۋە، ئۈلۈش؛ قىسمەت.

**بەرخەبەر** [برخبر] (پ + ئە) خەۋەردار، خەۋەر تاپقان، بىلگەن:

دېمەگىمىزكىم، بەرخەبەر بول، تەلبە كۆڭلۈمدىن چۇئول،

قايده كىم بارسه نەۋائىنى خەبەردار ئەيلەمەس.
— نەۋائى.

**بەرخوردار** [برخوردار] (پ) 1› بەھرىمەن، پايدىلانغۇچى 2› بەختىيار، خۇشال، شاد - خۇرام.

**بەرخورداىلىغ** [برخورداىلىغ] 1› بەھرىمەنلىك؛ 2› بەختىيارلىق، شادلىق، خۇشاللىق.

**بەرخى** [برخى] (پ) بىرئاز، قىسمەن.

**بەرە** [برد] (ئە) سوغۇق:
ساچىپ ئۇل كىشى يۈزۈمە ئابى سەرد،
ھەرارەت كېتىپ تەندەكى، بولدى بەرد.
— ئا.نىزارى.

**بەردار** [بردار] (پ) پايدا ئالغۇچى؛ بېجىرگۈچى، بويسۇنغۇچى.

**بەردە** [برده] (پ) قۇل، ئەسىر، تۇتقۇن:
چۇ مۇقبىل قۇلى بەندەئى بەردەسى،
رەسۇلى خۇدانىڭ نەزەر كەردەسى.
— ئا.نىزارى.

**بەردەدار** [برده دار] (پ) قۇلدار، قۇل ئىگىسى.

**بەردەم** [بردم] (پ) قاۋۇل، كۈچلۈك، ساغلام، تېتىك.

**بەردەۋام** [بردوام] (پ) داۋاملىق، توختاۋسىز.

**بەردۇش** [بردش] (پ) يەلكە، مۈرە، ئۇچا.

**بەررويى خاك** [برروى خاك] (پ) تۇپراقتا، تۇپىدا؛ تۇپراق ئاستىدا:
قالىبىمدىن رۇھ بارىپ ئېردى پاك،
ياتىپ ئۆلۈكلەر كېبى بەررويى خاك.
— ئەھمەدى.

**بەررە** [بره] (پ) 1› پاقلان، قوي؛ 2› كىيىك بالىسى.
كى ئاھۇ بەررە لەھمەسى جانۇەر،
ئىزافە قىلىپ ئاڭا شەھدۇ شەكەر.
— ئا.نىزارى.
3› ئاجىز، دەرمانسىز، كۈچسىز، زەئىپ.

**بەرزەخ** [برزخ] (ئە) 1› ئىككى نەرسىنىڭ ئارىلىقى؛ بوغۇز 2› جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئارىلىقى 3› قورقۇنچلۇق، خەتەرلىك ھالەت.

**بەرزەنگى** [برزنگى] (پ) قاپقارا ئادەم؛ ھەيۋەتلىك.

**بەرزگەر** [برزگر] (پ) دېھقان، يەر تېرىغۇچى، ئۇرۇق چاچقۇچى.

**بەرش** [برش] (پ) ئۈمىد، ئارزۇ.

**بەرغئاب** [برغ آب] (پ) تۇغان، توسما.

(داۋامى كېيىنكىساندا)




源　泉（维吾尔文）总23期　　（پەسىللىك ژۇرنال）　بۇلاق (ئومۇمىي 23 - سان)

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN 65－1063/I
本刊代号：58－108定价：1.25元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋەكالەت نومۇرى: 108－58　باھاسى: 1.25 يۈەن


روضه خلد برین خلوت درویشانست
مایه محتشمی خدمت درویشانست
گنج عزلت که طلسمات عجایب دارد
فتح آن در نظر رحمت درویشانست